

# گۇلستان

(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)



12

# گۇلىستان

(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)

(12)

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


يېنىكا ............................ ۋ. كاندراتىيېۋ (1)

كۆل بويىدىكى ئىشلار ..................گ. خولوپوۋ (61)

ئۇنتىلىش ........................... ي. ۋاسىلىيېۋ (82)

پۇلنىڭ كاساپىتى ....................ي. ئاستىراخانتسېۋ (229)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئ ئادرېسى

# يىپىنكا

## ۋ. كاندراتىيېۋ

**ئاپتور ھەققىدە** ۋ. كاندراتىيېۋ 20 ـ يىللاردا تۇغۇلغان، 1939 ـ يىلى ھەربىي سەپكە كىرگەن، ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسەتكەچكە، "باتۇر" مېدالى ئالغان. 1943 ـ يىلى جەڭدە قاتتىق يارىلىنىپ، كېيىنكى يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇزاققىچە گۈزەل سەنئەت ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى «ساشكا» 1979 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. ئاپتورنىڭ «خاتىرە كۈنى»، «فرونتتىن سالام» قاتارلىق نۇرغۇن پوۋېست، ھېكايىلىرى بار. ئاپتور ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى ياخشى يېزىش بىلەن داڭ چىقارغان. مەشھۇر يازغۇچى سىمونوۋ «ساشكا»غا يۇقىرى باھا بېرىپ، "زامانىمىزدا ھەربىي تۇرمۇش تەسۋىرلەنـ گەن ھېكايىلەر ئىچىدە زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەسەر" دېگەن. ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت پىلانى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ: "ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئاياللارنى، ئايال خەۋەرچىلىرىمىز، سانىتارلىرىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنلەرنى يېزىش ــ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم" دېگەنىدى. تۆۋەندە قىز جەڭچى يىپىنكانىڭ فرونتقا ئۈچ قېتىم بېرىش جەريانى تەسۋىرلەنگەن «يىپىنكا»نى تونۇشتۇردۇق.

ــ كالىيانى خاتىرىلەيمەن

ــ تاماكىڭىز بولسا بىر چېكىم بېرىڭە كاپىتان! ــ دېدى ۋاگونغا ئەمدىلا كىرىپ كەلگەن، ھەربىيچە كىيىنىۋالغان قىز كاپىتان

ئۇشاكوۋغا.

— مانا قاراڭ! — دېدى ئۇشاكوۋنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق شاپ بۇرۇت سولدات تاقەت قىلالماي، — تارتىنماستىن دەۋاتقان گېپىنى بۇنىڭ.

قىزچاق بۇ سولداتنىڭ تەنقىدىگە پەرۋا قىلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي، كاپىتاننىڭ جاۋاب قايتۇرۇشىنى كۈتۈپ قادىلىپ تۇرۇۋالدى. كاپىتان ئۇنچىقماستىن يانچۇقىدىن تاماكا خالتىسى بىلەن قەغەزنى چىقىرىپ ئۇزاتقانىدى، قىز خۇش ياقمىغاندەكلا رەھمەت ئېيتىپ قويۇپ، پىشقان بەڭگىلەردەك تاماكا ئورىغىلى تۇردى ۋە ئوراپ بولغاندىن كېيىن:

— ۋاگوننىڭ كارىدورىغا چىقىپ چېكىپ كىرەيلى، — دېدى ئۇشاكوۋغا قاراپ، خۇددى ئۇشاكوۋ بىللە چىقمىسا بولمايدىغاندەك تەلەپپۇز بىلەن.

— مەيلى ئەمىسە، — دېدى ئۇشاكوۋ دولىسىنى قىسىپ ھىجىيىپ قويۇپ، — بىللە چىقايلى!

تارتىنىشنى بىلمەيدىغان، تەقى - تۇرقىدىن كىشى ئەيمىنىدىغان بۇ قىزنىڭ قىلىقلىرىغا كاپىتاننىڭ زوقى كەلگەنىدى. قىز پاختىلىق پەشمەت ۋە پاختىلىق ئىشتان كىيىۋالغان بولۇپ، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى پۇتىغا يوغان كەلگەن پىيمىنىڭ قونجىغا تىقىۋالغان، بېلىگە بىرزىنت ئوقدان باغلاپ، ئەپتىسەرلەر كىيىدىغان يوغان بىر قۇلاقچىنى چۇمكۈرۈپ كىيىپ، ئىككى قۇلقىنى چىڭ ئېتىۋالغانىدى. ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ چېچىنىڭ قۇلاقچا سىرتىدىن كۆرۈنمىگەنلىكىگە قاراپ، ئۇ چېچىنى تازا قىسقارتىپ قىرقىۋەتكەن ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدى.

بۇ ئىككىيلەن كارىدورغا چىقماقچى بولۇپ مېڭىشىغا، ھېلىقى سولدات ئۆزىچە غودۇڭشىدى:

— قاراڭلارا بۇنىڭ يامانلىقىنى...، كاپىتانىدىن تاماكا سوراشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئېغىز ئېچىشقا زادى پېتىنالماي تۇراتتىم، مانا بۇ قىز چاققان چىقتى.

ۋاگوندا ئولتۇرغانلاردىن بېشىغا ياغلىق چىگىۋالغان بىر ئايال بۇنى ئاڭلاپ، ئاۋازىنى بوشراق چىقىرىپ سۆزگە ئارىلاشتى:

— ئالدىنقى سەپتە بۇنداقلار خېلى - خېلى ئىشلارنى قاملاشتۇرۇۋېتىدۇ، پايدىسى تېگىدىغان ئىشنى ھەرگىز ئۆتكۈزىۋەتمەيدۇ...

بۇ ئايالىنىڭ گەپلىرىنى قىز ئاڭلىدىمۇ ياكى ئاڭلىمىدىمۇ، ئۇشاكوۋ ئاڭقىرالماي قالدى. چۈنكى قىزنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ئالامەت سېزىلمىگەنىدى. ۋاگون كارىدورىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇشاكوۋ يانچۇقىدىن چاقمىقىنى چىقىرىپ يېقىپ بەردى. قىز تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ راسا ھۇزۇرلىنىپ چېكىپ كەتتى.

— مۇشۇنداق بوشراق تاماكا بولسا، ئانچە - مۇنچە چېكىپ قويىغۇلۇق. بىرەر ئاي بولۇپ قالدى، ساپلا موخوركا چېكىدىغان بولۇپ قالدىم.

— تاماكا چېكىشنى باشلىغىنىڭىزغا ئۇزۇن بولدىمۇ؟ — بۇ غەلىتە قىزغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان ئۇشاكوۋ مۇنداقلا سوراپ قويدى.

— ئۇرۇشتىن كېيىن ھەر خىل قايغۇلۇق ئىشلار بولۇپ تۇردى، شۇنىڭدىن بۇيان چېكىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى قىز قول ئىشارىتى بىلەن خىلمۇخىل قايغۇلىرىنى ئىپادىلەپ، — موسكۋاغا بارامسىز؟

— ھەئە، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغىلى كېتىۋاتىمەن.
— نەدە ئىشلەيسىز؟
— ئاپتوموبىل لىيەنىنىڭ كوماندىرى بولىمەن.
— ئۇنداقتا، ئارقا سەپ تەمىنات خادىمى ئىكەنسىز-دە، — دېدى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلەرنىڭ قىلغان ئۇرۇشلار ئانىلارنىڭ بالا ئويناتقىنىغا ئوخشاش بىر ئىش.
— سىز شۇنداق قارايدىكەنسىز-دە؟ بىراق، مەن يارىلانغانىدىم، ھازىر دوختۇرخانىدىن قايتىپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇشاكوۋ قىلچە تېرىكمەستىن راستىنى ئېيتىپ. ئۇشاكوۋ ئاپتوموبىل لىيەنى كوماندىرلىقىنىڭ بەرىبىر پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنىنىڭ كوماندىرلىقىغا ئوخشاشمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. بىراق، ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەربىر كىشى يۇقىرىدىن ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان خىزمەتنىلا ئىشلىشى كېرەك. ئۇنىڭغا مۇشۇ ۋەزىپە تاپشۇرۇلغانىدى.
— مەنمۇ موسكۋاغا بېرىپ بىرقانچە كۈن تۇرۇپ كەلگىلى كېتىۋاتىمەن... كېزىك بولۇپ قالغانىدىم، بىر يېرىم ئايدەك يېتىپ قالدىم، چېچىم پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتتى. مانا قاراڭ، — دېدى ئۇ بېشىدىكى قۇلاقچىسىنى ئېلىپ كۆرسىتىپ، — ئادەمنىڭ قورقۇقۇسى كەلگۈدەك كوزا باش بولۇپ قاپتىمەنمۇ، قانداق؟
قىزنىڭ بۇ تۇرقى كىشىنى جەلپ قىلالىغۇدەك بولمىسىمۇ، ئۇشاكوۋ دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:
— قورققۇدەك نېمىسى بار، چاچ دېگەن يەنە چىقىدۇ، ھېچقىسى يوق...
— چېچىمنىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇستىگە قاراپ تىك ئۆسىدۇ، ئاز دېگەندە يېرىم يىلدا مايسىدەك بولۇشى

www.uyghurkitap.com

مۇمكىن، ئىست! بەك سەت تۇرىدىغان بولدى! ئادەتتىكى پۇقرا بولسامغۇ، ياغلىق سىلىۋالسامىمۇ مەيلى ئىدى. ھەربىينى سەپكە تۇرسام... مەيلى، — دېدى قىز بويىنىنى شىلتىپ، — بۇ دەردكىمۇ چىداپ تۇراي!

— ئەلۋەتتە چىدايسىز، — دېدى ئۇشاكوۋ مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئارمىيىگە قانداق قاتناشقانىدىڭىز؟

ئاياللارغا ئېھتىياج چۈشكەنلىكتىن بۇ قىزنىڭ ئالدىنقى سەپكە بارغانلىقىغا ئۇشاكوۋنىڭ ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمىگەنلىكتىن، مۇشۇ سوئالنى قويىدى. چۈنكى ئۇ ئۇ ئوق يامغۇرى يېغىپ تۇرغان شارائىتتا ھەرقاچان قىزلارنى ئۇچراتقىنىدا ئۇلارغا ھامان ئىچ ئاغرىتاتتى. گەرچە بۇ قىز باشقىلاردىن ئانچە تەپتارتمايدىغان، خېلى قوپال قىز بولسىمۇ، ئۇشاكوۋنىڭ بۇنىڭغىمۇ ئىچى ئاغرىدى.

— ئالدىنقى سەپكە ئىككى قېتىم يوشۇرۇن باردىم، — دېدى قىز، — بىرىنچى قېتىم مۇۋاپىق رەسمىيەت ئارقىلىق — قوراللىق بۆلۈمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن باردىم. ئىككىنچى قېتىم پارتىزانلىق تاكتىكىسىنى قوللىنىپ تۇيدۇرماي باردىم... ئىسىم-فامىلىڭىز نېمە، كاپىتان؟

— مىخائىل ئالېكسېيېۋىچ.

— مېنىڭ ئېتىم يېنىكا، تونۇشۇپ قالايلى! — قىز قاسماق ۋە ئۇرۇق قولىنى سۇندى. ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشقاندىن كېيىنلا، بۇ قولنىڭ ئۇرۇق بولغىنى بىلەن تازا كۈچلۈك قول ئىكەنلىكىنى سەزدى.

— يەنە بىر تال چېكىشۋالساق بولارمۇ؟ — دېدى يېنكا.

ئۇلار ئىككىنچى ئۇرام تاماكىسىنى چېكىشكە باشلىدى...مانا

ئەمدى ئۇلارنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان بايىقى سولداتمۇ كارىدورغا چىقىپ كەلدى. ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ تاماكا سورىشىنى كۈتمەيلا، تاماكا خالتىسىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— ئىنتايىن رەھمەت، يولداش كاپىتان، — دېدى سولدات ئەدەب-ئېھتىرام بىلەن ۋە يېنىكاغا بىر قاراپ قويۇپ، ئۆزىنى تارتقان ھالدا نېرىراق بېرىپ تۇردى.

— ھازىر موسكۋاغا بارغىنىم بىلەن، ئۆيىمىزدە بىرمۇ ئادەم يوق. ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىمۇ مەندە ئەمەس... ئۆي-مۈلۈك باشقارمىسىغا بېرىپ تۆمۈرچىلەردىن بىرنى چاقىرىپ ئىشىكنى ئاچتۇرىدىغان بولدۇم-دە!

— مۇشۇ مەزگىلدە ئۆي-مۈلۈك باشقارمىسىدا تۆمۈرچى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇشاكوۋ.

— شۇنى دەڭا! تۆمۈرچى بولۇشى ناتايىن، بولمىسا، قانداق قىلىشمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن.

مانا ئەمدى قىزنىڭ گېپىدىن گاڭگىراپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى.

— قوشنىڭىزنىڭكىدە ئەركىشى بولۇشى مۇمكىن، — دېدى چەتتە تۇرغان سولدات سۆز قىستۇرۇپ، — ئىشىكنى شۇلار ئېچىپ بېرىدۇ.

— نەدە ئەركىشى بولىدۇ؟ ھەممىسى جەڭگە ئاتلانغان تۇرسا،... مەيلى! بۇنىڭغىمۇ بىر ئامال تېپىلار، قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە قونارمەن، — دېدى يېنىكا قولىنى بولغىتىپ.

دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇشاكوۋ ئوشۇقچە بىر سوئال قويۇپ، بۇ قىزنىڭ ئۆيىنىڭ قايسى كوچىدا ئىكەنلىكىنى سوراپ قالدى. ئەسلىدە بۇنى سوراش ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي ھاجەتسىز ئىدى. ئۇشاكوۋ

www.uyghurkitap.com

قىزنىڭ ئۆيى رىخوۋ رايونىدىكى باغچا كوچىسىدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېقىن يەردە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يولنى ئۆتۈپ كەتكۈچە بىللە بېرىپ ئىشىكىڭىزنى ئېچىپ بېرەي، دېگەنىدى، يېنىكا بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى:

— ھە... ئۇنداقتا سىزگە كۆپ رەھمەت، يولداش كاپىتان! سىز قولۇپ مۇتەخەسسىسمۇ؟

— ياق، — دېدى ئۇشاكوۋ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاچالىشىم مۇمكىن.

— خويمۇ ئوبدان بولىدىغان بولدى، كېيىم-كېچەكلىرىمنى يەڭگۈشلىۋالاي، ماۋۇ ئېغىر پىيمىنى سېلىۋېتەي. ئەمىسە، شۇنداق كېلىشتۇق جۇمۇ؟

— شۇنداق كېلىشتۇق، — ئۇشاكوۋ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى.

بۇ ئىككىيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. يېنىكا دەرھال نەرسە-كېرەك سېلىۋالغان سومكىسىنى ئېچىۋېتىپ سۆزلىدى:

— كېزىكتىن يېڭى قوپقاندىن كېيىن، قورسىقىم ئېچىپلا تۇرىدۇ، بىرنېمە يېگۈم كېلىپ قالدى، ئازراق بولكا يېۋالاي.

ئۇ سومكىسىدىن بىر بولكىنى ئېلىپ زازۋېتچىكلار ئىشلىتىدىغان خەنجەر بىلەن يوغان بىر پارچە كەستى-دە، ئىشتىھا بىلەن يالماپ يېيىشكە باشلىدى.

— سىز جەك رايونىدىكى دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان ئىكەنسىز، قانداق بولۇپ بۇ خەنجەرنى يېنىڭىزدا ساقلىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى سولدات قىزىقسىنىپ.

— نېمە بوپتۇ؟ مەن دېگەن رازۋېتچىك، لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساقلىشىم كېرەك.

— رازۋېتچىك... — دېدى سولدات تازا سوزۇپ، — قىز بالىنىڭ رازۋېتچىك بولغىنىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن!

— ۋاي ئاكا، سىز كۆرمىگەن ئىشلار ساماندەك، — دېدى يېنىكا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ.

ھېلىقى بېشىغا ياغلىق چىگىۋالغان ئايالنىڭ ئوتتۇز ياشلاردىكى ياكى قىرىق ياشلاردىكى ئايال ئىكەنلىكىنى زادى پەملىگىلى بولمايتتى. ئۇ يېنىكاغا يامان كۆزى بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. چۈنكى ئارقا سەپتە قالغان ئاياللار ئالدىنقى سەپتىكى قىزلارنى ئانچە ياقتۇرمايتتى.

يېنىكا بولكىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئەسنەپ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەندى.

— بىردەم ئۇخلىۋالاي، ھە؟ ماغدۇرۇم يوق، ئازراق بىرنېمە يېدىملا ئۇيقۇ باسىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ھېچكىم بىرنېمە دېمىدى. قىز يەنە بىر ئەسنەپ كۆزىنى يۇمدى، گوياكى ئۇ ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولغاندى. ھېلىقى سولدات ئۇشاكوۋنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كېلىپ، پەس ئاۋازدا سۆزلىدى:

— قالتىس قىز ئىكەن بۇ! ئاڭلىدىڭمىزمۇ، رازۋېتچىك ئىكەن تېخى. يالغان ئېيتمىغاندۇ؟

— قالتىس؟ — دېدى ئۇلارنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ھېلىقى ئايال زەردە بىلەن غوتۇلداپ، — بۇلار ئالدىنقى سەپتە ئەرلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلىقلارنى قىلىپ قىلتاققا چۈشۈرىدۇ... بىزنىڭ

بۇ يەردە ئىشلەپ ھالىمىز قالمايدۇ. لېكىن بۇلار لەڭ يەپ، ئەرلە-رىمىزنىڭ قويىندا ياتىدۇ. جۇۋاينىمەك كەتسۇن ئىلاھىم!

— جىم تۇرۇڭ! — دېدى ئۇشاكوۋ ئاۋازىنى پەسرەك چىقىرىپ، لېكىن قەتئىي ھالدا ئۇنى توسماقچى بولۇپ.

— نېمىشقا جىم تۇرىدىكەنمەن؟ سىلەر — ئەرلەر ئەلۋەتتە بۇلارغا يان باسسىلەر، چۈنكى بۇلار ئىچ پۇشۇقىڭلارنى چىقىرىپ قويىدۇ. بىر دوستۇم بار ئىدى، ئۇنىڭ ئېرىنى مۇشۇنداق خوتۇن-لاردىن بىرى ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ، خەت يېزىپ دوستۇمنىڭ خېتىنى بېرىۋەتتى. قاراڭە، بۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

بۇ ئايال جىم تۇرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇشاكوۋنىڭ بۇ ئايالغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ قاملاشمىغان گەپلىرىنى يېنىكا ئاڭلاپ قالسا چاتاق چىقمىسۇن، دېگەن ئوي بىلەن ھېلىقى سولداتنى كارىدورغا چىقىپ تاماكا چېكىش-كە ئۈندىگەنىدى، تاماكىسىنى چېكىپ بولغان بۇ بەڭگى سولدات بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

— دەرۋەقە، بۇ ئايالنىڭ كۆڭلى چۈشىنىشلىك، — دېدى سولدات كارىدورغا چىققاندىن كېيىن، — ئۇرۇشنىڭ دەرد-ئەلەمدىن بۇلار ھالىدىن كەتتى، كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتتى. قېرى ياكى ياشلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. دېمىسىمۇ، بەزىبىر قىزلار ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيدۇ. ئىش مانا شۇنداق ئوچۇق-ئاشكارا تۇرسا، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولامتى؟...

— دەم ئېلىشقا بارامسىز؟

— شۇنداق، يارىلانغانلىقىم ئۈچۈن يېرىم يىللىق دەم ئېلىش

بەردى. دەم ئېلىش ۋاقتىم توشقانىدىن كېيىن، قايتا تەكشۈرۈش كومىتېتى قارار قىلماقچى. ئۇرۇشنىمۇ قىلىپ بولغان ئوخشايمەن، بومبا پارچىسى تېگىپ ئۆپكەم تېشىلىپ كېتىپتۇ. ملتىق ئوقى تەگكەن بولسىمۇ مەيلى ئىدى.

ئۇلار بىر دەم جىم تۇرۇشتى. سولدات ئىككىنچى ئۇرۇش مەيدانى ئۈستىدە سۆز ئاچتى. 1944-يىل ئۆتتۇپ كېتىش بىلەنلا مەيلى ئالدىنقى سەپتە بولسۇن، ياكى ئارقا سەپتە بولسۇن، ھەممىلا يەرنى مۇنداق بىر جامائەت پىكرى قاپلاپ كەتكەندى: ئامېرىكىلىقلار قاچانمۇ ئەستايىدىل ئۇرۇش قىلار؟ ۋاقتى بولۇپ قالدى! دائىم گۆش كونسېرۋاسى بىلەن تۇخۇم پاراشوكى يەپ ئۆتكىلى بولمايدۇ-دە. ئۇرۇشنىڭ كۆپ قىسمىدا بىز غەلىبە قىلدۇق، بىراق گىتلېر قاراقچىلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن قۇربانلار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى ئۇرۇش مەيدانى ئېچىلىدىغان بولسا، غالىبىيەت تېخىمۇ تېزلىشەتتى.

ئىككىيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا قاراپ مېڭىشقانىدى، يېنىكانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى:

— ئاغزىڭنى يۇم دەيمەن، بۇزۇق! بىزنى يەنە شۇنداق دەپ باقە قېنى!

— ھوي، مەن بۇزۇقمۇ؟! مەنچە، ئۆز نېسىۋەمگە قانائەت قىلىدىغان ئايال! ئۇقتۇڭمۇ؟ باللىرىمنىڭ دادىسى ئۆيدە ئەمەس، ئۈچ باللىنى ئۆزەم بېقىۋاتىمەن. سەنلەر بولساڭ ئالدىنقى سەپتە ئەرلىرىمىز بىلەن يېتىشىسەن!

— ھەي، ھوشۇڭنى تېپىپ، ئاغزىڭنى يۇم دەيمەن! بىزنىڭ ئالدىنقى سەپتە كۆرگەنلىرىمىزنى يۈز يىلدىمۇ كۆرەلمەيسەن!

— سەنلەرگە تەڭ كەلگىلى بولامدۇ؟! ئۆز ئېرىمدىن باشقا ھېچ كىشىگە قاراپ باقمىدىم. سەن پۈتۈن بىر لىيەننىڭ ھاجىتىدىن چىقىدىغانسەن!

— نېمە، نېمە؟! — يېنكا ئاچچىقىدا ۋارقىرىۋەتتى.

بۇنى ئاڭلىغان ئۇشاكوۋ بىلەن سولدات ئالمان-تالمان يېتىپ كېلىشتى.

— نېمە ئىش بۇ؟ ئايال يولداش، — دېدى سولدات ۋاگونغا ئېتىلىپ كىرگەن پېتى ئۆزىنىڭ بەستلىك گەۋدىسى بىلەن بۇ ئىككىيلەننى ئاجرىتىپ. ئۇ دەل ۋاقتىدا كەلگەندى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — دېدى ئايال چىرقىراق ئاۋاز بىلەن، — مېنى تېخى ئېتىۋېتىمەن دەيدا بۇ توخۇپوقى، باللىرىم بار جۇمۇ مېنىڭ!

ئۇشاكوۋ يېنكانىڭ بىر ئاپتوماتىك قارا تاپانچىنى ھېلىقى ئايالغا تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كەلگەن پېتى ئۇنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتتى-دە، بارماقلىرىنى ئاۋايلاپ قايرىپ تۇرۇپ تاپانچىنى ئېلىۋالدى ۋە سالماقلىق بىلەن يېنكانىڭ ئاسما سومكىسىنىمۇ يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ، بۇيرۇق بەردى:

— قەدەملەپ ماڭ! مەن بىلەن يۈر!

غەزەپتىن تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتكەن يېنكا بىرنېمە دېيەلمەي ئورنىدىن تۇردى-دە، خۇددى تاياق يېگەن كۈچۈكتەك شۈمشەيگەن پېتى ئۇشاكوۋغا ئەگىشىپ ۋاگوندىن چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھېلىقى سولدات كارىدورغا يېتىپ كەلدى:

— يولداش كاپىتان، تاپانچا تەڭلىگەنلىك توغرىسىدا سىز ئانچە غەم قىلماڭ، مەن بېرىپ ئاۋۇ ئايالغا چۈشەندۈرەي... ئۇ

كەچۇرۇشى مۇمكىن. بۇ قىزمۇ ئۇرۇش ئازابىدىن مۇشۇنـداق بولۇپ قالغان ـ دە!

ــ رەھمەت سىزگە، يولداش! بىرـىپ ئۇ ئايالـغا چۇشەندۇرۇپ كۆرۈڭ. ئەگەر ئۇ تاپانچا مەسىلـىسى توغرىـسىدا ئەرز قىلـدىغان بولسا، تازا كۆڭۈلسىز ئىش كېلىپ چىقىدۇ!

ــ خاتىرجەم بولۇڭ! ئۇنى كۆندۇرـىمەن، ــ دېـدى سولدات ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ۋاگونغا كىرىپ كەتتى.

ئۇشاكوۋ قىسـتا ـ قىستاڭ بىرقانچە ۋاگوندىن ئۆتۈپ، ئىككى بوش ئورۇننى تېپىپ يېنىكانى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، دېدى:

ــ پاھ، ئاچچىقىڭىز خېلى بار ئىكەن.

بۇ گەپ يېنىكاغا زادى خۇش ياقمىغاچقا، لام ـ جىم دېمەسـتىن، ئۇشاكوۋغا كۆزـىنىڭ قۇيرۇقىدا بىر قاراپ قويـدى. بۇلار ئالاھەزەل قىرىق مىنۇتـتەك جىـم ئولـتۇرۇشـتى. سولـدات بۇلارنى ئىـزدەپ كېلىپ، ھېلىقى ئايالنى گەپكە كۆندۇرگەنلىكىنى، باشقا ئىش بولماي-دىغانلىقـىنى، ئۇ ئايالـىنىڭ موسكـۋاغا بېرىشـتىن بۇرۇن پويىزدىـن چۇشۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇ پويىزدىن چۇشۇپ كەتـكەنـدىن كېيىـن كاپىتان بىلەن قىزنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرسا بولىدىغانلىـقىنى ئېيتتى. يېنىكا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، گوياكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۆزى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسىزدەك قىلـچە پەرۋا قىلماستىن ئولتۇراتتى. بۇنىسى سولداتنىڭ جېنىغا تەگدى. ئۇ يېنىكامۇ ئاڭلىيالىغۇدەك تاۋۇشتا ئۇشاكوۋغا دېدى:

ــ يولداش كاپىتان، تاپانچىـسىنى ھەرگىـز قايـتۇرۇپ بەرمەڭ! ئادەمنى ئۆلتۇرەلمىسىمۇ، ياردار قىلىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ...

ــ قايـتۇرۇپ بەرمەيـمەن ئەمدى، ــ دېـدى ئۇشاكوۋ ئۇنىـڭغا

جاۋابەن.

ــ قايتۇرۇپ بەرمەي ھەددىڭىز ئەمەس، يولداش كاپىتان! ــ دېدى يېڭىكا زەردە بىلەن، ــ ئۇ ئالىيۇشانىڭ ماڭا قىلغان سوۋغىتى، بىلىۋاتامسىز؟ تولا چاتاق چىقىرىپ مەن بىلەن ئېيتىشماي، بېرىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ يۇرۇڭ!

بۇ ئەھۋالدىن گاڭگىراپ قالغان سولدات بېشىنى چايقاپ غودۇڭشىدى:

ــ بەللى، ئەجەبمۇ يامان قىز ئىكەنا بۇ!

ــ بېرىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ دېدىمغۇ، سىز بولمىسىڭىزمۇ كاپىتان بىلەن ئۆزەم سۆزلىشىۋېرىمەن. ھەممىسىنىڭلا ماڭا تەربىيە بەرگۈسى كېپقاپتۇغۇ...

ئەمدى ئۇشاكوۋنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يېنىكاغا بۇيرۇق قىلدى:

ــ تۇر ئورنۇڭدىن!

يېنىكا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى چەپراس قىلىپ مۇرىسىنى تۇتقان پېتى تىك تۇردى.

ــ بۇ پېشقەدەم يولداشتىن دەرھال ئەپۇ سوراڭ! ــ دېدى ئۇشاكوۋ ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ.

ــ ھەي، بولدى، قويۇڭ، مەن كېتەي، ــ دېدى شاپ بۇرۇت سولدات، ــ بۇ قىزنىڭمۇ چىشىغا تېگىپ قويدى، ئېھتىمال...

ــ دەرھال ئەپۇ سوراڭ! ــ دېدى ئۇشاكوۋ ياندۇرمىلاپ.

ــ ماڭا نېمە ئۈنچىۋالا كاركىرايسىز؟ مەن سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكى ئادەم ئەمەس! ــ يېنىكا ئولتۇرۇۋالماقچى بولغانىدى، ئۇشاكوۋ يەنە ۋارقىرىدى:

— ئولتۇرۇشىڭىزغا رۇخسەت قىلغىنىم يوق تېخى!

يېنىكا تىك تۇردى، لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى. مېيىقىدا سوغۇققىنا بىر كۈلۈپ قويۇپ، ئىككىلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، زادىلا خۇش ياقمىغان ھالەتتە دېدى:

— كەچۈرۈڭ پېشقەدەم يولداش... ھەقىقەتەن ئاچچىقلىنىپ قالدىم.

— بۇنىسى چۈشىنىشلىك، قىزچاق، سىز روھىي جەھەتتىن ئازابلاندىڭىز. بۇنىڭمۇ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق، بىز ئەرلەرمۇ بەزىدە...

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇشاكوۋ بۇيرۇق قىلىپ، ئۆزىمۇ ئورنىدا ئولتۇردى.

يېنىكا ئولتۇردى. سولدات كارىدوردا بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن، قول ئىشارىتى قىلىپ:

— بولدۇ ئەمىسە، مەن كەتتىم، سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن، — دېدى.

— سىزگىمۇ ئاق يول تىلەيمەن، — دېدى ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ. سولدات يۈرۈپ كەتتى.

يېنىكا بولسا ئاچچىقىدا پوكاندەك قىزىرىپ ئۆپكىدەپ ۋاگوننىڭ پەنجىرىسىگە قارىۋالغانىدى. ئۇشاكوۋ ئۆپكىسىنى بىرئاز بېسىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ بىرئاز ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى سەزدى، بۇ بەختسىز قىزنىڭ روھىي جەھەتتىن ئېغىر زەخمىلەنگەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرسا، شۇنچىۋالا ھۆرت - پۆرت قىلىپ نېمە قىلاتتىما، دېگەن خىيالغا كېلىپ، پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— يېنىكا، قېيىدىماڭ! ئۆزىڭىز كەتكۈزۈپ قويدىڭىز.

— باشقىلارنىڭ ماڭا ۋارقىراپ - جارقىرىشىغا چىداپ تۇرالمايمەن،

www.uyghurkitap.com

بىلۋاتامسىز؟ سىزگە ئوخشاش باشقىلارغا ھۆرمەت-پۆرت قىلىپ بۇيرۇقۋازلىق قىلىدىغانلارنى ياقتۇرمايمەن!

— مەن ھەرگىز ئۇنداق كىشىلەردىن ئەمەس، يېنىكا. يولسىزلىق قىلدىڭىز، بۇنداق قىلىشقا مەن يول قويمايمەن، — دېدى ئۇشاكوۋ مۇلايىملىق بىلەن، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — كېلىشىپ قالايلى!

— ئېلىۋالغان نېمىسنى قايتۇرۇپ بېرىڭ! بىز دېڭىزدا ئۈزگەن قېيىققا ئوخشايمىز، ھەركىم ئۆز يولىغا ماڭسۇن! سىزگە قارىغۇمۇ كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپلا بويىنىنى تولغاپ ۋاگوننىڭ پەنجىرىسىگە قارىۋالدى قىز.

— ياق، ئۇنى ھازىر بەرمەيمەن، ئىشىكىڭىزنىڭ تۈۋىگە بارغاندا بېرىمەن.

— سىزنى تېخى خېلى تۈزۈك ئادەم ئوخشايدۇ، دەپتىكەنمەن... — دېدى قىز ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ھەربىر گەپنى سوزۇپ-سوزۇپ قىلىپ، ئاندىن يەنە پەنجىرىگە قارىۋالدى.

پويىز موسكۋاغا يېتىپ كەلگۈچە بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە زادى گەپ قىلىشمىدى. پويىز كەچقۇرۇن يېتىپ كەلگەنىدى. ئاي قاراڭغۇسى، جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرتماقتا. يېنىكا تاپانچىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى يەنە بىر ئىلتىماس قىلغانىدى، ئۇشاكوۋ رەت قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن يېنىكا قاتتىق غەزەپلىنىپ: بىللە مېڭىشىڭىزغا رۇخسەت يوق، سىز بولمىسىڭىزمۇ كېتىۋېرىمەن، دېگەنىگە ئوخشاش بىرمۇنچە يولسىز گەپلەرنى قىلىپ، ئۇشاكوۋنىڭ قولىدىن ئۆزىنىڭ ئاسما سومكىسىنى شارتتىدە تارتىۋالدى-دە، يۈگۈرگەندەك كېتىپ قالدى.

ئۇشاكوۋ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، كاپ قىلىپ بىلىكىدىن

چىك تۇتتى.

— بىغەرەزلىك قىلماڭ يىنكا، ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويۇپ، تاپانچىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، ئاندىن خاتىرجەم بولىسىز!

يىنكا قولىنى ئاجرىتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەرمىدى. ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ بىلىكىدىن گوياكى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

قىزنىڭ ئاچچىقىمۇ يانغاندەك قىلاتتى، ئىككىيلەن ئۇدۇل مېڭىپ قىزىل دەرۋازىغا بېرىپ تىراللىبوس بولامدۇ ياكى ئاپتوبۇز بولامدۇ، شۇنىڭغا چۈشمەكچى بولۇشتى.

ئۇشاكوۋ موسكۋا كوچىسىدا ھاياجان ئىلكىدە كېتىۋاتاتتى. شەھەرنىڭ قىياپىتى ئۇ 1941-يىلى سېنتەبىردە بۇ يەردىن ئايرىلىپ كەتكەن چاغدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاشمايتتى. ئۇ چاغدا شەھەردە چىراغ ۋە ئوت يېقىشقا چەك قويۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ھەممىلا يەرنى ھەربىي قىسىملار قاپلاپ كەتكەن، كوچىلار ئىستىھكاملار بىلەن تولغانىدى. كوچا-بازارلار چۆلدەرەپ قالغان، ئاھالىلار ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى كوچا چىراغلىرى چاراقلاپ يېقىلىپ كېتىپتۇ، كوچىدا ئادەملەرمۇ شۇنداق كۆپ. ئىككىيلەن ماشا-ماشا بېكەتكە كېلىپ، ئادەم قىم-قىم تىراللىبوسقا مىڭ تەسلىكتە چىقىشتى. تىراللىبوس نۆۋەتتىكى بېكەتكە قاراپ ماڭماقتا، يولۇچىلار قىستىلىشىپ ئاران تۇرماقتا. يىنكانىڭ چىرايىدا ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىگە خۇشال بولغىنىنى بىلدۈرگۈدەك ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈنمەيتتى. ئۇشاكوۋ تىراللىبوستىكى قىستا-قىستاڭچىلىقىمۇ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋاتقاندۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدى. بىرەرسى قىستىلىپ تېگىپ كەتسە، يىنكانىڭ چىرايى ئۆڭەتتى.

يېڭكانىڭ ئۆيى تاشيول ئىنستىتۇتىغا يېقىن ئىدى. ئۇرۇشتىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۇشاكوۋ مۇشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. يېڭكانىڭ ئۆيى بەش قەۋەتلىك بىر بىنادا ئىدى. ئېھتىمال بۇ بىنا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، بىنانىڭ يوغان ئىشىكى بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق نەقىشلەر چىقىرىلغانىدى. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھەيكىلى ئويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋارتانىڭ ئوبرازىمۇ بار ئىدى. ئىككىيلەن پەلەمپەينى بىر ـ بىرلەپ بېسىپ تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىپ، يېڭكانىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى، مانا ئەمدى يېڭكانىڭ چىرايىدىن ھاياجانلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ توختاپ تۇرۇڭ، كۇنۇپكىنى يەنە بىرئازدىن كېيىن بېسىپ باقايلى.. قانداقلىكى بولسۇن، ئۆيگە كەلمىگىنىمگە ئىككى يىل بولۇپ قالدى.

ــ ئۆيىڭىزدە نېمىشقا ئادەم يوق؟ ئاتا ـ ئانىڭىز باشقا جايغا چېكىندۈرۈلگەنمۇ؟

ــ ياق...مەن ھاممامنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان، ئۇنىڭ ئېرى ئىنژېنېر بولۇپ، ريازاندىكى بىنا قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىدا ئىشلەيتتى... بولدى، كۇنۇپكىنى بېسىپ بېقىڭا!

ئۇشاكوۋ كۇنۇپكىنى بىرقانچە قېتىم باسقان بولسىمۇ، ھېچقانداق تىۋۇش چىقمىدى.

ــ تازا چاتاق بولدى ـ دە، بىر كەمپىر قوشنىمىز بار ئىدى، بىرەر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، ياكى باشقىلارنى يوقلاپ چىقىپ كەتتىمىكىن؟ باشقىلارنىڭكىگە چىقىپ مېھمان بولۇشقا ئامراق خوتۇن ئىدى.

ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ ئىشىكنىمۇ قېقىپ بېقىۋىدى، ئۆيىنىڭ ئىچىدىن

ئوخشاشلا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ئۇشاكوۋ.

— مەنمۇ بىلەلمەي قالدىم، — دېدى يېنىكا قۇلىقىنى تاتىلاپ.

— ئۇنداقتا، مېنىڭكىگە كېتىشكە توغرا كەلدى.

— ئۆيىڭىز يىراقمۇ؟

— بوۋىدۇمكا كوچىسىدا، دۇرووۋ دوقمۇشىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇ يەرنى بىلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە... — دېدى يېنىكا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىۋال-غاندىن كېيىن، — بولىدۇ، باشقا ئامال يوق، يۈرۈڭ ئەمىسە!

ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ قىممەت باھالىقماللار ماگازىنىغا كىردى. ئۇشاكوۋ بىرئاز چاي، شېكەر، ئېرىس قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالدى، يېنىكا باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن، دەپ ھاراق سېتى-ۋالمىدى. ئۇلار چوڭ يولنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ باغچا كوچىسى بىلەن مېڭىپ، «خەلق ۋەكىللى» يولىنى بويلاپ ئۇدۇل يېكاتېرىنا باغچىسىغا يېتىپ كەلدى. مانا ئەمدى بۇ يەردىن ئۇشاكوۋنىڭ تۇرىدىغان جايى — بۇرۇنقى سەپەرچىلەر سارىيىغا بىرنەچچە قەدەملا قالغانىدى. ئۇشاكوۋ بۇ بىنانىڭ ئۇزۇن كارىدورىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى كىچىك بىر ھۇجرىدا تۇراتتى. بۇ بىنا ئانچە كۆركەم ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ يېنىكا تۇرىدىغان بىناغا قارىغاندا ئالاھىدە پەرقلىنەتتى.

يېنىكا بۇ قاراڭغۇ كارىدوردا قىلچە ئەيمەنمەستىن مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇشاكوۋ ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇلۇپنى ئاچماقچى بولۇۋاتقاندا سۆز ئاچتى:

— تاپانچىنى بېرىۋېتىڭ، بولمىسا ئۆيىڭىزگە كىرمەيمەن.

— سىزگە نېمە بولدى؟ ياخشى-يامانىنى ئايرىيالمايدىكەن-

www.uyghurkitap.com

سىزغۇ؟ ــ دېــدى ئۇشاكوۋ يانچۇقــدىن يېنىــكانىڭ تاپانــچىــسىنى چىقىرىپ، ــ مەڭ! چىڭ تۇتۇڭ!

ــ ھە، مانا ئەمدى ياخشى بولدى، ــ دېدى يېنىكا ۋە تاپانچىنى ئېلىپلا يانچۇقىغا سالــدى، ــ ئومۇمەن ئالــغاندا، ياخــشى ـ يامانــنى پەرق ئېتەلەيمەن. بىراق، سىلەر ــ ئەرلەرنى بىلىپ بولمايدۇ...

ئۇشاكوۋ ئىشكنى ئاچــتى. ئۇلار كىچىكــكىنە بىر ئېــغىز قاراڭــغۇ ھۇجرىغا كىرىشتى. ئۆينىڭ ئىچى رەتلىك بولۇپ، ئۆي ئىگــىسىنىڭ چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن خېلى ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىر قۇر رەتلەپ قويغانلىقى، لېكىن ئۇستەل ۋە كىتاب جازىلىرىنى توپا بېسىپ كەتكەنــلىكىگە قارىغاندا، خېلى ئۇزۇندىن بۇيان بۇ ئۆيگە ئادەم كىرمىگەنــلىكى بىلىنىــپ تۇراتــتى. ئۇشاكوۋ يېنىــكاغا يۇز يۇيۇدىــغان يەرنى ئېيتىپ بېرىپ، چەينەكنى ئېلىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

يېرىم سائەتتەك ۋاقــىت ئۆتكەنــدىن كېيىــن، ئۇشاكوۋ يېنىكانى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

ــ ئۆيىڭىزدە ئايالار بېشــىغا سالغۇدەك بىرەر ياغــلىقمۇ يوقما؟ بېشىمغا چىگىۋالاي دېگەنىدىم، ــ دەپ سورىدى يېنىكا. ئۇ بېشىدىكى قۇلاقچىــسىنى تېخىچە ئالمىغانىدى.

ــ ئۇرۇشتىن بۇرۇن ئىشلەتكەن بىر شارپام بار ئىدى، بولارمىكىن تاڭ؟ ــ دېدى ئۇشاكوۋ ۋە دەرھال كىيىم ئىشكابىــنىڭ تارتىمىسىدىن بىر كۆلرەڭ شارپىنى ئالدى. قانداق نەرسىنىڭ قايەردە قويۇلغانلىقى ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

يېنىكا ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ بېشىغا شارپىنى ئورىغانىدى، خۇددى سەلللىك ئاخۇنۇملارغا ئوخشاپ قالدى. مانا ئەمدى ئۇنى ئاددىي بىر قىزدىن پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە ئايلاندى دېگىلى بولمىسمۇ، ئۇنىڭ

ئوغۇل بالىلارغا ئوخشاپ قالغان تەقى-تۇرقى بىرئاز قىز شەكلىنى ئالدى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قىز سىياقى كىردى. يېنىكا ئۆزىنىڭ بۇ تۇرقىدىن خېلى مەمنۇن بولدى بولغاي، ئۇستەلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— مانا ئەمدى ئادەم سىياقىغا كىرگەندىمەن، — دېدى.

ئۇشاكوۋ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ كىشىلەرنى ماختاپ ئۇچۇرۇشنى بىلمەيتتى، ياسىما قىلىقلارنىمۇ ياقتۇرمايتتى. يېنىكا ئۇنىڭ ئانچەمۇنچە قۇلاققا ياقىدىغان پاراڭلارنى سېلىشىنى كۈتكەن بولۇشى كېرەك. ئۇشاكوۋ ئۇنداق پاراڭلارنى قىلالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ قوشۇمىسى سەل-پەل تۈرۈلدىيۇ، لام-جىم دېمەستىن تاماق يېيىشكە باشلىدى. ئۇشاكوۋ بولسا چاينى قېنىق دەملەپ ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى، ئالدىنقى سەپتە بۇنداق چاي ئىچىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئۇ يېرىم بولاق چاينىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك چەينەككە سېلىپ دەملەپ، توختىماي چاي ئىچىپ، بولكىغا ئېرىس سۈركەپ يەۋاتقان يېنىكاغا ئارىلاپ-ئارىلاپ قاراپ قوياتتى. يېنىكا قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ، بىر تال تاماكا سورىدى. ئۇشاكوۋ ھېلىقى ماگازىنىدىن بىر قاپ «ئاق دېڭىز»ماركىلىق سىگار سېتىۋالغانىدى. شۇڭا بۇلار موخۇركا يۆگەشتىن ئارام تېپىپ قېلىشتى. يېنىكا تاماكىنى رەسمىي بەگلەردەك بولۇشىغا شوراپ، تازا ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇنىڭ تاماكا چېكىشتىكى قىلىقى بەكمۇ سەت بولۇپ، گوياكى ئاكوپلاردا ئۈچ-تۆت جەڭچى بىر تال تاماكىنى قاتارىسىغا چېكىپ، ھەربىر كىشى كېيىنكىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان چاغدا كۆپرەك چېكىۋېلىش ئۈچۈن ئارقا-ئارقىدىن شورىغاندەك ئۈزۈلدۈرمەي، تولدۇرۇپ-تولدۇرۇپ شورايتتى. يېنىكا تاماكا-

سىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ يان ـ بۇ يان مېڭىپ، ئۆيي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. لېكىن ئۆيى ئالاھىدە قىزىقتۇرغۇدەك نەرسە يوق ئىدى. ئاخىرى كىتاب جازىسىدا تىزىقلىق كىتابلارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئىنقىلابتىن بۇرۇن نەشىر قىلىنغان مېيىن رىدنىڭ① كىتابلىرىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ كىتابتىن بىرنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى...

— مېيىن رىدنىڭ ئەسەرلىرىدىن قايسىسىغا بەك قىزىققىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ «ئاق تەنلىكلەر داھىسى»غا بەك قىزىقىمەن. ھېكايە دەپ شۇنى دېسە بولىدۇ. سىزدە بارمۇ؟

— يوق.

— ئىست، يەنە بىر قېتىم ئوقۇۋالسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى! بۇنىڭغا ئاليوشامۇ بەك قىزىقىدۇ.

— نەچچىگە كىردىڭىز يېنىكا؟

— چوڭ بولۇپ كەتتىم، ئون توققۇزغا كىرەي دەپ قالدىم.

— مېيىن رىدنىڭ ھېكايىسىنى ئون توققۇز ياشتا ئوقۇش بىرئاز چوڭلۇق قىلىدۇ، — دېدى ئۇشاكوۋ، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى، — راستىڭىزنى ئېيتىڭا، سىز راستىلا رازۋېتچىكلار پەيدا جەڭ قىلغانمۇ؟

— راست، ئاليوشا پەيجاڭ ئىدى، مەن جەڭچى ئىدىم. دەسلەپتە

① مېيىن رىد (1818 — 1883 ـ يىللار) ئەنگلىيە يازغۇچىسى بولۇپ، ۋەقەلىكى قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى يازاتتى. ئۇنىڭ «ئاق تەنلىكلەر داھىسى»، «كاللىسى يوق چەۋاندازلار» نامىلىق ھېكايىلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.



www.uyghurkitap.com

ئالیۇشا مېنی رازۋېتقا بىللە ئېلىپ چىقمىدی. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن تازا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالغانىدىم، كېيىن قوغداش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرىدىغان بولدی. لېكىن نېمىسلار بىلەن ئېلىشىدىغان ئىشلار چىققاندا، بۇ دېگەن قىزلار قىلىدىغان ئىش ئەمەس، دەپ زادی بارغۇزماي قويدی.

— دەرۋەقە، قىزلار قىلىدىغان ئىش ئەمەس...

— مېنىڭ ئالیۇشالار كەتكەن يەرگە قانداق بارغانلىقىمنى بىلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە بىلمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، ۋاقتىمۇ بار ئىكەن، سۆزلەپ بېرەي، ئاڭلاپ قېلىڭ...مانا ئەمدی ئۇنىڭ قايسى دالا ئۇرۇشی دوختۇرخانىسىدا ياتقانلىقىنى ئۇقۇشۇپ كۆرمەكچىمەن. ئۇلار دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بەش كۈنگىچە دېرىكىنی ئالالمىدۇق. كىشىلەر ئۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشتی. مەنلا ئىشەنچەمنی يوقاتمىدىم... ئۇلارنىڭ تۇرغان يېری بىز بار يەردىن قىرىق نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدی. ئاخىری ئۆزىمىزنىڭ قوشۇنىنی تېپىپ قايتىپ كېلىپتۇ. ئالیۇشا ئېغىر يارىلانغانىكەن، يولداشلار يۈدۈپ ئېلىپ كەپتۇ. كەلگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال سانىتارلار يىڭىغا ئەۋەتىلدی. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يارىلانغان بولۇپ، پەقەپ بىرىلا ساق قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى تولۇق سۆزلەپ بەردی. بۇنی ئاڭلاپ دەرھال ئۇلار بار يەرگە مېڭىپ باردىم. لېكىن ئالیۇشانی ئارقا سەپتىكی مەلۇم بىر دالا ئۇرۇشی دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كەتكەنىكەن، كونكرېت قايسى دوختۇرخانىغا ئېكەتىلگەنلىكىنی ئۇقالماي، ئۆز جايىمىزغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ خېتىنى كۈتتۈم، خېلىغىچە

كۆتۈپ تۇردۇم، ئاخىرى نەس بېسىپ كېزىك بولۇپ قالدىم. قىسمىغا قايتىپ كېلىۋېتىپ ئاخشىمى يېزىدا قونغانىدىم، شۇ يەردە يۇققان ئوخشايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزەممۇ بالنىسقا كىرىپ قالدىم. ئەنە ئالىيۇشانىڭ ھامىسىنىڭكىگە بېرىپ باقاي، شۇنىڭدىن بىرەر خەۋەر ئۇقۇشۇم مۇمكىن. ئالىيۇشا موسكۋالىق ئەمەس. ئىككىمىز 39-يىلى تونۇشقان. شۇ چاغدا ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىمتىھان بەرگىلى كەلگەنىكەن... — يېنىكا بىرپەس جىمىپ قالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتتى، لېكىن ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتەر-ئۆتمەيلا ھەربىي سەپكە قاتناشتى... ئالىيۇشا ئىن-تايىن ئەقىللىق، ھەممە جەھەتتىن بولدۇ...

ئۇشاكوۋ «ئاق تەنلىكلەر داھىسى»نى ئەسلەپ، ئۆزىنى توختىتال-ماي كۈلۈۋەتتى. لېكىن يېنىكا ئۇنىڭ نېمىشقا كۈلگەنلىكىنى سېزىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— توختاڭ، كۈلمەي تۇرۇڭ، ئۇ مېنى كىچىك چاغلاپ مېيىن رىدنىڭ كىتابىنى ئوقۇ، دەپ بەردى. ئۆزى بولسا ئەسقاتىدىغان بىرمۇنچە كىتابلارنى ئوقۇدى. ئۇ ئون ئۈچ ياش ۋاقتىدا «ئاق تەنلىك-لەر داھىسى» دېگەن ئەسەرگە قىزىققانىكەن، ئۇ موسكۋاغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتىم، شۇڭا بەك ئەقىللىق بولۇپ كەتكەن. بىلۋاتامسىز؟ ئۇرۇش پارتلاشتىن ئىلگىرى ئىككىمىز دائىم خەت يېزىشىپ تۇراتتۇق. مېنىڭ ئۇنىڭدىن قانچىلىك سالام خەت تاپشۇرۇۋالغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ بىرەر مىڭ پارچىدىن ئېشىپ كەتكەندۇ! يەنە كېلىپ بەكمۇ قاملاشتۇرۇپ ياخشى يازاتتى! باش قىسمىدىلا دائىم ھېلىقىدەك...

— باش قىسمىدا نېمە دەيتتى؟

— "قەدىرلىك، ئوماق سىڭلىم" دەپ يازاتتى... قانداقمۇ ئۇنىڭ سىڭلىسى بولاي؟ يۇمغاقسۇتنىڭ ئۇرۇقىدەك تۇغقانچىلىقىمىز بار ئوخشايدۇ، بەلكى بىر نەۋرىنىڭ باللىرى بولىشىمىز مۇمكىن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يىراقراق بولۇشىمىز مۇمكىن... — يېنىكا ئۇزۇن بىر ئۇھ تارتىۋىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەتە ئەتىگەندە ئۇنىڭ ھامىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقاي، ئۇ ئىشقا كېتىشتىن بۇرۇن بېرىشىم كېرەك. مېنى ئويغىتىپ قويامسىز؟ بولمىسا، بىر كېچە-كۈندۈز ئۇخلىسامۇ ئويغانماي ئۇخلاپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن.

— ئەلۋەتتە ئويغىتىپ قويىمەن.

يېنىكا ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئۆيىنىڭ ئىچىدە مېڭىپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراشقا باشلىدى.

— ئۆيىڭىز كىچىك ئىكەن، سىزنى قىستاپ قويىدىغان بولدۇم... پولدىلا ياتاي!

— ياق، پولدا مەن ياتىمەن، — دېدى ئۇشاكوۋ، ئاندىن: — سىزنىڭ بۇنچىلىك تۇزۇت قىلىدىغانلىقىڭىزنى پەملىمەپتىكەنمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— راستمۇ؟ — دېدى يېنىكا ھەيران قالغاندەك.

ئۇشاكوۋ كارىۋاتقا ئورۇن سالدى، ئاندىن ئۆزى ئۇچۇن پولغا ئورۇن سېلىپ قويغاندىن كېيىن، يېنىكانى يېشىنىپ يېتىۋالسۇن دەپ، ئۆيدىن كارىدورغا چىقىپ تاماكا چەكتى. ئۇشاكوۋ ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە يېنىكا يوتقانغا كىرىپ بېشىدىن باشقا يېرىنى چىڭ يۆگەپ يېتىۋالغانىدى.

— تاپانچىنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا قويغانسىز؟ — ئۇشاكوۋ ھېجىيىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ۋاي، گەپ يوق... يولداش كاپىتان، تاماكىڭىزدىن بىر تال بېرىڭە!

ئۇشاكوۋ تاماكا بىلەن سەرەڭگىنى سۇنۇپ بېرىپ، چىراغىنى ئۆچۈردى ـ دە، يېشىنىشكە باشلىدى. دوختۇرخانىدا كارىۋاتتا يېتىپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، بۈگۈن پولدا يېتىش بەك تەس كەلدى. ئۇ ئۆزىدە بۇ ئاۋاق قىزچاقتا قانداقتۇر بىر خىل ئاتىلارچە مېھرىبانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

— تاماكىنى چېكىپ بولغۇچە، خالىسىڭىز، مېنىڭ ئالدىنقى سەپكە ئىككىنچى قېتىم قانداق بارغانلىقىمنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى يېنىكا. شۇنىڭ بىلەن ئۇشاكوۋنىڭ خىيالى بۇزۇلۇپ كەتتى.

— ئۇيقۇڭىز كەلمىگەن بولسا، قېنى سۆزلەڭ!

— تۇەنجاڭ بىروكاننىڭ قېشىدىن قانداق قېچىپ كەتكەنلىكىم توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمىگەندىمەن؟

— ياق تېخى.

— مۇنداق بولدى دەڭا. مەن 42 ـ يىلى يازدا ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندىم. دەسلەپتە فرونتقا يېقىن بىر ئارقا سەپتىكى قوماندانلىق شتابىدا تېلېفونىست بولۇپ ئىشلىدىم. ئۇ يەردە بەزىلەر ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ كەينىمگە كىرىۋالدى. مەن بۇ يەرگە ئۇرۇش قىلغىلى كەلگەن، فرونتتا ئالىيوشا بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلايتتىم. لېكىن بۇ يەردە ئارقا سەپ تۇرمۇشىنى كەچۈردۈم، زېرىكىپ كەتتىم...شۇنىڭ بىلەن ئىلتىماس قىلىپ پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنىگە يۆتكەلدىم. مانا ئەمدى دەھشەتلىك ئۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدىم. ھەممىلا يەرنى ئۆلۈك، يارىدار قاپلاپ كەتكەن، روھىي جەھەتتىن ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدىم. سانىتارلار يىگىدا ئۈچ ھەپتە

www.uyghurkitap.com

ياتتىم. قىسقىسى، كۆپ ئەلەم تارتتىم...دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن مىنامىيوت تۇەنگە، يەنى ھېلىقى بېروكان قوماندانلىقىدىكى تۇەنگە ئەۋەتىپ بېرىشتى، ئۇنىڭغا تېلېفونىست بولدۇم. ئۇنىڭ بىلەن سانىتارلار يىگىدا تونۇشقان، ئۇ پات-پات كېلىپ دورا يەڭگۈشلەيتتى، پاراڭلىشىپ تۇردۇق، ئۇمۇ موسكۋالىق ئىكەن...مەن ئۆزەم تۇرغان ليەنگە، ئۆز ھەمراھلىرىمنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالغانىدىم، بېروكان: سارالى ئىكەنسەن، مەن سېنى قوتۇلدۇرۇپ قالاي دەۋاتىمەن. بىرمۇنچە جەڭ مەيدانلىرىنى كۆردۈڭ، تېخى تويمىدىڭمۇ؟ مەندىن خاتىرجەم بول، مەن سەن ئويلىغاندەك كىشىلەردىن ئەمەس، دەپ داۋامىنى بەردى. بىز بىر بىلىپ ئىداۋدا تۇرغان بولساقمۇ، ئۇنىڭدا ماڭا قارىتا ھېچقانداق يامان غەرەز يوق ئىدى. بىراق كېيىنچە... كېيىنچە ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدىم. لېكىن، مەن ئاليۇشانى ياخشى كۆرەتتىم ئەمەسمۇ؟! قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ يەردىن كېتىش كېرەك، قانچە تېز كەتسەم شۇنچە ياخشى دېگەن ئويغا كەلدىم. نەگە كېتىش كېرەك؟ فرونتتىن قېچىشقا رۇخسەت يوق. دەل مۇشۇ پەيتتە، بېروكان مېنى قوماندانلىق شتابىدىن ئىش بېجىرىشكە كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلىشكە موسكۋاغا ئەۋەتتى...ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، بېرىپ ئۆيىنى كۆرۈپ كەلسۇن دەپ، ماڭا ئېتىبار بەرگەنلىك ئىدى. موسكۋاغا كېلىپ، ئالدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلسەم، بىزنىڭ تۇەن باشقا يەرگە ئالمىشىپ كېتىپ قاپتۇ. نەگە كەتكەنلىكىنى ئۇقالمىدىم، ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن سوراپ باقتىم، ھېچكىم دەپ بېرەلمىدى...

— بۇنداق ئىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇشاكوۋ ئۆزد-

www.uyghurkitap.com

نىڭ بىرقانچە كۈنگىچە قىسمنى تاپالماي قالغانلىقىنى ئەسكە ئالغان هالدا ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ.

— تەقدىردە شۇنداق پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن كاماندىروپكىنى قەغىزىنى كۆتۈرۈپ موسكۋاغا يەنە كەلدىم، تەلىيىمگە، يولدا هېچكىممۇ تەكشۈرمىدى. بۇ قېتىم موسكۋاغا كەلگىنىمدە هاممامۇ قايتىپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ هاۋا مۇداپىئە قىسمىدا بىر شاگىشياۋ تونۇشى بار ئىكەن. مەن توغرۇلۇق ئەهۋال ئېيتقاندىن كېيىن، شاگىشياۋ مېنى ئۆز قىسملىرىنىڭ قاتارىغا قوشۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن موسكۋادا هەربىي خىزمەت ئۆتىدىم. مېنى هەربىي سەپتىن قايتۇرۇش توغرىسىدا هاممام هېلىقى شاگىشياۋغا ئىلتىماس قىلغانىدى، قانداقتۇر بۇ ئىشمۇ قاملىشىپ قالدى. يېرىم يىلدىن كېيىن هەربىيدىن قايتىپ مەكتەپكە كىرىپ داۋاملىق ئوقۇشىمغا رۇخسەت قىلدى. مەن بۇرۇن ئۈچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان، — يېنىكا ئۆچۈپ قالغان تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يەنە مەكتەپتە ئوقۇشقا، يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدىم. هاممام ئېرى بىلەن مەلۇم بىر بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئورنىغا كەتكەنىدى. بەزىدە ئاچ-توق قالدىم، روهىي جەهەتتىن سىقىلىپ چىدىيالمىدىم. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار پۈتۈنلەي قىز بولۇپ، بىرمۇ ئوغۇل ئوقۇغۇچى يوق ئىدى. مەن ئۈچۈن بىردىنبىر خۇشاللىق ئالىيۇشادىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋېلىش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، خەت پات-پات كېلىپ تۇرمىغاچقا، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپمۇ قالدىم... سۆزلەۋېرىپ زېرىكتۈرۈپ قويىدۇممۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى يېنىكا بىرئاز توختىۋېلىپ.

— ياق، سۆزلەۋېرىڭ!

— 43-يىلنىڭ باشلىرىدا مەن ئۈچۈن پۈتۈنلەي كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى. ئاليوشا ۋە ئۇلارنىڭ تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى تۇيۇقسىزلا موسكۋاغا كەلدى. ئۇنى ماڭا خۇدايىم ئەۋەتتى. ئاليوشانىڭ كەلگىنىگە خۇشاللىقىم ئىچ-ئىچىمگە پاتماي، كۈندە پايپېتەك بولۇپ يۈردۈم. ئاليوشانىڭ ھامىسىنىڭ ئۆيى بەك كىچىك ئىدى. بىزنىڭكىدە ئىككى ئېغىز ئۆي بوش بولغاچقا، ھەمراھى بىلەن بىللە بىزنىڭكىدە تۇردى. بىرنەچچە كۈن خۇددى چۈش كۆرگەندەكلا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئاليوشاغا، مېنى بىللە ئالغاچ كېتىڭ، يالغۇزچىلىقتا پەقەت چىدىيالمىدىم! دېسەم، ئاليوشا نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ ئۇنىڭ داۋامنى بېرىدىغانلىقىنى زادى ئويلاپ باقمايتىكەنمەن: "تازا ساراڭ نېمە ئىكەنسەن. سېنى ئاران قۇتۇلدۇرۇۋالغان تۇرسا، ئۆزەڭنى ئۆزەڭ پەرۋانىدەك ئوتقا ئېتىپ ھالاك قىلماقچىمۇ؟! ئۆلەي دەمسەن؟!" دەپ كايىدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئىشنى ئۆزەم توغرىلاي، مۇئاۋىن شتاب باشلىقىنىڭ سومكىسىدا تېخى ئىشلىتىلمىگەن تەييار تونۇشتۇرۇش قەغەزلىرى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن ئويغا كەلدىم،... — يېنىكا بىردەم توختىۋېلىپ، بىرئاز روھلانغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىشلىتىلمىگەن، تامغا بېسىپ تەييارلاپ قويۇلغان تونۇشتۇرۇش قەغىزىدىن بىرنى ئوغ-رىلىدىم، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش پۈتتى.

— كىشىلەرنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاش ياخشى ئەمەس، يېنىكا، — دېدى ئۇشاكوۋ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ.

— ئۇنداقتا موسكۋادا تۇرۇۋەرسەم بولىدىكەن-دە؟ ھەممە كىشى جەڭ قىلىۋاتسا، ئاليوشا ھەر كۈنى كېچىدە رازۋېتكىغا چىقىدۇ، مەن

بۇ يەردە ئىچ ئاغرىقى تارتىپ ئازابلىنىپ يۈرسەم، ياخشى بولامتى ئەمسە؟!

ئۇشاكوۋ ئۇنچىقماي جىم تۇرۇۋالدى.

— ئۇلار ماڭىدىغان چاغدا ۋوگزالغا بېرىپ ئۇزىتىپ قويدۇم ئەتىسى تونۇشتۇرۇشنىڭ ئاق قالدۇرۇلغان يېرىگە: پالانچى (ئۆز ئىسمىمنى يازدىم) پالانى تۈەنگە ئەۋەتىلدى، تۈەنجاڭغا ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن، دەپ يېزىۋېلىپ، قوراللىق قىسىم شتابىغا باردىم.

— يېنىكا! سىز بەك قارام ئىكەنسىز!

— بىرئاز قاراملىقىم بار، — دېدى يېنىكا ئۇنىڭ گېپىنى دەرھال تەستىقلاپ پىخىلداپ كۈلۈپ، — قوراللىق قىسىم شتابىدا خۇش مۇئامىلە بىر كىشى بار ئىكەن، ماڭا خىزمەتكە ئەۋەتىش قەغىزى يېزىپ بەردى، مېنىڭ تونۇشتۇرۇشنىمۇ ئېلىپ قالمىدى، ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، مېنى غەيرى ھەربىي خادىم دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك... قىسقىسى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەربىي قىسىمغا كەلدىم. مېنىڭ بۇ قىلىقىم ئاليوشاغا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت ئۇرغاندەك ئىش بولدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ قانداق قىلدى دېمەمسىز؟ ۋارقىراپ-جارقىراپمۇ كەتمىدى. ئومۇمەن ئالغاندا، ئاليوشا ئاچچىقىنى باسالايتتى. ئۆزىنىڭ بىر رازۋېتچىكى بىلەن بىللە قايتىپ كېتىدىغان تۇنجى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قىسىمدىن قايتىپ كېتىشىم توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى، شۇنداق قىلىپ قايسى يول بىلەن كەلگەن بولسام، يەنە شۇ يول بىلەن باشقىلار يالاپ قايتۇرۇۋېتىدىغان بولدى. مېنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان كىشى چىرايىنى ئاچمايدىغان چوڭ ياشلىق بىر رازۋېتچىك ئىدى. ئۇ ماڭا گەپمۇ قىلمىدى، پەقەتلا مېنى ئاپتوموبىلغا چىقىرىپ قويىدىغان چاغدا: قىزچاق، ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ،

ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ ئالىيوشايىڭىزنى كۈتۈڭ. بۇ سىز تۇرىدىغان يەر ئەمەس. بىز بەك قورقۇنچلۇق ئىشلارنى قىلىمىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟ دەپ قويدى. ئەلۋەتتە، مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەنىدىم. تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ قېچىپ، ھەربىي قىسىمغا يەنە قايتىپ كەلدىم. تۈەن تۇرۇشلۇق جايغا كېلىپ، بىۋاستە شتاب باشلىقىنى ئىزدەپ تېپىپ: مانا ماۋۇ مېنى خىزمەتكە ئەۋەتىش قەغىزى، مېنى مۇشۇ يەردە ئېلىپ قېلىشىڭىزنى سورايمەن، دېدىم. ئۇ كىشى مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلمەيتتى، مېنىڭ ئالىيوشانى دەپ كەلگەنلىكىمنى ئۇقمايتتى. شۇڭا مەندىن چېرتيوژ سىزىشنى بىلەمسىز؟ دەپ سورىغاندى، تېخنىكۇمدا ئىككى يىل ئوقۇغان، چېرتيوژ سىزىش دېگەن ھېچگەپ ئەمەس، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مېنى ئېلىپ قالدى... ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مېنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان ھېلىقى رازۋېتچىك بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ بېشىنى چايقاپ قويدى، ئالىيوشاغا مەلۇم قىلىپتۇ. مانا شۇنداق ئىشلارنى باشتىن كەچۈردۈم. ئالىيوشا مېنى قايتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا شتاب باشلىقى بىلەن سۆزلىشىپ، ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ. لېكىن مەن چىڭ تۇرىۋېلىپ، زادى قايتقىلى ئۇنىمىدىم. ئاخىر ئالىيوشا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى...

يېنىكا جىم بولۇپ قالدى. ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ تاماكىسىنىڭ بىر چاقىناپ، بىر غۇۋالىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سورىدى:

— ئۇنداق بولسا، ئالىيوشا سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ؟ تېخىچە ئۇقالمىدىم.

— ئەجەبمۇ ئىش ئاڭقىرالمايدىغان ئادەم ئىكەنسىز! ئالىيوشا

مېنىڭ ئالىيۇشايىم بولمامدۇ!

— مانا ئەمدى ھەممىنى چۈشەندىم، — دېدى ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ، — يەنە بىر ئىنچىكە مەسىلە بار، ئالىيۇشا سىزنىڭ ئېرىڭىزمۇ؟

— نېمە ئېرىم بولاتتى! ئۇ ئالاھىدە بىر ئادەم، ”ئۇرۇش مەزگىلىدە بىزنىڭ ئۇنداق قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس، تۇل قېلىۋاتقان ئاياللار ناھايىتى كۆپ“ دېگەن گەپنى ماڭا تەكرار-تەكرار ئېيتقان. يىغىسپ ئېيتقاندا...

— يىغىسپ ئېيتقاندا قانداق؟

— يىغىسپ ئېيتقاندا، ئۇ مېنى سېغىنسىدەك كۆرەتتى،... — يېنىكا يەنە جىمىپ قالدى.

— سىلەرنى مەنىۋى مۇھەببەت ئورناتقان، دېسە بولغۇدەك-دە؟

— شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ غەمكىن-مەيۈس ھالدا بىر ئەسنىگەندىن كېيىن، ئاندىن: — خەير، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، — دەپ ئۆيىقۇغا كەتتى.

ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ مۇشۇ ئەھۋالىنى ئېنىق سۆزلەپ بېرىپ ئوبدان قىلغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى. بولمىسا ئۇنى، خەۋپ-خەتەردىن قورقمايدىغان ئايال قەھرىمان، دەپ چۈشىنىپ قالغان بولاتتى. ئۇشاكوۋ مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۆز ئالىيۇشاسىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئاددىي قىز ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالىيۇشا بىلەن بولغان مۇھەببىتى مەنىۋى ئامراقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى.

ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ئۇشاكوۋ يېنىكانى ئويغىتىپ قويدى. ئۇ چاي قاينىتىپ، بولكا ۋە ئېرىسلارنى تەييارلاپ قويغانىدى.

بېنكا ھۆزۈرلىنىپ چاپسان ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن پاختىلىق پەشمىتىنى، قۇلاقچىسىنى كىيىپ ماڭماقچى بولغانىدى، ئۇشاكوۋ مۇنداق دېدى:

— يېنكا، تاپانچىسىنى قويىۋېتىڭ، كۆزەتچىلەرگە ئۇچراپ قالسىڭىز، ئۇلار تارتىۋالىدۇ. قايتقۇچە كېلىپ خوشلىشىپ كېتىسىزغۇ دەيمەن؟

— ئەلۋەتتە، چوقۇم كېلىمەن، — ئۇ تاپانچا بىلەن خەنجەرنى ئېلىپ ئۇشاكوۋغا بەردى. ئۇشاكوۋ ئۇنى يېزىق ئۈستىلىنىڭ تارتىمىسىغا سېلىپ قويدى.

— ئادەتتە كەچلىرى ئۆيدە بولامسىز؟

— بەلكى شۇنداق بولار. مەن ھازىرچە زاپاس خىزمەتچى. ئۆيدە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىشى مۇمكىن.

— ئۇنداق بولسا، خەير ئەمسە! كەچقۇرۇنلۇققا كۆرۈشەيلى! — دېدى يېنكا قولىنى بولغىتىپ.

ئۇشاكوۋ دەل سائەت ئوندا زاپاس خىزمەت ئۆتەيدىغانلارنى باشقۇرۇش ئورنىغا بېرىشى كېرەك ئىدى. يېنكا كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇردى. ئۆزى ياتقان ئورۇننى يىغىۋېتىشنى ئۇنتۇغان يېنكانىڭ ئورنىنى يىغىۋېتىش لازىم ئىدى. ئۇ ئۆيدىكى چاغدا ئۆزىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشنى ئۆگىتىپ قويغۇدەك كىشى چىقمىغان بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رازۋېتچىكلار پەيجىڭى ئالىيۇشا مۇشۇ كۆرۈمسىز قىز بىلەن توي قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي. ئۇشاكوۋ مۇشۇ ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

نېمىشقىدۇ، ئۇشاكوۋ ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشمىغان بولسىمۇ،

هامان ئۇرۇش غەلبە قلغۇچە ساق قالمايمەن، دەپ ئويلايتتى،
چۈنكى، ئوق - دورا بېسلغان ئاپتوموبلنى هەيدەپ دالىلاردىن
ئۆتكەندە بومباردىمان قلنشقا ئۇچراپ قالسا، ئوق - دورسلارنىڭ
هەرقاچان پارتلاپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. زەمبرەك ئوقلىرى
بىۋاستە كېلىپ تەگمەي، يىراقتىراق پارتلىغان تەقدىردىمۇ بەخت-
سىزلىكلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئاپتوموبىل هەيدەپ
كېتىۋاتقان پەيتتە بومباردىمان قىلنش ناهايىتى كۆپ بولاتتى.
شۇڭا هەرقاچان قۇربان بولۇش خەۋپى بارلىقىنى ئىقرار قىلماي
بولمايتتى، بۇنىڭغا پىسەنت قىلماسلىق لازىم ئىدى. ئۇنداق بولماي-
دىكەن، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى بولمايتتى. يېقىنقى
بىر قېتىملىق يارىلىنىش مىنامىيوت ئوقى پارتلىغاندا يۈز بەردى. شۇ
چاغدا ئۇ فرونت ئىستىھكامىدا ئوق - دورا چۈشۈرۈۋاتاتتى، دۈشمەن
توپقا تۇتتى. شوپۇر ئۇشاكوۋنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇراتتى. توپ
ئوقى ئاپتوموبىلنىڭ سول تەرىپىدە پارتلاپ، ئوق پارچىسىنىڭ
كۆپ قىسمى شوپۇرغا تېگىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ
ئۇشاكوۋنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى.

ياتاق ۋە كارىۋات يېتىشمەيدىغانلىقتىن، باشقۇرۇش ئورنى ئۇشا-
كوۋنىڭ ئۆيدە تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى، لېكىن ئۇ خىزمەت كۈتۈپ
بۇ يەرگە هەركۈنى كېلىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇشاكوۋ بۇ يەردىن
چىقىپ ئۇدۇل ماگىنىچە شەهەرنىڭ مەركىزىدىن ئۆتۈپ، موسكۋانىڭ
ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق كوچىلىرىنى ئارىلاپ، گويا كى زادى ئۇرۇش
بولمىغاندەك غەلىتە بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ
گۈزاستۇرغا تېلېفون بەردى. ئۇنىڭ بىر يىللىقتا بىللە ئوقۇغان بىر
ئايال ساۋاقدىشى مۇشۇ يەردە ئىشلەيتتى. بۇ ئايال ئۇشاكوۋنىڭ

دوستى دىمائىنو زىمسپىيۋنىڭ خوتۇنى بولۇپ، ھازىر تۇل بولۇپ قالغانىدى. دىمائىنو زىمسپىيۋ ئۇرۇش باشلىنىپ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنىدى. ئۇشاكوۋتىن كەلگەن تېلېفون بۇ ئايالنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ تېلېفوندا سۆزلىگەن ئاۋازىدىن ئىنتايىن ھاياجانلانغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى، ئۇشاكوۋ تېلېفوندا ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىشىغىلا، بۇ ئايال ئۇنى ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇشاكوۋ ماقۇل بولدى. لېكىن، يېنىكا ئېسىگە چۈشۈپ: ئالدىنقى سەپتىن بىر يولداشنىڭ يوقلاپ كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى، كېلىپ قالسا، بارالماسلىقى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى، شۇنداق بولۇپ قالسا، تېلېفوندا خەۋەر قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

سائەت يەتتە بولدى، سەككىزمۇ بولدى، لېكىن يېنىكا كەلمىدى. ئۇشاكوۋ "سائەت ئون بىردە قايتىپ كېلىمەن" دەپ بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىگە كۇنۇپكا بىلەن مىخلاپ قويۇپ، ھېلىقى ئايال ساۋاقدىشى رۇفانىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى.

رۇفا بۇرۇن چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئۇنىڭغا ئامراق ساۋاقداشلار خېلى كۆپ ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇشاكوۋمۇ بار ئىدى. بۈگۈن ئۇشاكوۋ كېلىۋېتىپ، ئۈچ يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇش ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى خازان قىلىۋەتكەندۇ، دەپ ئويلىغانىدى، بىراق ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ قارىۋىدى، ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. بىرئاز ئورۇقلاپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رۇفا بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپتۇ، بەلكى كىشىنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەپتۇن قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇشاكوۋنى كېلىدۇ، دەپ رۇفانىڭ

www.uyghurkitap.com

كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئەڭلىك سۇرتۈپ ئالاھىدە تەييارلىق قىلغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. بۇلار كۆرۈشكەندە رۇفا ئۇشاكوۋنى قۇچاقلاپ، پېشانىسىگە دوستلارچە سۆيۈپ قويدى. ئۇستەلگە كەچلىك تاماق ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن تىزىلغان بولۇپ، بىر بوتۇلكا ھاراقمۇ قويۇلغانىدى.

— بەك سۆيۈنۈپ كەتتىم، مىشا! — دېدى رۇفا بىلىنەر-بىلىنمەس ھاسىرىغان ھالدا، نېمىشقىدۇر ئاۋازىنى تۆۋەن چىقىرىپ، — قېنى تامىقىمىزنى يەۋالايلى، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، بەلكى سىزنىڭمۇ...

— سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە مەنمۇ بەك خۇشال، — دېدى ئۇشاكوۋ ئۇستەلنىڭ يېنىغا كېلىۋېتىپ، — قانداق، بىرەر خەۋەر بارمۇ؟

— يوق، مىشا... دىما يا قۇربان بولدى، يا ئەسىرگە چۈشۈپ كەتتى. ئەسىرگە چۈشۈشمۇ ئۆلگەنگە باراۋەر. مۇشۇ قاراشقا كۆنۈشكە كۆچەپ بېقىۋاتىمەن، لېكىن قاملاشمايۋاتىدۇ.

— رۇفا، سىزدە ئىشەنچ بولۇشى كېرەك، — دېدى ئۇشاكوۋ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ، — چىرايىڭىزمۇ ئوبدان تۇرۇپتۇ.

— راستمۇ؟ ئۆزەمنى تاشلىۋەتمىدىم. ياخشى نىيىتىڭىزگە رەھمەت!

— سىز بىلىسىز، كىشىلەرنى ماختاپ ئۇچۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىشنى ئۇقمايمەن، راستىنى دەۋاتىمەن.

— بىلىمەن، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەنمۇ خۇشال، — دېدى رۇفا بوتۇلكىنى ئېلىپ ئۇشاكوۋقا ۋە ئۆزىگە ھاراق قۇيۇپ، — قېنى ئەمىسە مىشا، دىدار كۆرۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

— خوپ، دىما ئۇچۇن، غەلبە قىلىشىمىز ئۇچۇن!

رۇفا باش ئىشارىتى قىلىپ تەستىقلىدى، ئىككىسىلەن بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇشاكوۋ زاكوسكا ئۇچۇن غىچچىدا مايدا پىشۇرۇلغان بېلىقتا خېلى ئېغىز تەگدى. بۇ بېلىقنى رۇفا قىممەت باھالىقماللار ماگازىنىدىن سېتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. رۇفا ئىككىنچى رومكىنى قۇيدى. ئۇشاكوۋ رۇفا بىلەن دەسلەپ كۆرۈشكەندە بەك ئوڭايسىزلانغانىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى تىنجىغاندەك بولدى، چۈنكى بەختكە يارىشا ھايات قالغان بىر كىشى ئىز-دېرەكسىز يوق بولۇپ كەتكەن دوستىنىڭ ئايالىنى يوقلاپ كەلدى. ھايات قالغانلار قازا تاپقانلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، خوتۇن، بالا-چاقىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ھامان ئېغىر تۇيۇلۇپ، ھەسرەت چېكىپ ئازابلىنىدۇ.

دەسلەپتە ئۇلار سۆزلەشكەندە ئانچە تارتىنىشىپ كەتمىدى. رۇفا ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان خىزمىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئىشنىڭ ئېغىرلىقى، كارتوچكىغا قاراپ تەمىنلەپ بېرىلىدىغان يېمەك-لىكلەرگە تويمايدىغانلىقى، قىممەت باھالىق ماللار ماگازىنىدىن نەرسە سېتىۋېلىپ يېگەچكە، ئالغان مۇئاشىنىڭ ھەممىسى قورساققىلا كېتىدىغانلىقى ئۈستىدە زارلاندى. خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ ئاز بولسۇن-كۆپ بولسۇن، ھەر ھالدا ئالىمەن دېسە تېپىلىدىغان-لىقى، كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكى، توپلىسىنى بىرنەچچە قېتىم ياماتسىپ كىيگەنلىكى، جۇۋىسىنىڭ تۈكى چۈشۈپ ياغاق بولۇپ كەتكەنلىكىتىن، كىيسە شۇنداق سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە سۆزلەپ، زادى ئايال سىياقىم قالمىدى، دەپ زارلاندى...

ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرىنىڭ خېلى يامان ئەھەسلىكىگە

قاراپ، نېمىشقا بۇنداق زارلىنىدىغاندۇ، دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدى.

— زارلىنىۋاتقىنىم يوق. ياخشى كىيىنىپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن، سىزگە مەلۇم، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دىما بىلەن ئىككىمىز خېلى كۆپ مۇئاش ئالىدىغان،... — دېدى ئۇ بىردەم توختىۋېلىپ، — ئالدىنقى سەپتە سىزنى ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان قىزلار يوقتۇ؟ — رۇفا يېقىملىققىنا كۈلۈپ قويدى.

— ئاپتوموبىل لىيەنىمىزدە قىزلار يوق، رۇفا، يەنە كېلىپ ئۇنداق ئىشلارغىمۇ چولىمىز تەگمەيدۇ دەڭا.

— قايتىپ كەلسىڭىز تاللاپ ئالىسىز، خوتۇن دېگەن ساماندەك، هەر خىل ياشتىكىلەر سىزنى ئىزدەپ ئۆزى كېلىدۇ.

— مەن تېخى قايتىپ كېلەلەمدىمەن، كېلەلمەمدىمەن، رۇفا... ئۇرۇش تېخى تۈگىمىدى، هەرقانداق ۋەقە يۈز بېرىشى مۇمكىن.

— راست دەيسىز. بىراق بىزدەك ئاياللار، — رۇفا قانداقتۇر بىر ئىشنى ئويلىغاندەك ئېغىر تىنىپ، ئاۋازىنى سوزۇپ دېدى، — هېچنېمىدىن ئۈمىد كۈتەلمەيمىز. ئىستىقبالىمىز هايات قورقۇنچلۇق هەم ئېچىنىشلىق بولىدىكەن.

ئۇشا كوۋ ئۇنىڭغا: سىز تېخى ياش، رەڭگىرويىڭىزمۇ جايىدا، تولا قايغۇرماڭ، دېگەندى، رۇفا دەرهال لوقما سالدى:

— بولدى قويۇڭ مىشا، بۇنداق قۇرۇق گەپنى.

رۇفا ۋىنونى يەنە تولدۇرۇپ قۇيدى ۋە تاماكىدىن بىر تال سوراپ ئېلىپ، تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن بىر-ئىككى شورىۋېلىپ، رومكىنى قولىغا ئېلىپ زورىغا ھجىيىپ تۇرۇپ دېدى:

— خوشە ئەمىسە، كەلگۈسىمىز تۇمانلىق بولسىمۇ، كەلگۈسىمىز

ئۇچۇن كۆتۈرەيلى!

ئاندىن ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان چاغدىكى ھاياتىنى ۋە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنى ئەسكە ئېلىشتى. ساۋاقداشلىرى ھەر قاياقلارغا كېتىشكەن، لېكىن كۆپ قىسمى ئالدىنقى سەپتە ئىدى. ئىككىيلەن يەنە ساۋاقداشلارنىڭ ئۆزئارا مۇھەببەتلەشكەنلىك توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنىمۇ ئەسلەپ كۈلۈشتى، شۇنداقلا بىرئاز ھەسرەت چېكىشتى...دەل مۇشۇ پەيتتە، رۇفا گوياكى پەرۋاسىزلا سورىغاندەك بىرئاز تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن دېدى:

— شۇ چاغدا سىزمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتىڭىزغۇ دەيمەن مىشا؟

— شۇنداق، بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم، — دېدى ئۇشاكوۋ يوشۇرماستىنلا ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— ئۇنداقتا ھازىرچۇ؟ — دەپ سوئال قويدى رۇفا بۇ گەپنىڭ ساپىقىغا ئېسىلىۋېلىپ.

— بەلكى ھازىرمۇ شۇنداقتۇ رۇفا.

رۇفا كۆزىنى يۇمۇپ خېلى ئۇزاق جىم تۇرغاندىن كېيىن ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ دېدى:

— بەك يالغۇزلۇق تارتىپ كېتىۋاتىمەن مىشا...بەكمۇ يالغۇزلۇق تارتىتىم.

ئۇشاكوۋ ئاياللار توغرىسىدا تەجرىبىسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئانچە زەڭ قويۇپ كەتمىگەنىدى، لېكىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىدا، ئۇنىڭ كۆزى رۇفانىڭ ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى مەقسەتلىك ئېيتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇشاكوۋ مۇشۇ تاپتا رۇفانى قۇچاقلىسا، رۇفا رەت قىلمايدىغاندەك... بۇنى سەزگەن ئۇشاكوۋ

يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزىنى ئېپقاچتى. ئاندىن گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىش ئۈچۈن مۇجمەل سۆزلىدى:

— رۇفا! ئىشىنىشىڭىز كېرەك، دىما تېخى هايات.

— بولدىلا مىشا... بۇنداق گەپلەرنى دېمەيلا قويۇڭ ئەمدى، — دېدى رۇفا ئۇشاكوۋنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى پەملەپ، — نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىڭىزنى ئاللىقاچان بىلگەنىدىم. ئۈچ يىل بولاي دەپ قالدى، مەن هايات ياشاۋاتقانلار ئارىسىدىكى مۇردىغا ئايلىنىپ قالدىم. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى...

— سىزنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن، لېكىن سىزگە ئوخشاشلار مىڭلاپ-ئون مىڭلاپ تۇرۇپتۇ...!

— سىزچە، شۇلارنى ئويلىسام يەڭگىللەپ قالارمەنمۇ؟ — رۇفا زەردە بىلەن كۈلۈپ قويۇپ دېدى، — يالغۇز بولۇپ قالدىم مىشا. ئىشقا بارسامغۇ خېلى يېنىكلەپ قالىمەن، ئۇ يەردە كىشىلەر خېلى كۆپ، لېكىن ئۆيگە قايتىپ كەلسەملا... يالغۇزلۇق ئازابىنى تارتىمەن. شۇڭا سىزنىڭ تېلېفون بېرىپ، ئۆيۈمگە مېهمان بولۇپ كەلگەنلىكىڭىزگە جېنىم بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى... بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەي، هەممىنى ئويلىمايلا قوياي، مەيلى بىر دەقىقە بولسىمۇ، بىر دەملىك بولسىمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلسۇن، دەيمەن، — ئۇ بۇ گەپنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلاپ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق رۇفانىڭ ئۆزىنى "هەممىنى ئۇنتۇش" هالىتىگە كەلتۈرمەكچى بولغانلىقىغا ئۇشاكوۋنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. لېكىن، رۇفانىڭ قىلچە يوشۇرماستىن تەلمۈرۈپ قارىشىدىن ئۇنىڭ "هەممىنى ئۇنتۇغان"لىقى ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇشاكوۋ ناۋادا رۇفانىڭ خىيالىدىن چىقىرىپ قويغانلىرىنى ئەسكە

ئالمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا "ھەممىنى ئۇنىتۇش"قا قارشى تۇرمىغان بولاتتى. لېكىن، ئۇشاكوۋ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى. دىما ھايات بولىدىغانلا بولسا، ئۇشاكوۋ بىلەن رۇفا ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىش ئېهتىمالى بولغان ئىشلار ئەڭ پەسكەشلىك، نومۇسسىزلىق بولۇپ، ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇ جىنايەتنى يۇغلى، مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايتتى.

رۇفا ۋىنونى رومكىغا يەنە تولدۇرۇپ قويۇپ، ئۇشاكوۋغا قارىماستىنلا گۇپپىدە ئىچىۋەتتى، دېمەك، ئۇ مەس بولمىغۇچە توختىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇشاكوۋ رومكىنى نېرى ئىتتىرىپ قويدى. رۇفا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇشاكوۋنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ چېچىنى سىلاپ تۇرۇپ كۈلدى:

— سىز بۇرۇنقىدەكلا دەلدۈش پېتى تۇرۇپسىز مىشا! نېمشقا ئىچمەيسىز؟

— نېمىشقىدۇ ئىچكۈم يوق.

— يالغان، مىشا! قورقۇۋاتىسىز!

— كىمدىن قورقاتتىم؟ — دەپ كۈلدى ئۇشاكوۋ.

— مەندىن...قورقۇپ نېمە قىلاتتىڭىز؟! — رۇفا ئۇشاكوۋنىڭ چېچىنى يەنە سىلىدى، — ئۇقتۇم، ئويىنىشىڭىز بار ئىكەن...

— ياق، يوق، — دەپ رۇفانىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى ئۇشاكوۋ.

— يەنىلا يالغان ئېيتىۋاتىسىز...بولدى قويۇڭ، ئۇنداق موللا مىجەزلىك قىلماڭ! — ئۇشاكوۋ قولىنى بولغىتىپ ئىنكار قىلغاندىن كېيىن، — ئەمدى بىرئاز چاي ئىچەيلى، — دىدى رۇفا.

چاي ئىچكۈچىلىك ئۇلار ھېچ خۇش ياقمىغاندەك بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ ئولتۇرۇشتى. رۇفانىڭ بايىقى قىزغىن، شوخ كەيپىياتى

ئالللىقاياقلارغا يوقىلىپ، لەسسەدە بولۇپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇشاكوۋنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن ھارغىن، غەم باسقان، كۆزلىرى نۇرسىز بىر ئايال ئولتۇراتتى. ئۇشاكوۋ قايتماقچى بولدى. ئىككىيلەن سوغۇققىنا خوشلاشتى. رۇفا ئۇشاكوۋنىڭ موسكۋادا قانچە ۋاقىت تۇرىدىغانلىقىنى سوراپمۇ قويمىدى، ھەتتا ئۇنى كىلىپ تۇرۇڭمۇ دىمىدى. ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر خىل غەيرى تەبىئىي ھالەت سىزىلىپ قالدى. ئۇشاكوۋ بىنانىڭ ئۇستۈنكى قەۋىتىدىن پەسكە چۈشۈپ بولۇپ، بىر خىل يىنىكلەپ قالغاندەك ئۇزۇن بىر تىنىۋالدى. مىڭىش ئالدىدا رۇفاغا چىداملىق بولۇڭ، دەپ تەسەللى بىرىپ قويۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لىكىن ئۇنىڭ ئاللىقاچان نىيىتى ئۆزگەرگەنلىكىنى، بۇنداق گەپلەرنى قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ئەسلەپ، بۇ توغرىدا گەپ قىلمىدى.

ئۇشاكوۋ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئىشىككە مىخلاپ قويغان خەت شۇ پىتى تۇرۇپتۇ، يىنىكامۇ كەلمەپتۇ. ئەگەر ئۇ كىلىپ كەتكەن بولسا، خەت يىزىپ قويغان بولاتتى. ئۇشاكوۋ ئەتە يىنىكانىڭ ئۆيگە بىرىپ، ئۇنىڭ ئاليۇشاسىنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولدى. ئەتىسى ئۇشاكوۋ راستلا يىنىكانىڭ ئۆيگە باردى. زىيالى چىراي بىر ئايال چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قىزغىنلىق بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— سىز يىنىكانى دەپ كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى قىياس بىلەن.

— شۇنداق، ئۇ تىخىچە ئۆيگە قايتىپ كەلمىدىمۇ؟

— نىمە، نىمە؟ يىنىكا موسكۋاغا قايتىپ كەلگەنمىدى؟

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، بىز بىر پويىزدا كەلگەن، ئىككىيلەن بۇ ئۆيگە بىللە كەلگەن، ئۆيدە ئادەم يوق ئىكەن...تۈنۈگۈن يېنىكا ئالىيوشانىڭ ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھاممىسىنىڭ ئۆيى نەدىكىن؟

— بۇرۇن مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئولتۇراتتى، كېيىن كۆچۈپ كەتكەن. ئالىيوشا نېمە بوپتۇ؟

— ئېغىر يارىلانغانىكەن. يېنىكا ئۇنىڭ قايسى ھەربىي دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۇ يارىلانغان دەڭ...قېنى ئۆيگە كىرىڭ، مەرھەمەت! ئولتۇرۇڭ. يېنىكا تەلۋە مىجەززەك قىز، سىزمۇ بىلگەنسىز؟

— شۇنداق ئىكەن، — دېدى ئۇشاكوۋ كۈلۈپ تۇرۇپ، — يېنىكا ئادەمنى بىرئاز ئەنسىرىتىپ قويىدىكەن. ئۇ ماڭا: ھاممامنىڭ قېشىدا تۇرىمەن، دېگەن. بۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى نەدە؟ ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغانمۇيا؟

— ياق، سۆزلەپ كەلسەم ئەھۋال خېلى مۇرەككەپ، تەپسىلاتى ماڭىمۇ ئانچە ئايدىڭ ئەمەس، ئۇنىڭ ئانىسىمۇ غەلىتە بىر ئايال ئىدى. يېنىكا ئەمچەكتىكى چېغىدا ئۇنى ئانىسى ئۆزىنىڭ ئاچىسىغا بېرىۋەتكەنىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئانىسى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتىكەن. قىسقىسى، مەن يېنىكا بىلەن قوشنا ئولتۇرغاندىن بۇيان، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ يەرگە بار-يوقى شۇ ئىككى-ئۈچ قېتىملا كېلىپ كېتىشتى. يېنىكانىڭ ھاممىسى ئۇنىڭغا بەك ئامراق. بىراق ھاممىسىنىڭ ئېرى قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى بولغاچقا، موسكۋادىكى ئۆيىدە كۆپ تۇرمايدۇ. يېنىكا كىچىك ۋاقتىدا ئۇلار سىرتقا خىزمەتكە بارسا ئۇنى بىللە ئېلىپ كېتەتتى. بۇ قىز بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن

ئۇلار سىرتقا خىزمەتكە كېتىدىغان چاغدا ئۇنى ئۆيدە يالغۇز قويۇپ كېتىدىغان بولۇشتى. دېمەك، بۇ قىز ئۇزاق ۋاقىتقىچە تەربىيىسىز قالدى ۋە بەك يالغۇزلۇق تارتتى. ئالىيۇشا كېلىپ قالسا، ئىككىسى بەكمۇ يېقىن بولۇشۇپ كېتەتتى. ئالىيۇشا ئۇنىڭ بىلەن بىر نەۋرە، يا بولمىسا يىراق تۇغقانچىلىقى بار ئوخشايدۇ... ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپكە قانداق بېرىپ قالغانلىقىنى ئېھتىمال ئاڭلىغانسىز؟

— ھەئە، يېنىكا ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن، — دېدى ئۇشاكوۋ ئورنىدىن تۇرۇپ، — نەرسە-كېرەكلىرىنى مېنىڭ ئۆيۈمدە قويۇپ قويغانىدى. ئېيتىپ قويسىڭىز، ھەر كۈنى كەچتە ئۆيدە بولمەن، ۋاقىت چىقىرىپ بېرىپ ئېلىۋالسۇن...

يېنىكا تېخىچە كەلمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن زاپاس خىزمەت ئۆتەيدىغانلارنى باشقۇرۇش ئورنى ئۇشاكوۋغا دەرھال ۋەزىپە تاپشۇرۇ-ۋېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئۇشاكوۋ يېنىكانىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنى يەنە تاپالمىدى. ھېلىقى تام قوشنا ئايال ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئىككى ئالقىنىنى ئېچىپ، دولىسىنى قىسىپ، بېشىنى چايقىدى:

— ئاپلا، يېنىكا ئىش تېرىپلا يۈرىدۇ. نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ ئالىيۇشا ياتقان دوختۇرخانىنى بىلگەن بولسا، شۇ يەرگە كەتتىمۇ يا؟

— ئېھتىمال، — دېدى ئۇشاكوۋ، — لېكىن ئۇنىڭ نەرسىلىرى... قانداقلا بولمىسۇن، مېنىڭ قېشىمغا بېرىپ خوش، دەپ قويۇش كېرەك ئىدى.

— ھەي! بۇ بالىدىن ئۇنداق ئەدەبلىك بولۇشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ! — دېدى كەمپىر كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇشاكوۋغا بۇ ئىشلار غەلىتە تۇيۇلدى. يېنىكانىڭ خوشلاشماي يوقاپ كېتىشىدە چوقۇم بىر سەۋەب بار ئىدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، پويىزدا يېنىكا ھېلىقى ئايال بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندا ئاجرىتىپ قويىدى، ئۆيىدە بىر كېچە قوندۇردى. كەتمەكچى بولغان بولسا، چوقۇم خوشلىشىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ئاليۇشا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇشاكوۋ بۇ غەلىتە مىجەزلىك قىزنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشىنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن خېلى ئەنسىرىدى.

تۆتىنچى كۈنى يېنىكا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشكىنى قاتتىق چېكىپ، ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تېخىمۇ ئورۇقلاپ، تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن، قاپاقلىرى سەل-پەل ئىششىپ قالغانىدى. ئۇ ئۇشاكوۋنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بىر تال تاماكا سوراپ ئېلىپ، توختىماستىن بىرقانچە قېتىم شورىغاندىن كېيىن، چۈشىنىكسىز سۆزلىدى:

— ھەممە ئىش تۈگىدى...ئاليۇشادىن ئايرىلدىم...

يېنىكا ئۆيگە كىرىپ كەلگەندىلا ئۇشاكوۋ ھەممىنى چۈشىنىپ، گەپ قىلماي جىم ئولتۇرغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈكنىڭكىدەك مۇزلاپ كەتكەن قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ دېدى:

— بەرداشلىق بېرىڭ، يېنىكا!

— بەرداشلىق بېرەلەيمەن، — دېدى يېنىكا سوغۇققىنا، — يىغلاپ بەرگىلى كەلمىدىم، نەرسىلىرىمنى ئېلىۋالاي دەپ كەلدىم. ئەتە ئاليۇشا تۇرغان قىسىمغا بېرىپ ئاداققىچە كۆرەش قىلىمەن! — ئۇ

سەل-پەل جىم بولۇۋالغاندىن كېيىن سورىدى، — ھە، سىز مېنى بۇ نىيىتىمدىن قايتۇرماقچىمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس. بىراق، سىزنىڭ ئاشۇنداق قىلىشىڭىزنى ئالىيوْشانىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز سۆزلەپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟

— ئۇ مېنىڭ شۇنداق قىلىشىمنى خالىمايتتى. بىراق، ئۇنىڭ ھەممە دوستلىرى شۇ يەردە، ھەممىسى ئۆز كىشىلىرىمىز، بۇ يەردىكىلەرچۇ...ھەممىسى يات تۇيۇلىدۇ.

— قانداقمۇ يات تۇيۇلسۇن؟ مېنىڭچە، قوشنىڭىز — ھېلىقى كەمپىر سىزنى خېلى ياخشى كۆرىدىكەن...بەك يېقىملىق ئايال ئىكەن.

— بۇنى نەدىن بىلىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى يېنكا ھەيران بولۇپ.

— سىزنى ئىزدەپ ئۆيىڭىزگە باردىم.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سىزدىن ئەنسىرەپ.

— نېمىشقا مېنى ئويلاپ قالدىڭىز؟

— خوشلىشىۋالاي دېگەنىدىم. بۈگۈن-ئەتە ئىچىدە ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالماقچىمەن.

— قايسى فرونتقا بارماقچى؟ — يېنكا جانلىنىپ كەتتى.

— تېخى ئېنىق ئەمەس.

— بىزنىڭ فرونتقا بارغان بولسىڭىز بەكمۇ ياخشى بولاتتى، بىللە كېتەتتۇق.

— يېنكا! — دېدى ئۇشاكوۋ جىددىي ھالدا، — ھېچ يەرگە بارماڭ. رازۋېتچىكلار پەيدىكى كىشىلەر ئالمىشىپ كەتكەندۇ. ئالىيوْشا

يوق يەردە تۇرۇش سىزگە بەك مالال كېلىدۇ. ئۇلارمۇ سىزگە ئالىيۇشا بار چاغدىكىدەك مۇئامىلە قىلمايدۇ. ئۆزىڭىزگىمۇ ئايان...

— ياق... بېرىشىم كېرەك، — دېدى يېنكا تەرسالىق قىلىپ.

— ھېچ يەرگە بېرىشىڭىز ھاجەت ئەمەس. ئۇرۇشقا قاتنىشىپ بولدىڭىز، ئەمدى كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرىسىدا ئويلىشىپ كۆرۈشىڭىز كېرەك...

— ھەممىغا ئوخشاشلا بەك تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز! — دېدى يېنكا ئاچچىقلىنىپ باتناپ، — ئالىيۇشاسىز مېنىڭ قانداق كېلەچىكىم بولسۇن؟

— ھەي...! سىزگە قانداق چۈشەندۈرسەم بولار؟ ۋاقىت ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا...

— ماڭا سىزنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىڭىزنىڭ كېرىكى يوق، — دەپ گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى يېنكا.

ئۇشاكوۋ ئۇنىڭغا بىر قارىۋېلىپ، مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭغا ھەرقانداق گەپ كار قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنداق بولسىمۇ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇرۇش قىلىش ئايالـلارنىڭ ئىشى ئەمەس، بۇنى بىلىپ قويۇڭ يېنكا!

— لېكىن، مەنچۇ، خېلى ـ خېلى ئەرلەردىن يۈرەكلىك.

— مەيلى قانداق بولماڭ، ئۇرۇش قىلىش بەربىر ئاياللار قىلىدىغان ئىش ئەمەس، — دەپ تەكرارلىدى ئۇشاكوۋ، — تاماق يەمسىز؟

— ياق! — دەپ بېشىنى چايقىدى يېنكا.

— ئازراق بىرنېمە يېۋېلىڭ! ئورۇقلاپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭە!

www.uyghurkitap.com

مەندە بىر بوتۇلكا ۋىنو بار. ئالىيۇشايىڭىز ئۈچۈن ئىچسە قويابىلى. ئاندىن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويىمەن. ئۆيىڭىزنىڭ ئاچقۇچى يېنىڭلاردىكى كەمپىرنىڭكىدە ئىكەن.

ئۇشاكوۋ ئۇستەلنى تۈزەشتۈردى. يېنكا بىر چەتتە غەمكىن ئولتۇردى. ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامدا ئەمەس ئىدى، قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى، كالپۇكلىرى تىترەيتتى. ئۇشاكوۋ ۋىنونى قۇيدى. ئىككىيلەن سۈكۈت ئىچىدە بىر رومكىدىن ئىچىۋەتتى. يېنكا تاماق يېمەيمەن، دېگەن بولسىمۇ، تاماقتا ئانچە-مۇنچە ئېغىز تەگدى. ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ تاماق يېگەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئېھتىمال، ئالىيۇشانىڭ ھەممىسى بىلەن بىللە بولغان كۈنلەردە گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىگەندۇ.

تاماقتىن كېيىن ئۇشاكوۋ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ماڭدى. يولدا ئىككىلىسى لام-جىم دېيىشمىدى. يېنكانىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، يېنكا سورىدى:

— كاپىتان، سىز مەن ئۈچۈن نېمىشقا بۇنداق ئاۋارە بولۇپ يۈرۈيسىز؟ مېنى غىزالاندۇردىڭىز، ئەمدى ئۆيۈمگىچە ئەكىلىپ قويدىڭىز...سىزنىڭ نېمىڭىزگە ئەسقاتارمەن؟

— نېمىگە ئەسقاتىدىغانلىقىڭىزنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، — دەپ مىڭىسىنى قىستى ئۇشاكوۋ، — ئەتە يەنە يوقلاپ كېلىمەن.

— ئېغىر كۆرمىسىڭىز، كېلىۋېرىڭ! مەن ئۈچۈن بەرىبىر، — دېدى يېنكا پەرۋاسىزلىق بىلەن، ئاندىن خوشلىشىپمۇ قويماستىن دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

قايتىپ كېتىۋېتىپ ئۇشاكوۋنىڭ بىرئاز قورسىقى كۆپتى. ئۇنىڭ قاللىسىدىن: بۇ توك قىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق، نېمە

قىلمەن دېسە، قىلىۋەرمەمدۇ! نەگە بارىمەن دېسە، بېرىۋەرمەمدۇ! ئاربىلىشىپ نېمە قىلاتتىم؟ ئۇ مېنىڭ ھېچنېمەم ئەمەس! ئۇچۇقسىنى ئېيتقاندا، ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوقىقۇ! ئەتە، يا ئۆگۈن بۇيرۇق چۈشسە ئالدىنقى سەپكە كېتىمەن. ئۇ يەردە كۆتۈلـ-مىگەن ھەرقانداق ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان، يەنە كېلىپ مىجەزى ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇ قىزنى ئويلاشقا چولام نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئۇنتۇپ قالغان نەرسىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەتە ئۆيگە بېرىشى مۇمكىن. نەرسىلىرىنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۆز يولىغا ماڭسۇن، مەنمۇ ئۆز يولۇمغا ماڭاي، دېگەن خىياللار كەچتى. شۇنداقلا ئۇ يەنە: بۇ قالايمىقان ئىش قىلىدىغان قىزنى ئالدىنقى سەپكە بارغۇزماسلىق كېرەك، دېگەن خىيالغىمۇ كەلدى. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق چارە قوللىنىشنى ئويلاپ يېتەلمىدى. ئۇ مۇشۇنداق خىيال سۈرۈپ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. يۇقىرى قەۋەتكە چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۆزىچىلا "چاتاق بولدى!" دېگەن سۆز ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى. ئۆزۈندىن-ئۆزۈنغا سوزۇلغان قاراڭغۇ كارىدوردا كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە گوياكى بۈگۈن بۇ يەردە ئاخىرقى قېتىم قونىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇشاكوۋمۇ باشقا جەڭچىلەرگە ئوخشاش كۆڭلى تۇيغان ئىشلارغا ئىشىنىپ كېتەتتى. شۇڭا، بۇ كىچىككىنە ھۇجرا، ئۇنىڭدىكى كىتاب ئىشكابلىرى، كونىراپ كەتكەن سافالار بىردىنلا يېقىملىق تۇيۇلدى. ئۇشاكوۋ ئالاھىدە بىر خىل قىزغىنلىق بىلەن ئورۇن-كۆرپىلىرىنى سېلىپ تەييارلىدى. ئازراق بىرنەرسە ئوقۇپ يېتىش ئۈچۈن چىراغنى كارىۋاتنىڭ بېشى تەرەپكە توغرىلاپ، كۆلدان بىلەن تاماكىنى تومپۇشكا ئۈستىگە قويۇپ، يېشىنىشكە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق ئادەتتىكى ئۇششاق ئىشلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى. چۈنكى بۈگۈن ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە ئاخىرقى قېتىم قونۇشى ئىدى. كېيىنكى بىرقانچە كېچىنى ئادەم بىلەن لىق تولغان قىستا ـ قىستاڭ ۋاگوندا ئۆتكۈزۈپ... ئاندىن ئالدىنقى سەپكە باراتتى.

ئەتىسى ئۇشاكوۋ راستىنلا ۋەزىپىگە تەيىنلەش خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ھەربىيلەرنىڭ بىرەر ئىشنى كۆڭلى تۇيغاندەك بولۇشىنىڭ داۋلىسى بار ئىدى. ئۇ بالتىق دېڭىزى رايونىدىكى ئىككىنچى فرونتقا تەيىنلەنگەن بولۇپ، شۇ كۈنى كەچتە رىگا ۋوگزالىدا پويىز ـ غا چىقىپ، بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇشاكوۋ خىزمەتكە تەيىنلەش خېتى بىلەن پويىز بېلىتىنى ئالغاندىن كېيىن، باشقارمىدىن چىقىپ، موسكۋانىڭ تونۇشلۇق ھەم يېقىملىق بىر كىچىك كوچىسىدىن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ مەركىزى ئارقىلىق بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ باغچا كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆز خىيالىدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان توغرا قىلدىم، دائىم موسكۋانى خىيال قىلىپلا يۈرمىدىم ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ كەلگەندىن بۇيان بۇ شەھەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەي، گويا ئۆزى بۇ يەردە تۇغۇلمىغاندەك قىياپەتتە، بۇ يەرنى ناتونۇش بىر جاي، دەپ قاراشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى كېتىدىغان چاغدا ئايرىلىغۇسى كەلمەي، قاتتىق ئازابقا قالماسلىق ئۈچۈن ئىدى. راستىنلا، بىرنەچچە كۈن بولار ـ بولماي موسكۋادىن كېتىشكە توغرا كەلدى. تەقدىر ئۇنىڭ بۇ يەرگە يەنە قايتىپ كېلىشىگە يول قويامدۇ، قويمامدۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

سائەت ئون ئىككىلەردە ئۇشاكوۋ يېنىكا تۇرىدىغان بىناغا يېتىپ

كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر سۆزلىشىپ، ئۇنى ئالدىنقى سەپكە بارماسلىقتا كۆندۈرمەكچى بولدى. بۇ قېتىم ئۇ ناھايىتى چوڭ ئۈمىد كۈتتى، شۇڭا بىناغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، تۈنۈگۈنكىدەك رەنجىتىپ قويماسلىقتا بەل باغلىدى، قېنى، يەنە بىر سۆزلىشەي، كېيىن يەنە ۋىجدانىم ئالدىدا ئەيىبلىك بولۇپ قالماي،...دەپ ئويلىدى.

يېنىكا چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ بېشىغا ياغلىق چىگىپ، ئۇچىسىغا نىمكەش تىك ياقىلىق كۆلرەڭ بومازى كوپتا ۋە كالتە يوپكا كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كىيىمى بەدىنىگە چىڭ يېپىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئورۇقلىقىدىن كۆكسى بىلىنمەيتتى. كوپتىنىڭ كەڭ تىك ياقىسىدىن چىقىپ تۇرغان ئىنچىكە بويىنىڭ ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇشاكوۋ ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە كۆرۈپ، بەك ئىچى ئاغرىدى.

— ئوبدان ئويلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇشاكوۋ مەقسىتىنى ئوچۇق ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋالمۇ سوراپ قويماي.

يېنىكا بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەستىن، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۇشاكوۋ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، كارىۋاتتا، يەردە ، ھەممىلا يەردە چېچىلىپ ياتقان خەتلەرگە كۆزى چۈشتى.

— قاراڭە، ئالىيۇشادىن كەلگەن خەتلەرنى ئوقۇپ باقتىم.

— كۆردۈم... يېنىكا، مەن بۈگۈن كەچتە يولغا چىقىمەن.

— ئەجەب تېزغۇ؟

— شۇنداق، سىز قانداق قىلماقچىسىز؟

— بۇنىڭ سىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ موسكۋادا سىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

قىلىدىغان باشقا ئىشىڭىز يوقمىدى؟!

— ئۇنىداق ئەمەس...ئاپام كاشىرا ئەتراپىدا تۇرىدۇ. لېكىن يوقلاپمۇ بارالمىدىم.

— نېمىشقا؟

— مەن دەم ئېلىۋاتقىنىم يوق يېنىكا، مەن زاپاس قىسمدا، موسكۋادىن كېتىپ قالسام بولمايتتى.

— مەن بولغان بولسام، بېرىپ كۆرۈپ كەلگەن بولاتتىم.

— سىزگە ئەلۋەتتە بولىدۇ. لېكىن، مەن ئۇنىداق پارتىزانلىق قىلىشنى ئۆگەنمەپتىكەنمەن.

— ئەپەندىم! ئۆزىڭىزنىڭكىنىلا راستىقا چىقىرىپ، ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ تويغۇزۇۋېتىدىكەنسىز!

— بۇنداق مۇقاملىرىڭىزنى قويۇڭ يېنىكا، بىلمەيۋاتامسىز، سىزگە چىن دىلىمدىن كۆيۈنۈۋاتىمەن.

— قانداق بولۇپ سىزنىڭ ئىلتىپاتىڭىزغا ئېرىشىپ قالدىمكىن؟

— مەسىلە سىزنىڭ گەپكە كىرمەيۋاتقانلىقىڭىزدا. بىراق سىزنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەكچىمەن.

— جەڭ مەيدانىغا بارىمەن، — يېنىكا يەرگە قارىۋالدى، — خالىسىڭىز سىزنى ئۆزىتىپ قوياي، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەنمۇ ماڭىمەن. مېنى گەپكە كىرگۈزىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، — يېنىكا ئۇشا-كوۋنىڭ بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ چالۋاقىدى، — ھەممىسىلا ماڭا نەسىھەت قىلىشىۋاتىدۇ. مېنىڭمۇ كاللام بار-دە!

— كاللىڭىز بارلىقىغۇ بار، بىراق ئۇ دۆت كاللا ئىكەن!

— قانداق بولۇشى بىلەن نېمە چاتىقىم، — گەپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى يېنىكا.

— كىيىمىڭىزنى كىيىڭ يېنىكا! — دېدى ئۇشاكوۋ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىمۇ بىرئاز تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— شۇنداق قىلىشىڭىز ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى.

— كىمنىڭ ئېھتىياجى؟

— ئىككىمىزنىڭ ئېھتىياجى، بولدى، گەپنى ئۇزارتماڭ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىشىڭىز كېرەك، چاققان بولۇڭ! — دېدى ئۇشاكوۋ بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن.

يېنىكا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي مۇرىسىنى قىستى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەر ھالدا كىيىملىرىنى كىيىپ، جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ، پۇتىغا قاردى:

— پېيمىنىمۇ كىيەمدىمەن؟

— ھە، كىيىۋېلىڭ، گىرازدانلىق گۇۋاھنامىڭىزنىمۇ ئېلىۋېلىڭ!

— ئۇنى ئېلىپ نېمە قىلغۇلۇق؟

— تولا گەپنىڭ كېرىكى يوق! — دەپ كايىدى ئۇشاكوۋ.

— نېمە ھۆركىرەيسىز؟! — دەپ چالۋاقىدى يېنىكا ۋە ئەينى ۋاقىتتا گىرازدانلىق گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى.

— بولدى، ئەمدى ماڭايلى! — ئۇشاكوۋ يېنىكانى پاتىروشكىلاپ ئۆيدىن چىقتى.

يېنىكانىڭ بارغۇسى كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تازا چىڭ تۇرالمىدى. باشتىلا ئۇشاكوۋنىڭ بۇيرۇقى ۋە قەتئىي پوزىتسىيىسى يېنىكانى رايىدىن ياندۇرۇۋەتكەنىدى. ئېھتىمال، يېنىكا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا قىزىقىپ، بۇ كاپىتاننىڭ زادى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغاندۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن چوڭ كوچىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقىشتى.

— نەگە بارىمىز؟ — سورىدى يېنىكا.

— تولا سورىغان كىشى ئاسان قېرىپ كېتىدۇ، — دەپ مۇجمەل گەپتىن بىرنى قىلدى ئۇشاكوۋ.

تاشيول ئىنستىتۇتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇشاكوۋ گەپ باشلىدى:

— مەن مۇشۇ ئىنستىتۇتتا ئوقۇغان.

— مەن ئاۋۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، — دېدى يېنىكا قولى بىلەن قارشى تەرەپتىكى باغچا كوچىسىنى كۆرسىتىپ، — كۆردىڭىزمۇ؟ ئاشۇ پەس تەرەپتىكى كۈلرەڭ بىنا.

— كۆردۈم.

— ئەمەلىيەتتە، ئۇ مەكتەپتە يەتتىنچى سىنىپقىچىلا ئوقۇپ، كېيىن ئوتتۇرا تېخنىكۇمغا ئوقۇشقا كىردىم.

— قانداق ئوتتۇرا تېخنىكۇم؟

— قانداق ئوتتۇرا تېخنىكۇم دەمسىز؟ بىناكارلىق تېخنىكۇمى، — دېدى يېنىكا مەغرۇر قىياپەتتە، — ئۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى ئۇچراتقان بولغىدۇق، ھەر كۈنى مەكتىپىڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتىم.

— ئېھتىمال شۇنداقتۇ، لېكىن سىزدەك تەرسا قىزنى ئۇچراتماپتىكەنمەن!

— ئۇ چاغدا تەرسا ئەمەستىم، بەك سىپايە ئىدىم...

— تەسەۋۋۇر قىلىش بەك قىيىن، — دېدى ئۇشاكوۋ كۈلۈپ.

ئۇلار ساماروۋكا، «نارۋا مېھمانخانىسى»دىن ئۆتتى. مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا ئادەم مىغىلدايتتى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ ئۇلار دۆك

بىلەن مېڭىپ، «كولخوز كوچىسى»غا قاراپ يول ئالدى.

— سىز مېنى «يىغىن زالى»دا كىنو كۆرۈشكە باشلاپ ماڭىدىغانسىزمۇ؟ ئېيتىپ قويااي، كىنو كۆرۈشنى خالىمايمەن.

— ياق، ئۇ يەرگە بارمايمىز.

— ئۇنداقتا، نەگە بارىمىز؟

ئۇشاكوۋ جاۋاب بەرمىدى، «دەردكە داۋا دورىخانا»نىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، يېنىكانىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپلا ئىشىكنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزىۋەتتى. يېنىكا ئىشىكنىڭ ۋىۋىسكىسىنى كۆرۈۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي كىرگەنلىكتىن، ھولۇقۇپ ئەتراپقا قاراپ، نەلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. يېنىكا بۇ يەرنىڭ قايەرلىكىنى بىلىپ بولغۇچە ئۇشاكوۋ ئۇنى تارتىپ كېلىپ ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— ئولتۇرۇڭ، ئەمدى ئىلتىماس يازىمىز.

— نېمە ئىلتىماس؟! مېنى نەگە باشلاپ كەلدىڭىز؟ — دېدى يېنىكا ساراڭدەك توختىماستىن بېشىنى چايقاپ. ئاندىن بىر ئۆيىنىڭ ئىشىككە ئېسىپ قويۇلغان تاختايىنى كۆرۈپ، — بۇ پەتتە ئېلىش ئورنى ئەمەسمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئاندىن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چېكىسىگە تىرەپ تۇرۇپ، بوش ئاۋازدا سۆزلىدى:

— كاپىتان، سىزنىڭ مۇنداق...نېرۋا كېسىلىڭىز بارمۇ؟

— مېنىڭ نېرۋا كېسىلىم يوق، مىدىرلىماي جىم ئولتۇرۇڭ! — ئۇشاكوۋ يېنىكانىڭ بۇ يەردىن قاچماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، مۈرىسىدىن تۇتۇپ بېسىپ قويدى، — فامىلىڭىز نېمە؟ دادىڭىزنىڭ ئېتى نېمە؟

يېنىكا جاۋاب بېرىپ بولۇپ، يەنە ئاچچىقلىدى:

— سز نېمە قلماقچى؟ راستنلا توي قلماقچمۇ؟
ئۇشاكوۋ يېنكانىڭ مۇرىسدىن چىڭ تۇتقان هالدا، تزىم جەدۋىلنى ئېلىپ تولدۇرۇشقا كىرىشتى.
— راست، ئككمىز رەسمىيەتنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، مەن دەرهال فرونتقا كېتمەن. سز موسكۋادا مېنى كۈتۈپ تۇرىسز، ئۇقتىڭىزمۇ؟
— هېچنېمنى ئۇققۇنۇم يوق. قويۋېتىڭ، كېتمەن!
— بولمايدۇ، سۆيۈملۈكۈم. مەن مۇشۇنداق قارارغا كەلگەن ئكەنمەن، قېچىپ قۇتۇلالمەيسىز، — دېدى ئۇشاكوۋ ئۇنى ئورۇندۇققا يەنە بىر قېتىم چىڭ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ.
مانا ئەمدى يېنكا تەمتىرەپ، هودۇقۇپلا قالدى. ئۇ راستلا هېچنېمنى بىلەلمىگەنىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن تۇرۇپ خاپىلىق، تۇرۇپ گاراڭلىق، تۇرۇپ ئالاقزادىلىك مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئەلپازىدىن بىرئاز مەتۇلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇشاكوۋنىڭ قەتئىي بۇيرۇقلىرى، ئەهۋالنىڭ مۇشۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى.
— ئۇنداقتا، سز مېنى بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قاپسىز-دە؟ — ئاخىر، ئۇ ئەهۋالنى چۈشەنگەندەك قىلىپ، سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.
— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، — دېدى ئۇشاكوۋ بېشىنى كۆتۈرمەستىن جەدۋەلنى تولدۇرۇۋېتىپ زەردە بىلەن.
— ئالدامچىلىق قىلماڭ! بۇنىڭغا مېنى ئىشىنىدۇ، دەمسىز؟!
— بولدى، بۇ توغرىدا كېيىن پاراڭلىشىمىز، — دېدى ئۇشاكوۋ، — ئاۋال بۇنىڭغا ئىمزا قويۇڭ، — دەپ ئىلتىماس قەغىزىنى يېنكاغا

ئۈزاتتى.

يېنىكا قەغەزنى ئېلىپ، خۇددى كىچىك باللار خەت ئوقۇغاندەك لەۋلىرىنى ئاستا مىدىرلىتىپ ئوقۇدى، يۈزى لاپپىدە قىزىرىپ، ئاندىن تاتىرىپ كەتتى، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇشاكوۋ تۇتتۇۋالمىدى. يېنىكا تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقاندەك، ئۇشاكوۋغا ئۈزۈنغىچە، تازا سىنچىلاپ قارىۋالغاندىن كېيىن ئاستا سۆزلىدى:

— ھە...مۇنداق دەڭا، سىز-زە، مۇشۇنداق قىلىپ... مېنى ئالدىنقى سەپتىن توسماقچى؟ شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق! — دېدى ئۇشاكوۋ زەردە بىلەن، لېكىن، دەرھال گېپىنى ئوڭشىۋالدى، — يالغۇز مۇشۇنداقلا ئەمەس، مېنى كۈتۈپ تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلمەن! بىلۋاتامسىز؟ مېنى كۈتۈپ تۇرىسىز! بۈگۈن شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلايلى! مېنى ئۈزىتىپ قويۇپ، قايتىپ كېلىشىمنى كۈتۈڭ! ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ، جاھىل قىز؟!

— چۈشەندىم... — دېدى يېنىكا ئاستاغىنا بىردىنلا بوشاپ قالغاندەك، لېكىن شۇ ھامان قولىدىكى جەدۋەلنى يىرتىپ تاشلىدى. ئۇشاكوۋ تۇتتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى.

— باشقىدىن يەنە بىرنى يازىمەن يېنىكا، — ئۇشاكوۋ جەدۋەلدىن يەنە بىرنى ئېلىپ تولدۇرۇشقا باشلىدى.

— بولدى ئەمدى، — دېدى يېنىكا بىردىنلا گەپكە كۆنگەندەك قىلىپ ئۇشاكوۋنىڭ مۈرىسىگە پەپىلەپ، — بولدى يازماڭ! ئەگەر چىن دىلىڭىزدىن ياقتۇرغان بولسىڭىز، بۇنى يازمىسىڭىزمۇ سىزنى ساقلايمەن. بۇنداق بىرنېمىلەرنى يېزىش ھاجەتسىز، راستىنلا ياقتۇردىڭىزمۇ؟

— ئۇنداقتا، ئالدىنقى سەپكە بارماڭ!

— مېنىڭ بىر ىشىمنى ياقتۇرمايدىغان بولسىڭىز... بوپتۇ، بار-مايمەن، — دېدى يېنىكا يەنە مۇلايىملىشىپ، — يۈرۈك كېتەيلى! بۇ يەر بەك ئىسسىق ئىكەن.

— يۈرۈك ئەمىسە! ھەرگىز بەگۋاشلىق قىلماڭ جۇمۇ يېنىكا! موسكۋادا ڧىلىپ بۇرۇن ئوقۇغان ئوتتۇرا تېخنىكومدا داۋاملىق ئوقۇڭ، شۇنداقلا... مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ... ئۇقتىڭىزمۇ؟

— سىزنىڭ پىلانىڭىز مۇنداق ئىكەن-دە... — دېدى يېنىكا ئۇشاكوۋنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — مۇشۇنداق قىلىشىڭىزغا ئەرزىيمەنمۇ؟

— بۇنى كېيىن كۆرىمىز، — دېدى ئۇشاكوۋ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار چوڭ كوچىغا چىقىپ يېنىكانىڭ ئۆيى تەرەپكە مېڭىشتى. يولدا كېتىۋېتىپ يېنىكا بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلاپ، بىر بىنانىڭ دەرۋازىسىدىن يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. ئۇشاكوۋ ئارقىسىدىن قوغلاپ كىرەي، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر قايتىپ، يانچۇقىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ تۇتاشتۇرۇپ، تاماكا چەككەچ ئۇنىڭ قايتىپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بىر تال تاماكا تۈگەي دەپ قالدى، يېنىكا تېخىچە چىقمىدى. ئۇشاكوۋ دەرۋازىدىن كىرىپ ئىزدەپ، بەشىنچى قەۋەتتىن تاپتى. ئۇ پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ يىغلىماقتا ئىدى. ئۇشاكوۋ ئۇنى توسماي، ئۇ يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالغۇچە قاراپ تۇردى.

— نېمە بولدىڭىز جاھىل قىز؟ — دېدى ئۇشاكوۋ يېنىكا يىغىسىنى توختاتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ.

— سىزنى كۈتۈپ تۇرۇشىمنى راست ئارزۇ قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى يېنىكا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مەن سىزگە راست ئېھتىياج-

لىقمۇ؟

— شۇنداق يېنىكا، — ئۇشاكوۋ بۇنى خېلى قەتئىي تەلەپپۇزدا دېدى.

— مانا، قاملاشتى...

— نېمە قاملاشتى؟

— ماڭا ئېھتىياجلىق بوپتۇ... بىلىپ قويۇڭ، ھېچ كىشى ئەزەلدىن ماڭا ئېھتىياجلىق بولمىغان...ھەتتا، ئالىيۇشانىڭمۇ ماڭا ئانچە ئېھتىياجى يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. مېنى ئالداۋاتماي-دىغانسىز؟ — يېنىكا كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ئۇشاكوۋغا تىكىلدى.

— سىزنى نېمىشقا ئالدايتتىم؟

ئىككىيلەن تاكى كەچ كىرگىچە يېنىكانىڭ ئۆيىدە چاي ئىچىپ، تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشتى. يېنىكا بەكمۇ ئېغىر-بېسىق، بەكمۇ سالماق بولۇپ كەتتى. ئۇشاكوۋ ئۇنىڭ قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكىنى سەزدى. كېيىن ئىككىسى ئۇشاكوۋنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. ئۇشاكوۋ يىغىشتۇرۇپ تەييارلاپ قويغان كىچىك چامادانىنى ئېلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارغا رىگا ۋوگزالىدا ئايرىلىشقا توغرا كەلدى...

يېنىكا ۋوگزالنىڭ سۇپىسىدا ئۇزاققىچە تۇرۇپ، پويىز كۆزدىن غايىب بولغۇچە قولىنى بولغىتىپ خوشلاشتى. ئۇشاكوۋ قىسمىغا يېتىپ كېلىپلا ئۇنىڭغا خەت يازدى ۋە ئۆزى تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ خەت ساندۇقىنىڭ نومۇرىنىمۇ يېزىپ ئەۋەتتى. يېنىكا ئۇنىڭ ھەربىر خېتىگە ۋاقتىدا جاۋاب يېزىپ تۇردى. لېكىن، ئۇشاكوۋتىن كېلىدىغان خەت ھامان كېچىكىپ قالاتتى، ئۇشاكوۋ بۇ قىزغا نېمىلەرنى يېزىشنى بىلەلمەي، ئويلىنىپ، ئارىلىقتا خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇشاكوۋ

بۇ مۇھەببەتنىڭ تازا ھەقىقىي بولمىغان، بىرئاز كۈلكىلىك مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى، يازغان خەتلىرى بارغانسېرى سۇسلىشىپ كەتتى. يېنىكا ئۇنىڭ خېتىگە بىر قېتىم جاۋاب يازماي قويدى. ئۇشاكوۋ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يەنە خەت يازدى، بۇ خەتكىمۇ جاۋاب كەلمىدى...شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن تېخى يېرىم يىل ئۆتەر-ئۆتمەيلا خەت-ئالاقە توختاپ قالدى. ئۇشاكوۋ ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىنى ئۆتەش ئۈچۈن، ئۈچىنچى خېتىنى پوچتىغا سالدى. ئۇنىڭغا يېنىكانىڭ تام قوشنىسى كەمپىردىن "بۇ ساراڭ قىز يەنە ئالدىنقى سەپكە كېتىپ قالدى" دەپ جاۋاب خەت كەلدى. ئۇشاكوۋ: ئۇنداق بولسا بوپتۇ، دېگەن ئويغا كەلدى. يېنىكانى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇشاكوۋ قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلدى، لېكىن يېنىكا ئۆزى ئۇشاكوۋنى كۈتۈپ تۇرۇشنى خالىمىدى. دېمەك، ئۇنىڭ تەقدىرى شۇنداق ئىكەن-دە! مانا ئەمدى ئۇشاكوۋ ئۆزىنىڭ ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولغانلىقىنى ئېقرار قىلىشقا خىجىل بولۇۋاتاتتى. ئاخىرقى مەزگىللەردە ئۇنىڭغا خەت يېزىش بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا راستىنلا شۇنداق بولغانىدى...

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇشاكوۋ موسكۋاغا ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى. ئۇشاكوۋ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بەختكە يارىشا ھايات قالغان بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاشلا قۇربان بولغانلارنى ئەسلەپ ئازابلىنىپ، ئۆزىنى ئەيىبلىك دەپ قارايتتى. ئۇ يېنىكانى ئەسلىدى، بىراق، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشقا پېتىنالمىدى. ئۇشاكوۋنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى تۇيۇپ تۇرماقتا ئىدى، لېكىن، بېرىپ ئەھۋالنى ئېنىقلاشقا جۈرئەت

قىلالمىدى. ئۇ دائىم باغچا كوچىسىدىكى يېڭىكا ئولتۇرغان بىنانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى، ھەر قېتىمدا دېگۈدەك، بىنانىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىردەم تۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، قانداقتۇر بىرەر مۆجىزە ئۇچرىتىشنى، يېڭىكا بىلەن تاسادىپىي كۆرۈشۈپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىش ئەمەس ئىدى. يېڭىكادىن كېلىۋاتقان خەتنىڭ نېمە ئۇچۇن توختاپ قالغانلىقىنى، نېمە ئۇچۇن يېڭىكانىڭ ساقلاپ تۇرماي، ئالدىنقى سەپكە كېتىپ قالغانلىقىنى ئەمدى ئېنىق چۈشەنگەن ئۇشاكوۋ ئىچ ئاغرىتقى تارتماقتا ئىدى. يېڭىكا ئۇشاكوۋنىڭ يازغان خەتلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغىمۇ ئانچە ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغان...شۇڭا، ئالدىنقى سەپكە بارسام، ئۇ يەردىكىلەر ماڭا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق، دېگەن ئويغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ، ئالىيۇشا ئېيتقاندەك، ئۇچىنچى قېتىم ئۇرۇش ئوتىغا ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرغانىدى...

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇن پالتا**
تەرجىمە مۇھەررىرى: **ئابدۇللا ئابلىز**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆل بويىدىكى ئىشلار

## گېئورگى خولوپوۋ

تېخى تۈنۈگۈن، سەگىدەشكە كەلگەنلەر رىشاتكىلىق دەرۋازا يېنىدا بىمالال پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى، ئائىلە ـ ئائىلىلەپ كۆل بويىدا سەيلى قىلغانىدى، بالىلار سايازلىقلاردا ئويناشقانىدى، كەچ كىرگەندە بولسا ھەممە ئائىلىلەرنىڭ بالىخانىلىرىدا چىراغلار يېنىپ كەتكەنىدى. بۇ ھال ھېچقانداق ساراسىمىنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بېرەتتى.

بىراق، بۈگۈن...

قاراڭ، بىر قولىدا دەم ئېلىش مەزگىلىدە لازىم بولىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەر قاچىلانغان بىر قاتلانما ھارۋىنى سۆرىگەن، يەنە بىر قولىدا مىتال قاتلانما كارىۋات كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال ساراسىمىلىك قىياپەتتە، گويا يۈگۈرگەندەك تېز سۈرئەتتە ئالدىراپ ـ تېنەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ئېلېكترو پويىزغا ئۈلگۈرۈشكە ئالدىراپ كېتىۋاتسا كېرەك!

قاراڭ، چوڭ ـ كىچىكلىكى تاغقا چىققۇچى تەنھەرىكەتچىلەر ـ نىڭكىدەك كېلىدىغان، ئىچىگە ئۆيدە ئىشلىتىلىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەر قاچىلانغان بىر بوخچىنى يۈدۈۋالغان يەنە بىر ئايال ئالدىراش كېتىۋاتىدۇ... ئۇنىڭ بوخچىسىدىن بىر جۈپ پەي توپ

پالقىنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇراتتى... ئۇ يېتىلىۋالغان بەش-ئالتە ياشلاردىكى ئىككى قىز قىيا-چىيا يىغلىشاتتى. بۇ ئايالمۇ ئېلېكترو پويىزغا ئۆلگۈرۈشكە ئالدىراپ كېتىۋاتسا كېرەك!

يەنە قاراڭ، ئۈستىگە تېڭىق-تېڭىق يوتقان-كۆرپىلەر لىق بېسىلغان بىر ئاپتوموبىل سائىتىگە يۈز كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن توپا-چاڭ توزۇتۇپ ئۆتمەكتە، يۈك-تاقىنىڭ ئۈستىدىكى بوۋاي بىلەن موماي ئالاقزادە بولغان هالدا بىر-بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئۈستىگە بىر تېلېۋىزور تېڭىلغان يېپيېڭى قىزىل "ساپوروشكىي"① خۇددى تراكتوردەك گۈرۈلدەپ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ... ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈستىگە يەل توشقۇزۇلغان بىر رېزىنكە قېيىق تېڭىلغان "موسكۋىچ" پىكاپ كەلدى.

پاھ، پۇتكۈل داچا رايونى بويىچە ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى قىستاي-دىغان ھېلىقى پىكاپمۇ كېلىۋاتىدۇ. بۇ 50-يىللاردىلا خېلى نام-ئاتىقى چىققان "زىم" ماركىلىق پىكاپ ئىدى. كېمىگە ئوخشاش كېلەڭسىز بۇ پىكاپنى ئىگىسى يېشىل سىر بىلەن سىرلاپ قويغانىدى. پىكاپنىڭ ئىچى ئۆشىشاق بالا بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگىمۇ يۈك قويۇلغان. ئۇنىڭغا يەنە يۈك قاچىلانغان بىر چاتما چېتىلغانىدى.

بۇلار نەگە بارىدىغاندۇ؟... ئۇرۇش بولۇپ قالدىمۇيا؟...يەر تەۋرىگەنمۇ ياكى كەلكۈن كەلگەنمۇ؟...

---

① "ساپوروشكى"، "موسكۋىچ"، "زىم"لار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىكاپ-لىرىنىڭ ماركىسى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھېچقايسىسى يۈز بەرگىنى يوق. بۈگۈن سەككىزىنچى ئايغا يىگىرمە بەش، پۈتكۈل داچا رايونى بويىچە سەگىدىگۈچىلەر بەدەر "قېچىش"قا باشلايدىغان ئەنئەنىۋى كۈن ئىدى. بۇ ئىش تاكى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنىگىچە بەش كۈن داۋام قىلاتتى. ياشانغانلار، ئاساسەن، پېنسىيىگە چىققان ئادەملەر كۆپىنچە ئەڭ ئاخىرقى ئىككى كۈندە كېتىپ بولاتتى. ئەمما، بۈگۈن بۇ ئادەملەرگە نىمە بولغاندۇ؟... داچا رايونى بىراقلا قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغاندى.

قانۇنىيەت بويىچە كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ تۇرغاندەك، بۇ ئەھۋالنىمۇ ئۆزگە چۈشلۈق قانۇنىيىتى بولسىمۇ، ئەمما سەگىدەشكە كەلگەنلەرنىڭ يىلدا بىر قېتىم بۇنداق "تىردەپەرەن بولۇپ قېچىشى" ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. ئەلۋەتتە، پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس، ھەتتا بۇنىڭدىن تازا خۇشال بولىدىغانلارمۇ بار، مەسىلەن، فىكا شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى.

— كېتىشتى، — دەپ توۋلىدى فىكا چاڭ-توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، — ھەممىسى كېتىشتى! — ئۇ گويا داچا رايونىدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئادەملەرنى قوغلاپ چىقارغانغا ئوخشاش: «كەتتىڭلار، ياق، سەن تۇر! — » ... ئۇ ئالدىغا كېلىپ قالغان سايىھەتچىلەر، ياكى لەنتى موتسىكلىتچىلارنى "قوغلاپ"مۇ ئالدى، شۇڭا ھەتتا كۆلنىڭ ئۈچ كىلومېتىر يىراقتىكى نېرىسىقى قىرغىقىدىكىلەرمۇ بۇ نەس باسقان كىشىلەرنىڭ ۋايساشلىرىنى ئاڭلىيالايتتى. بەزىدە خۇشاللىقى تۇتۇپ قالسا، فىكانىڭ مېنىمۇ قوغلىغۇسى كېلەتتى، ئەمما مەن ھامان ئۇنىڭ تۆمۈردەك بىلەكلىرىنىڭ ئارىسىدىن قۇتۇلاتتىم.

— ئەمدى بىزمۇ بىر ئارام ئالىدىغان بولدۇق، شۇنداقمۇ قوشنام؟ — دېدى فىكا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۇدەك كۇلۇپ، — سەگىدەشكە كەلگەن بۇ كىشىلەر بىلەن ھېلىقى...نېمە دېيىلەتتى... ھېلىقى نېي...نېي...لار... — ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ مەن بىلەن قول ئېلىشماقچى بولۇپ، ماڭا قاراپ ماڭدى.

— نېئاندېرلار①، فىكا، نېئاندېرلار دەپ ئاتىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن قولۇمنى كەينىمگە قىلىۋېلىپ، ئارقامغا داجىپ دەرھاللا.

ئەلۋەتتە، مەلۇم دەرىجىدە، مەنمۇ فىكاغا ئوخشاش خۇشال بولغانىدىم، بىراق، ئۇنىڭدەك خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي خۇدىمنى يوقىتىپ قويغاندەك بولمىغانىدىم. سەگىدەشكە كەلگەنلەر كېتىش بىلەنلا بۇ يەر تىنىچ بولۇپ قالدى، بىزنىڭ راستىنلا ئوبدان ئارام ئېلىۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەتىمۇ تۇغۇلغانىدى. دەر ھەقىقەت، يېزىچە دېرىزىلەرنى ھەم ئېتىۋېتىپ، تىنجىقتا دەم ئالالماي، دالىنىمدا ياشاپ كەلدىم. پەنەركە تام ئاۋاز توسۇمىغاچقا، ياشلارنىڭ مودا قوغلىشىپ، كوچا سەيلىسىگە چىققاندا ھەمىشە ئېلىپ يۈرىدىغان بەنداۋتى ۋە ئۇنىئالغۇلىرىنىڭ غاڭ-غۇڭ ئاۋازى قۇلاقىقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، دېرىزە تۈۋىدىن ئۇزۇلمەي ئۆتۈپ تۇرىدىغان، ئاۋاز پەسەيتكۈچىسى ئېلىۋېتىلگەن موتىسىكلىتلارنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى، شۇنىڭدەك سەيلىگاھتىن كېلىپ تۇرىدىغان سىمسىز رادىئونىڭ ئاۋازىمۇ كېلىپ تۇراتتى. مەن پۈتكۈل ئۆمىدىمنى كۆزگە

---

① نېئاندېر — قەدىمكى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ياشىغان ئادەملەر.

بېغىشلايتتىم. ئەمما مەن كۆل بويىدىكى بۇ گۈزەل داچا رايونىدىن، ئادەتتە، سوغۇق چۈشۈپ، دالىنىمنى ئىككى مەشىمۇ ئىسسىتالمايدىغان چاغدا ئايرىلاتتىم.

خوش، فىكا قانداق ئادەم، ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ياز كۈنلىرى، فىكا كۆل بويىدىكى سۇ ئۈزۈش مەيدانىنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولاتتى، يەنە تېخى دەريا ياقىسىدىن چوڭ بولىنىڭ نېرىسىقى تەرىپىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئورماننى باشقۇرۇش ئىشىنىمۇ ئۆزى پىداكارلىق قىلىپ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇۋان پولكارپوۋىچ ئىسىملىك ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بار ئىدى، ئۇ ئاغرىقچان ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيتتى. ياز كىرسىلا، ئۇ ئۈچىسىدىكى پەشمىتىنى سېلىۋېتىپ، پېشانىسىگە بەلگە تاقالغان شەپكىسىنى ئېلىۋېتىپ، بىر قۇر پاسكىنا ئىشتان-چاپاننى كىيىپ، ئالدىغا پەشتاما تارتاتتى-دە، خۇددى مەشچى، ياغاچچى ياكى سىرچىغا ئوخشاپ قالاتتى. قىسقىسى، ئۇ قوشۇمچە تاپاۋەت بولسىلا ئۆزىنى ئاتىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئىشىنى يىرىك، لېكىن تېز ئىشلەيتتى، ھەر كۈنى ئاخشىمى سائەت يەتتە بولا-بولمايلا، ئۇنىڭ بىر توپ بىكارچىلار بىلەن بىللە، تاقىلىش ئالدىدا تۇرغان قاۋاقخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. فىكا بۇ ئورمان مۇھاپىزەتچىسىنى بەختسىز، كېسەلچان ئادەم دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى. فىكانىڭ كۆڭلى بەك ياخشى بولۇپ، ھېچكىمگە ياردىمىنى ئايىمايتتى.

فىكا داچا رايونىغا بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىلا كەل-



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

گەندى. ئۇ بىر تۇغقىنىنىڭكىدە تۇرۇپ، بۇ ئۆيدىكى موماينىڭ ئۆي-ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. بىراق، ئۇنىڭ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇ لېنىنگرادلىق ئىدى. دولىسى كەڭ، كۈچتۈڭگۈر، مۇشتى بازغاندەك، فىكا قىرىق تۆت ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، چوڭ باللارغا ئوخشاپ كېتەتتى، قىلىقى بولسا خۇددى بوۋاق باللارنىڭكىگە ئوخشايتتى. يېشى ئۇنىڭغا ئازراقمۇ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى، شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنىڭ تولۇق ئىسىم-فامىلىسىنىمۇ، ئۇنىڭ فېدور دېگەن ئىسمىنىمۇ ئاتىماي، ئۇنىڭ فىكا دېگەن كىچىك ئېتىنى ئاتايتتى. لېنىنگراد مۇھاسىرىدە قالغان چاغدا، بىر بومبا دەل ئۇلارنىڭ ئۆيى بار بىناغا چۈشۈپ، بىنانى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىدۇ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، يۆگەككە ئوراپ، باللار ھارۋىسىغا سېلىنغان بۇ بىر ياشلىق بوۋاق بالا بولسا بومبىنىڭ تەسىرىدىن ھارۋا بىلەن بىللە ئۇچىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

كېيىن بىراۋ بۇ ئىشنى سوراپ قالسىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ھايات قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى:

— بۇ ناھايىتى ئاددىي ئىش. ھارۋا قاڭقىپ چىقتى-دە، ھارۋىنىڭ پۇتى سەكرەپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن... — ئۇ بۇ سۆزنى سوزۇپ ئېيتتى، — قورۇغا چۈشتى.

لېنىنگراد مۇھاسىرىدىكى مەزگىلدە، نۇرغۇن مۆجىزىلەر بارلىققا كەلدى، شۇڭا فىكا ھەققىدىكى بۇ ۋەقەگىمۇ ئىشەنگىلى بولاتتى. قىسقىسى، فىكا قىل ئۈستىدە ھايات قالغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن خەقلەر بۇ بوۋاقنى تېپىۋېلىپ بېقىۋالىدۇ، ئاندىن يەنە دارىلئېتامغا بېرىدۇ. لېكىن، پارتلاش زەربىسىدىن ئېغىر

www.uyghurkitap.com

سىلكىنىپ يارىلانغانلىقتىن، كېيىن فىكا مېيىپلار دوختۇرخانىسىدا خېلى ئۇزاق يېتىپ داۋالىنىدۇ. بىر قېتىم ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ تېنىنىڭ سول تەرىپى پالەچ بولۇپ قالغانىكەن، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولۇپ قالغانىكەن. لېكىن داچا رايونىغا كېلىپ، جىسمانىي ئەمگەك قىلغاندىن كېيىن، تېزلا ساقىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە گىمناستىكا ئوينايدىكەن.

لېكىن، فىكانىڭ يارىسى تولۇق ساقىيىپ كەتمىگەندى — پۇتى يەنىلا تولۇق ئىدى، بەزىدە بىر قولى خۇددى قامچىدەك ساڭگىلاپ قالاتتى، بەزىدە گەپ قىلسا بىرئاز كېكەچلەيتتى... بىراق، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇ مەزمۇت ئەزىمەت ئىدى. ئۇ مېيىپ بولغاچقا، نەپەقە ئېلىپ تۇراتتى، ياز كەلسىلا ئۇمۇ ”سۇ ئۈزۈش مەيدانىنىڭ خىزمەتچىسى“ سۈپىتى بىلەن ئاز-تولا پۇلمۇ تاپاتتى، — بۇنداق ئاۋارىچىلىكى كۆپ ئىشنى قىلىشقا، كۆپىنچە، ئادەم تېپىلمايتتى.

— سەن بىلەن بىر قول تۇتۇشسام، — دەپ تەكلىپ بەردى ئۇ ماڭا.

— ھوي، ئۇنداق قىلما، — دېدىم مەن قولۇمنى كەينىمگە يوشۇرۇپ، قولۇمنى بەرمەسلىكىمدىكى سەۋەب، بۇرۇن بىر قېتىم قولۇمنى سىققىنىدا، بەك ئاغرىپ كەتكىنىدىن، ”ۋايجان!“ دەپ تولاپ، يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدىم.

بىز قانداق تونۇشۇپ قالدۇق، كېيىن يەنە قانداق قىلىپ قەدىناس دوست بولۇشۇپ قالدۇق؟ بىر قېتىم فىكا مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ئوقۇغۇدەك بىرنەرسە بولسا بەرسىڭىز دەپ سورىدى، مەن ئۇنىڭغا بىر دۆۋە ژۇرنال بەردىم. ئۇ ژۇرناللارنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا، ماڭا بىرمۇنچە سوئاللارنى قويدى.

فىكا بىلەن سۆزلەشكەندە ناھايىتى ئەستايىدىل بولۇش كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ھېلىقى "ئۇششاق سوئاللىرى"غا جاۋاب بېرىشتىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى. ئۇ يالغان سۆزنى دەرھاللا سېزىۋالاتتى ـ دە، ئاچچىقلاپ كېتەتتى، يەنە كېلىپ ئاغزىدىن ھەر خىل گەپلەر چىقاتتى.

ئەتىگەندە، مەن ھەمىشە كۆل بويىدا سەيلى قىلاتتىم. فىكا سۇ ئۈزۈش مەيدانىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر ياغاچ ساندۇق بىلەن بىر بېنزىن تۇڭىنى ئارىلىقىدا ئۇ ياق ـ بۇ ياققا مېڭىپ مېنى ساقلايتتى. ياغاچ ساندۇق بىلەن بېنزىن تۇڭى سۇ ئۈزۈش مەيدانىنىڭ چېتىدىكى ماشىنا يولىنىڭ ياقىسىدا تۇراتتى. بېنزىن تۇڭىنىڭ 50 مېترچە نېرىسىدىكى ياغاچ ساندۇق فىكا "جابدۇق" لىرىنى قويىدىغان جاي ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە سۇپۇرگە، گۈرجەك ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى ئاتالمىش "كاۋاپ زىقى" ــ ئۇچى ئۇچلۇق ھاسا بار ئىدى، تازىلىق قىلغاندا، فىكا قەغەز پارچىسى، سۇلياۋ خالتا ۋە باشقا تۆرلۈك كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئەنە شۇ ھاسىغا سانجىپ تېرىۋالاتتى. بۇ نەرسىلەر ھېلىقى پەرۋاسىز ئادەملەر ــ سەگىدەشكە كەلگەنلەر، بېلىق تۇتقۇچىلار، سەيلىچىلەر تاشلىۋەتكەن نەرسىلەر ئىدى. تۆۋە ئەخلەت بىلەن تولغاندىن كېيىن، فىكا ئوت يېقىپ كۆيدۈرەتتى، ئەخلەتنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ بولغۇچە كەتمەي، سەۋرلىك بىلەن كۈتەتتى. فىكا ئۆز خىزمىتىنى ئىخلاس بىلەن ئىشلەيتتى. شۇڭا، ھەر كۈنى ئەتىگەندە، كۆل بويىدىكى سۇ ئۈزۈش مەيدانى ھەمىشە پاك ـ پاكىز تۇراتتى. ئەلۋەتتە، ئاخشىمى بولسىلا سۇ ئۈزۈش مەيدانى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئورمانلىق كۆرگۈسىز بولۇپ كېتەتتى، كېچىسى بولسا ــ بۇ يەردە خۇددى كونا پاتمىغان-

دەك، كېچىمۇ يورۇق بولاتتى — بۇ ئەتراپ يەنىلا ئەخلەت بىلەن تولاتتى. بىراق بۇ ئەخلەتلەرنى باشقا بېلىق تۇتقۇچىلار تاشلايتتى، بۇ ئادەملەر ئەخلەت تاشلاشقا ئۇستا ئىدى. ئۇچىسىغا غەلىتە رېزىنكە چاپان، رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋالغان بۇ كىشىلەر كۆلدە بېلىق يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، كېچىلەپ بۇ يەرگە كېلىشەتتى... يەنە كېلىپ دەرھاللا گۈلخان ياقاتتى، شۇڭا ئۇلار ئەتراپتىكى ئۈزۈن بەندىڭلەرنى قويماي بۇزاتتى، ياكى بولمىسا دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ قالايتتى. ئۇلار تەبىئەتنىڭ قوينىدا يەپ-ئىچىشنى، پاراڭ سوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار يەپ-ئىچىشكە بېرىلىپ كەتكەچكە، شۇنچە يىراق جايدىن بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئۇششاق بېلىقلارنى تۇتۇشقا كەتكەن پۇلغا ئالتۇندىن ياسالغان يوغان بېلىق كېلەتتى. ئەمما ئۇلار بۇنداق قىلماي، ھە دەپ كۆل ياقىسىغا چاپاتتى، كېلىپ بولغۇچە نەچچە يەردە پويىز ئالمىشاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن قىستا-قىستاق ئاپتوموبىلدا چايقىلىپ يەنە توپتوغرا بىر سائەت يول ماڭاتتى، ئۇلار بۇنىڭغا پەرۋا قىلىسچۇ كاشكى...

فىكا ھەمىشە كۆل بويىدا ماڭا يولۇقۇپ قالسىلا، ھېلىقى "ئۇششاق سوئاللىرى"نى قوياتتى. بۇ سوئاللار ئۇششاق بولغىنى بىلەن، چېتىلىدىغان دائىرىسى بەك كەڭ بولۇپ، بەزىدە جاۋاب بېرىش ھەقىقەتەن تەسكە چۈشەتتى.

لېكىن بەزىدە فىكا ئۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپلا يۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىكەنلىكى — بىر كىم ئۇنى بوزەك قىلغاندۇ! — بىلىنىپ تۇراتتى، ياكى بولمىسا كىيىمى يىرتىلغان،

قاپاقلىرى كۆكەرگەن بولاتتى.

بىر كۈنى، ئۇ مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى، ئەلپازىدىن يىغلا بىراۋ بىلەن سوقۇشقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ مەن-دىن سورىدى:

— قەدىمكى زاماندا ئۆتكۈردە ياشايدىغان ھىلىقى ياۋا ئادەم-لەرنىڭ ئىسمى نىمىدى؟ نى...نى...

ئۇ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى.

— نى-ئاندېر-لار...

— دۇرۇس، دۇرۇس! — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — سەن بۇنداق نى...لار كەنتىنىڭ خارابىسىنى كۆرگەنمۇ؟

نېئاندېرلار دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇ بىلەتتى، ئەمما بۇ سۆزنىڭ قانداق ئېيتىلىدىغانلىقىنى ھامان ئېسىدە تۇتالمايتتى. مەن ئۇنىڭغا نەچچە يۈز قېتىم بىر ھەرپ-بىر ھەرپتىن ئۆگەتتىم، بۇنىڭ ھەممىسى كارغا كەلمىدى، ئۇ زادىلا ئېسىدە تۇتالمىدى. ئەمما ئۇ بۇ سۆزنىڭ "ياۋا ئادەم"، "ۋەھشى ئادەم" دېگەن مەنىسىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى.

— فىكا، مەن بۇنداق قەدىمكى ئادەملەر كەنتىنىڭ خارابىسىنى نەدە يۈرۈپ كۆرەتتىم؟

ئۇ مېنىڭ پېشىمنى تۇتۇپ (مەن قولۇمنى ئاللىقاچان كەينىمگە قىلىۋالغانىدىم)، مېنى ئېلىپ ماڭدى. بىز چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ، ھەتتا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىپ، سۇ ئۈزۈش مەيدانىنىڭ ياقىسىغا كەلدۇق، بۇ يەردىن كۆل بويىنى بويلاپ ئۇدۇل ماڭدۇق، بۇ يەر ساپلا ئورمانلىقتىكى ئازادە بوش جايلار ئىدى. فىكا مېنى ياۋا ئەتىرگۈل قاپلاپ كەتكەن بىر جايغا باشلاپ كەلدى،

www.uyghurkitap.com

ياۋا ئەتىرگۈلىنىڭ خۇش ھىدى دىماقىقا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

بۇ يەردە سۇ قويۇپ ئۆچۈرۈۋېتىلگەن گۈلخان قالدۇقى تۇراتتى. تولۇق ئۆچۈپ بولمىغان چوغچۇلىلاردىن ئىس تۈتەپ تۇراتتى. ئەتراپتا ساپلا تاماكا قالدۇقى، كونسېرۋا قۇتىسى، چېقىق بوتۇلكا، يەپ ئېشىپ قالغان نەرسىلەر، شۇنىڭدەك ئۇزۇن بەندىگىلەردىن چىقىرىۋېلىنغان ياغاچ، يىرتىق گېزىت ۋە ژۇرنال ۋاراقلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ يەردە غاجاپ تاشلىۋېتىلگەن ناھايىتى يوغان بىر پارچە سۆڭەك ئادەمنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىگە تارتاتتى.

— مەن كىچىك بىر سوئال قويايى!...بۇ قانداق ھايۋاننىڭ سۆڭىكى؟ — جىددىي يوسۇندا سورىدى فىكا.

مەن بىر تال پاقالچاق سۆڭىكىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۆرۈپ-چۆرۈپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، مۇرەمنى چىقىرىپ بىلەلمىگەنلىكىمنى بىلدۈردۈم! دىنازاۋۇرنىڭ سۆڭىكى بولمىسۇن يەنە؟

— خوش، بىز قانداق دەۋردە ياشاۋاتىمىز: تاش قورال دەۋرىدىمۇ، ياكى ئالەمنى بىلىش دەۋرىدىمۇ؟...

— بۇنى دەمسەن، فىكا، بۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق، ئۇنىڭ قانداق دەۋردە ياشاشنى خالايدىغانلىقىغا باغلىق، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن مۇرەسسە قىلىش تەلەپپۇزىدا، — سەن ھېلىقى نېئاندېرلىرىنى نەگە يولغا سېلىۋەتتىڭ؟

ئۇ مۇجمەللا دۇدۇقلىدى:

— ھەممىسى تىكىۋەتتى، بۇ لەنتى ئەبلەخلەر!...مەن ئۇلارغا قانداقمۇ يېتىشەلەيتتىم؟...بىراق، بەرىبىر مەن ئۇلارنىڭ بىرىنى

"قۇچاقلىۋالدىم"، يەنە بىرىنىڭ قولىنى تۇتتۇم.
يەنە بىر قېتىم مەن فىكاغا يولۇققان چېغىمدا، ئۇ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى.
ــ نېمە بولدۇڭ، فىكا؟
ــ تۇڭنى ئېلىپ كېتىپتۇ، ئەنە، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ...
مەن قولۇمنى پېشانەمگە قويۇپ سايە قىلىپ تۇرۇپ قارىسام، راست، كۆلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇڭنىڭ يېرىمى چىقىپ تۇرۇپتۇ.
ــ ئېھتىمال، بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنى دولقۇن ئۇرۇپ قىرغاققا چىقىرىپ قويار؟
ــ ئەمدى ئۇ ئۇرۇلۇپ قىرغاققا چىقالمايدۇ! چۈنكى كىشىلەر "لەڭگەر" تاشلىغان!...
ــ بۇنى كىم قىلغاندۇ؟
ــ كىم قىلاتتى، ھېلىقى ئەبلەخلەر بولمايچۇ... ئۇلار مېنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى... بىراق ھېچ ۋەقەسى يوق، مەن ئۇلارغا ئۆزەمنى تونۇتۇپ قويىمەن، ــ دەپ پوپوزا قىلدى ئۇ...

بەزىدە، فىكا موتسىكلىت مىنگۈچىلەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالاتتى. ئۇلار بەش-ئالتىسى بىر توپ بولۇۋېلىپ، قۇلاق-مېڭىنى يېگۈدەك گۈركىرىتىپ، پىيادىلار يولىدا ئۇ ياق-بۇ ياققا چېپىشىپ يۈرەتتى. بۇ كىچىك يولدا ھەمىشە ئۇششاق بالىلار يۈگۈرۈشۈپ ئوينايتتى، قېرىلارمۇ ھەمىشە ئاخشاملىرى بۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇ كىچىك يولنىڭ يېنىدا چوڭ يولمۇ، مەخسۇس موتسىكلىت، ۋېلىسىپىتلار ئۈچۈن ياسالغان ئاسفالت يولنىڭ بارلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىلا يەرگە يول بەلگىلىرى ئورنىتىلغان بولسىمۇ،

بۇ يىگىتلەر ئەتەي مۇشۇ كىچىك يولدا سائىتىگە يۈز كىلومېتىر تېز-
لىك بىلەن ئۇچقاندەك چېپىشاتتى. بۇ يەردە كېتىۋاتقان ئادەملەر
ئالمان-تالمان ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى-دە، ئۇلارنىڭ كەينىدىن
تىللاپ قالاتتى، ئەمما ئۇلار تازا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى!

فىكا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ھاڭباقتى بالىنىڭ موتسىكلىتىنى
تۇتۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىنى سوزۇپ تۇرۇپ تازا ئەيىبلىدى.
نەتىجىدە، بالىنىڭ دادىسى كۆل ياقىسىغا كېلىپ، ھەرقانچە چۈشەن-
دۈرسىمۇ قۇلاق سالماي، توختىماي تىللاپ كەتتى ۋە مەن ئۇنى
ئەرز قىلىمەن دەپ دوق قىلدى...

فىكا رايون مەركىزىگە چاقىرتىلىپ تەنقىدلەندى، كېيىن ھېلىقى
بېنزىن توڭنىڭ ئورنىغا ئەخلەت تۆكىدىغان ياغاچ ساندۇققا ئىگە
بولدى. فىكا خۇشاللىقىدىن ياپراپ كەتتى، ھەتتا شۇ خۇشاللىقىدا
بىر يېڭى كۆڭلەك ئېلىپ كىيدى.

لېكىن ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئۇنىڭ رەڭگىرويى ئۆچكە-
نىدى، ئۇ بىر تاغارنى يۈدۈۋالغان ھالدا، سالاملىشىشنىمۇ خالىماي
كېتىۋاتاتتى.

— نېمە بولدۇڭ، فىكا؟ — دەپ توختاتتىم مەن ئۇنى.

ئۇ ئۆشنىسىدىكى تاغارنى يەرگە تاشلىدى-دە، ئىچىدىن قېتىپ
كەتكەن، ئۈستىگە ئەپيۈن ئۇرۇقى سېپىلگەن كىچىك بىر بولكىنى
چىقاردى، ئارقىدىنلا يەنە پارچە-پارچە قارا ۋە ئاق بولكىلارنى
چىقاردى، ئەڭ ئاخىردا پۈتۈن بىر قارا بولكىنى چىقاردى.

— قارا، بۇلارنى ئورمانلىقتىكى بوش جايدىن تېرىپ كەل-
دىم!... — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ، — بولكىنىمۇ تاشلىۋەتكەن
بارمۇ!...ئۇلارغا مۇھاسىرىدە قالغان چاغدىكى قىيىنچىلىقنىڭ تەمىنى



www.uyghurkitap.com

بىر تېتىتىپ قويۇش كېرەك!...بۇ مۇتتەھەملەر قەيەردىن كەلگەندۇ؟... قەيەردىن؟... — ئۇ ئەنە شۇنداق قەھرى-غەزەپ بىلەن ئالدىمغا كەلدى.

ئاشلىقنى بۇنداق زايا قىلىدىغان ۋەھشىيلىككە قارشى قانداق كۆرەش قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزەممۇ بىلمەيتتىم.

— كىشىلەر ئانچە-مۇنچە ھاللىنىپ قالدى، ئاچارچىلىقتا قالغانلار، تىلەمچىلەر تۈگىدى، — دېدىم مەن گەپنى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتىشقا تىرىشىپ، فىكانىڭ ئاچچىقىنى بېسىش مەقسىتىدە. — بۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟ بۇ ھەقتە گېزىتلارغا نۇرغۇن ماقالىلەر بېسىلدى!...

مېنىڭ گېپىم تۈگىمەيلا ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئۈزۈۋەتتى:

— ھاماچام مارىيە پېترووۋنا: "بۇرۇن موماڭ تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، داستىخانغا چېچىلىپ قالغان بولكا ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ ئاغزىغا سالاتتى، ئۇلار ئۇ چاغدا كەمبەغەل بولمىسىمۇ شۇنداق ئىدى،" دېگەنىدى.

— ئۇلارنىڭ بولكىسى ھازىرقىغا ئوخشىمايتتى، — دېدىم مەن فىكانى يەنە بىر قېتىم خاتىرجەملەندۈرۈپ.

— قانداق ئوخشىمايدۇ؟

— ئۇ دېگەن دېھقانلارنىڭ بولكىسى، قول بىلەن پىشۇرۇلغان، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن كەلگەن...

— ھازىرقىسچۇ؟

— ھازىرقىسى؟ — بۇ ھەقتە ئوبدانراق ئويلىنىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. — ھازىرقى بولكا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تۈسىنى يوقاتقان، ھازىر بولكا "تاۋار"غا ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بولكىغا بولغان مۇئامىلىمۇ باشقىچە بولۇۋاتىدۇ، — دېدىم مەن.

— نېمە، ھازىرقى بولكىلار تۆمۈردىن پىشۇرۇلىدىغان بوپتۇمۇ؟

— ماشىنىدا پىشۇرۇلىدىغان بولۇپ قالدى! ھەممىسى تۆمۈر ئەسۋابلاردا ئىشلىنىۋاتىدۇ، تېرىش، يىغىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ماشىنا بىلەن بولۇۋاتىدۇ، ئادەمنىڭ قولى تەگمەيدۇ دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى كۈندە ئادەملەرمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، بۇرۇنقىدەك غەم-قايغۇدا بولمايدىغان بولدى.

فىكا مېنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىم ياكى راست گەپ قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلەلمەي، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىردا تاغىرىنى ئۆشنىسىگە تاشلىدى-دە، كەينىگە قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى...

فىكا بەزىدە ھاراقكەشلەر بىلەنمۇ جاڭجاللىشىپ قالاتتى. بۇ ئەبلەخلەر ھەر كۈنى كەچتە قاۋاقخانىدىن چىققاندىن كېيىن، سۇ ئۈزۈش مەيدانىغا ۋە ئورمانلىقتىكى بوشلۇققا توپلىشاتتى. بىر قېتىم فىكا كۆل بويىدا ئارقامدىن كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ، ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەي قالغانىدى...

— نېمە بولدۇڭ، فىكا؟...

— بۇ نې-نې-لار نېمە ئۈچۈن...

— نېئاندېرلار...

— بۇ نې...لار نېمە ئۈچۈن سۇ ئۈزۈش مەيدانىغا بوتۇلكا تاشلايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن دەرەخلىككە قويۇپ قويمايدۇ؟...سېۋەت كۆتۈرگەن بىر موماي ھەمىشە شۇ يەرگە بارىدۇ، سىز كۆرگەنمۇ؟...بوتۇلكىلارنى شۇ موماي ئېلىپ كېتەتتى...

يەنە بىر "كىچىك سوئال"!...لېكىن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش كېرەك ئىدى.

— بۇ نېمىاندېرلار، قانداقلا بولمىسۇن، بوتۇلكىلارنى دەرەخ-لىككە ئۇنداق يۇۋاشلىق بىلەن قويۇپ قويمايدۇ. ئۇنداق قىلسا پۇخا-دىن چىقامدۇ! ئۇلار بوتۇلكىلارنى تاشقا ياكى ئاسفالت يولغا ئۇرۇپ كۇكۇم-تالقان قىلغۇەتمىگۈچە پۇخادىن چىقمايدۇ!...بوتۇل-كىلارنى دەرەخلىككە قويۇپ قويسۇن دەمسەن؟...بۇ نېمىاندېرلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق-دە!

— ئەمما، ھېلىقى ممايچۇ؟...بۇ نې...لار بۇ مومايىنى بىلەمدۇ؟

— ئەلۋەتتە بىلىدۇ! بىراق، ئۇلار بۇ ئايالنى نەزەرگە ئال-مايدۇ! — مەن بۇ گەپنى قىلغۇېتىپ ئاچچىقلاپ قالدىم، ئەڭ ياخشىسى مەن بۇ يەردىن كېتىشىم كېرەك دېگەن ئويغا كەلدىم.

فىكا كەينىمدىن تووۋلىغىلى تۇردى:

— ۋىجدان قېنى؟ ئۇلاردا ۋىجدان بارمۇ، يوق؟...ھېلىقى نې...لار...

فىكانىڭ كۆنى ھەقىقەتەن تەس ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ئۇن-تىن-سىز كېلىپ، بىزنىڭ ھويلىدىكى بەندىڭگە كېلىپ ئولتۇردى.

— بۇ ئىشنى مەن قىلمايمەن، ئانىسىنىڭ يېنىغا بارسۇن! — دېدى ئۇ.

— چاتاق چىقتىمۇ؟

— ئەخلەت ساندۇقىنى بىراۋ ئېلىپ بېرىپ كۆيدۇرۋېتىپتۇ!...

— بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشىدۇ؟ — دېدىم مەن تەئەججۇپ بىلەن.

ئۇ پۇشۇلداپ ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى.

— ئويلاپ باقىنا، سەن بولمىساڭ سۇ ئۈزۈش مەيدانى ۋە پۇتبول كۆل بويى قانداق بولۇپ كېتەر؟

ئۇ ئۇنچىقماي، ئويلاپ تۇرۇپ قالدى! بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ سۆزلىدى:

— مەن بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن! راست ئېيتسەن قوشنام، توغرا ئېيتتىڭ...

— بۇنىڭغا يەنە چىداشلىق بەرگىن، — دېدىم مەن، — ھازىر يەتتىنچى ئاي ئاخىرلىشىپ قالدى، ھەش-پەش دېگۈچە سەككىزىنچى ئاي كىرىدۇ. سەگدەشكە كەلگەنلەر، ساياھەتچىلەر تەرەپ-تەرەپلەرگە كېتىشىدۇ. بېلىق تۇتقۇچىلارمۇ ئازىيىدۇ. ئۇ چاغدا ئارام تېپىپ قالىسەن.

ئۇ شارتتىدە ئورنىدىن تۇردى.

— خوپ، ئۇلار بىلەن يەنە بىر ئېلىشايلى، شۇنداق بولسۇن! مەن رايونغا بېرىپ، ئۆزۈن بەندىڭدىن بەشنى، بىر ئېغىرراق يېڭى تۇلۇڭ ئېلىپ كېلەي...

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندە، ئۇ قايتىپ كەلدى، — چوڭ يۈك ئاپتوموبىلىدا قايتىپ كەلدى. رايوندىن فىكاغا تازا مېھر-شەپقەت قىلىپ، مەرمەر تاشتىن ياسالغان، يېرىم تونىنا ئېغىرلىقتىكى بىر ئەخلەت ساندۇقى بېرىپتۇ... ئاستى بىر پارچە، ئەتراپى تۆت پارچە تاشتاختىدىن قىلىنغان بۇ ساندۇقنى چۈۋۈشقا بولىدىكەن. فىكا ئىشچىلارنىڭ بۇ ساندۇقنى قۇراشتۇرۇشىغا قىزغىن ياردەملىشىپتۇ، ئاستى-ئۈستىگە قادىمىخ سېلىپ مىخلاپ، مەزمۇت قىلىپتۇ.

پۇتبول داچا رايونىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ بۇ غەلىتە

ئوقەتنى كۆردى. مەرمەر تاشتىن ياسالغان بۇ ئەخلەت ساندۇقى ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆركەم ئىدى، بىراق كۆپچىلىك: مۇبادا ماروژنا ئۇستاكانى ياكى كونسېرۋا قۇتىسىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بۇنىڭغا تاشلاشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىسا، ئۇ بۇ يەردە بىكار تۇرۇپ قالامدۇ؟ دەپ ئەندىشە قىلىشتى.

— بىكار قالمايدۇ! — دېدى ماشىرەك سۇ تورسۇكى كىيگەن بىر يىگىت ئادەملەر توپىنىڭ ئارقىسىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ. ئۇ "خوش، ئەمىسە" دېگىنىچە، پېۋىسى ئىچىلىپ بولمىغان پىۋا بوتۇلكىسىنى مەرمەر ساندۇققا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ ئېتتۇۋىدى، ئەينەك پارچىلىرى خۇددى ئوت ئۇچقۇنىدەك ئۆچتى.

ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار چاۋاك چېلىشىپ كەتتى، بىرمۇنچە ئادەملەر، ئەسقاتتى، ئەسقاتتى!...دەپ ۋارقىراشتى.

فىكامۇ ھۇزۇرلىنىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى.

ئەمدىلىكتە بولسا فىكانىڭ ھېچ ئادەم قالمىغان كۆل بويىدا ئولتۇرغانلىقىنى، ئەتراپىغا قۇشلارنىڭ ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ قۇشلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە چېقىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. سەگىندەشكە كەلگەنلەر ۋە ساياھەتچىلەر كېتىشى بىلەنلا، كۆل بويى تىنچلىنىپ قالاتتى، كۆلنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى ياۋا ئۆردەكلەر ھەمىشە بۇ تەرەپكە قاراپ تىزىلىشىپ ئۈزۈپ كېلەتتى. بەزىدە ئۇلار يۈزلەپ-يۈزلەپ توپ بولۇشاتتى. فىكا بېلىق تۇتقۇچىلار تاشلاپ كەتكەن بولكىلارنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرەتتى. بۇ ئۆردەكلەر ئادەملەرگە ئىشىنەتتى، ئۇلار ھەتتا ئادەمنىڭ قولى يەتكۈدەك جايلارغىچە ئۈزۈپ كېلىشەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنىڭدىن كېيىن، قىزىل تۇمشۇقلۇق چايكىلارمۇ تەرەپ-تەرەپ-
تىن بۇ ئۆردەكلەر بار جايغا كېلىپ، ئۇزاققىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ھەتتا قارغىلارمۇ پىكانىڭ مىجەزىنى
بىلىۋېلىپ، ئۇچۇپ كېلەتتى.

بۇ قىزىل تۇمشۇقلۇق چايكىلار پىكا تاشلاپ بەرگەن بولكا پارچە-
لىرىنى شۇڭغۇپ چۈشۈپ تۇتۇپ يەيتتى، ياكى بولمىسا داڭقېتىپ
تۇرۇپ قالغان ئۆردەكلەرنىڭ ئاغزىدىكىنى تارتىۋالاتتى. قارغىلار
بولسا ھامان ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇلار پىكانىڭ ئەتراپىغا
ئولىشىۋالاتتى، بىراق ئانچە يېقىن كەلمەي، ئۆزىنىڭ ئانچە قولاش-
مايدىغان بەنجىسى بىلەن سەكرەپ، تاشلاپ بەرگەن نەرسىنى
تېرىپ يېيىش بىلەن قانائەتلىنەتتى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسە تاما
قىلمايتتى.

چۆلدەرەپ قالغان كۆل بويىدا ئەتراپىدىكى بىر توپ قۇشلار
بىلەن بىرەر ئىش ئۈستىدە گەپلىشىۋاتقاندەك بولۇپ يەككە-يىگانە
ئولتۇرغان بىر ئادەمنىڭ قارىسىغا قاراپ ئادەم ھەيران قالىدۇ.

كۈن بارغانسېرى قىسقىرىۋاتاتتى. كېيىن تاڭ ئاتىدىغان، بالدۇر
كەچ كىرىدىغان بولدى. ئاخشاملىقى ئادەمنى قىزدۇرىدىغان قۇياش
كۆزدىن غايىب بولدى، كۆل بويىدا سۇ ئۈزىدىغانلار ۋە سايازلىقتا
توپ ئوينايدىغان بالىلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولدى.

مېنىڭمۇ شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ كېتىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى.
مەن ئاخىرقى قېتىم ئەتىگەنلىك سەيلىگە كەلدىم.

كۆل بويىنى غېرىبلىق باسقانىدى. كۆكۈش كۆل سۈيى تۇتۇق-
لىشىپ قالغانىدى. بولۇتلار پەس ئۈزۈشەتتى. كۈز شامىلى قورۇلۇپ

قالغان ئاخىرقى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى تۆكەتتى، غازاڭ بولغان يوپۇرماقلار قۇرۇپ قالغان ئوتلۇققا، چوڭ-كىچىك يوللارغا تۆكۈلۈپ، ئادەم ماڭسا شاراقلايتتى.

مەيلى ئادەمدىن دېرەك قالمىغان كۆل بويى بولسۇن، ياكى ھېلىقى كوچا-داچا رايونىدىن كۆل بويىغا بارىدىغان ئادەم قالمىغان كوچا بولسۇن، ھەممىلا جاي چۆلدەرەپ قالغانىدى.

بىردىنلا، فىكا دەرەخلەكتىن چىقىپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— قوشنام، قوشنام! — ئۇ ئالاقزادە بولغان ھالدا قولىنى پۇلاڭلىتىپ تووۇلدى، — ساندۇق، ساندۇقنى ئوغرىلاپ كېتىشىپتۇ!...

دەسلەپتە، ئۇنىڭ دېگىنى قانداق ساندۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدىم، فىكا ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، پېشىمگە ئېسىلغان چاغدىلا (بۇ چاغدا مەن ئىختىيارسىز ھالدا قولۇمنى كەينىمگە قىلىۋالغانىدىم)، ئاندىن چۈشەندىم.

شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە خۇددى ياز كۈنلىرىدىكىدەك، يۈگۈرگىلى تۇردۇق.

سۇ ئۈزۈش مەيدانىغا كېلىپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم... ھېلىقى مەرمەر تاشتىن ياسالغان ئەخلەت ساندۇقى كۆرۈنمەيتتى.

— بۇنداق ئېغىر نەرسىنى قانداق ئېلىپ كەتكەندۇ؟ — ئىچىم ئاغرىپ فىكاغا قارىدىم.

— ئېلىپ كېتىپتۇ، ئېلىپ كېتىپتۇ! — فىكا ئەمدى ۋارقىرىماي زارلاندى، — باشاپ-پارچىلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ!...

— پارچىلىغان تەقدىردىمۇ، مەرمەر تاشتاختا ئېغىر-دە، — دېدىم مەن بېشىمنى چايقاپ.

— كىران بىلەن ئېلىپ كېتىپتۇ! — دېدى فىكا ۋارقىراپ ۋە نەمخۇش قۇملۇقتىكى كەڭ ھەم چوڭقۇر ماشىنا ئىزىنى كۆرسىتىپ، — مەرمەر تاشنى ئېلىپ كېتىپتۇ! نې...نې...لار، — دەپ كېكەچلىدى.

— نېمانداق نېمانداقسىلەر...

— ھەي، ئەجەبمۇ دېيەلمەي قالىمەن! — فىكا مۇشتىنى يەنە بىر كەڭ، كۈچلۈك ئالقىنىغا قاتتىق ئۇردى...

چايكىلار سۇ ئۈستىدە نالە قىلىشماقتا. مىغىلداپ كەتكەن ياۋا ئۆر-دەكلەر تېپتېنچ كۆل قولتۇقىغا — بالىلار ياز كۈنلىرى دائىم چۆمۈ-لىدىغان جايغا توپلاشماقتا.

سۇ قۇشلىرى فىكانى كۈتمەكتە. ئۇلار فىكانىڭ بولكىسىدىن باشقا، فىكانىڭ خوش كەيپلىك سۆزىگىمۇ خۇشتار ئىدى.

(«سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ
1986 - يىللىق 3 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **رەقىپ ۋاھاپ**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **رېيىمجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىنتىلىش

## يۈرى ۋاسلىيېۋ

**ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش** ياش يازغۇچى يۈرى ۋاسلىيېۋ موسكۋا مال دوختۇرلۇق ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سىبىرىيىدە دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانىغا خىزمەتكە تەقسىملەنگەن. ئاپتور «كەڭ زېمىندىكى قەددىمىڭ»، «رۇسانوۋنىڭ ئامىتى» قاتارلىق ئاساسلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئاپتورنىڭ ئىنتىلىش ـ ئىستەكلىرى ھەر خىل ياشلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان «ئىنتىلىش» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئوبزورچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

...ئەتراپتىكى ئېگىز ـ پەس تۈندىرانىڭ پەيدا بولغىنىغا قانچە ئۇزاق زامان بولغان بولسا، چوڭ قوڭغۇراقنىڭ ئۈچ پۈتلۈك ياغاچ جازىسىغا ئېسىپ قويۇلغىنىغىمۇ شۇنچە ئۇزاق زامان بولغانىدى. تۈندىرانىڭ ئۇ قېتى توڭ تۇپراقلىق بەلباغ ئىدى.

چوڭ قوڭغۇراق ئاللىبۇرۇنلا شۇ يەرگە ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئۇ كەملەردە، بۇ يەردىكى پورتقا بىرەر ـ يېرىم كېمە ئاندا ـ ساندا كېلىپ قالاتتى، كېمە كەلگەندە چايكا بىلەن دېڭىز پاختىكى خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك ئۇنىڭ كەينىدە ۋاقىلدايتتى. مىس قوڭغۇراق ئۇزاق يىللار داۋامىدا داتلىشىپ، ئالا ـ بۇلىماچ بولۇپ كەتكەچكە، كۈچلۈك قۇياش نۇرىدىمۇ پارقىرىماس بولۇپ قالغانىدى. مىس قوڭغۇراق

كەڭ زېمىننىڭ چېتىگە ئادىشىپ قالغان كېملەر نىشانىنى توغرىلىۋال-
سۇن، قويۇق تۇماندا تاشقا سوقۇلۇپ چۆكۈپ كەتمىسۇن دەپ شو
قوڭغۇراقنى قويدۇرغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈنلا
ئېسىپ قويۇلغاندەك قىلاتتى، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ ئېغىر قوڭ-
غۇراقنى يۈدۈپ قىيا ئۈستىگە ئېلىپ چىققاندى...

بىز بۇ مىس قوڭغۇراقنى ۋېنىيا قۇربان بولغان كۈنى بىر قېتىملا
چالغاندۇق.

## 1

ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى ئۈچىنچى قېتىم كېچىكتۈرۈلدى.

— ماۋۇ نەسلىكنى قارا! — دېدى پاۋېل رومكىسىغا هاراق قۇيۇۋې-
تىپ، — ۋاقىتنى ۋە پۇلنى ئاياغلار دېيىشكىنى شۇمۇ، بىراق مېنىڭ
هېچنېمىنى ئايىغۇم يوق، ئادەتتىكى پويىزغا چىقىپ، ۋاگوننىڭ
چېپىنى ئىچىشكە رازىمەن. بەس! بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئاۋىئات-
سىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا چىق دېيىشىپ باقسۇنچۇ.

— يوغان گەپ قىلغىنىڭ بىلەن، ئۇنداق قىلالمايسەن! — دېدى
ئولېگ پەس ئاۋازدا.

ئايرودرومنىڭ رېستورانىدا ئىككى قەدىناس دوست بىر-بىرىگە
ياندىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ئايرىلاتتى.
ئۇلار ئايرىلغاندىن كېيىن يەنە بىر كۆرۈشمىكى تەس ئىدى: ئۇلار-
نىڭ بىرى دالا ئاپتوموبىلى بىلەن ناهايىتى يىراقتىكى تۇندىراغا
جايلاشقان مەھەللىگە باراتتى، يەنە بىرى ئايروپىلان بىلەن ئىچكى
ئۆلكىگە ئۇچاتتى-دە، ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيتتى — تەقدىر ئۇنىڭ

تۇرمۇشنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

— ھەي ئەخمەق، توي قىلغىلى بارىمەن دەۋاتىسەن تېخى، — دېدى ئولېگ رومكىنى كۆتۈرگەچ پەس ئاۋازدا، — لېكىن ئايروپىلان ئۇچىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۇچىنچى قېتىم كېچىكتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيسەن. بۇنىڭ ئۆزى بىر بىشارەت. چۈكوتسكى سېنى ماڭ-غۇزمايدۇ، بىز ئايروپىلان بېلىتىنى ياندۇرۇۋېتىپ، ئاپتوموبىل بىلەن بارايلى، دانىنىيەگە...بىرەر باھانە-سەۋەب كۆرسىتىپ خەت يېزىۋەتسەكلا بولدى.

— مازلاشمىغىنا، ئولېگ، مېنىڭ كۆڭلۈم ئارامىدا ئەمەس، سەن تېخى بۇنى ئاز دەپ، مېنى يەنە پاراكەندە قىلغىلى تۇردۇڭغۇ.

— بولدى ئەمىسە، ئاغزىمنى يۇمۇۋالاي...

زالنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان ئاۋاز ساندۇقىدىن ناخشا چىقىۋاتاتتى، ئاڭلىتىلىدىغان ناخشىنى كىشىلەر ئۆز خاھىشى بويىچە تاللىۋالالايتتى. ھەرقانداق ئادەم بەش كوپېك تاشلىسىلا، ئۇنىڭدىن مېڭىش ئالدىدا بىر ئاڭلىۋالسام بولاتتى دەپ ئارزۇ قىلغان ناخشىلار — مۇھەببەت ۋە سەپەر ناخشىلىرى ياكى خوشلىشىش ۋە ئۇچرىشىش ناخشىلىرى چىقاتتى، كىشىلەر ئاۋاز ساندۇقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پۇلنى تاشلىسىلا، قولنى بېشىغا تىرەپ، ياپپېشىل كارېلىيە قارىغايلىقىدىكى مەيىن شامالنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن ھوزۇر ئالالايتتى. پاۋېل نېمە ئۈچۈن-دۇر بۇ يەردىكى ئايروپىلان كۈتۈش زالى بىلەن رېستوران روسى-يىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەر ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا ياكى ئۇزىتىشقا چىققاندا ئايروپىلان كۈتىدىغان زالغا زادىلا ئوخشىمايدىكەن دەپ قالدى. ئۇنىڭ شۇنداق دەپ قارىشىغا مۇشۇ زالدىن ئايروپىلان ئۇچۇش-قونۇش مەيدانىغا چىقىدىغان ئىشىك

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇنىڭ بىر مەزگىللىك تۇرمۇش مۇساپىسىنىڭ ئىپتىداسى ۋە ئىنتىھاسىنىڭ زىچ باغلانغانلىقى سەۋەب بولغانىدى.

ئۇ بۈگۈن بۇ يەردىن ئايرىلاتتى، كېتەتتى، لېكىن ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلغانلارنىڭ بىرىنچىسىمۇ، ئاخىرقىسىمۇ ئەمەس ئىدى. تاماق ئۈستىلىدىكى ئېگىز رومكىغا سولىشىپ قالغان بىر تال سېرىنگۈل قويۇلغانىدى، بۇ گۈلنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە دەم ئېلىشقا بېرىپ، يۇرتىنى كۆرۈپ كەلگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھېسسىياتلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە قالدۇرۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىمۇ دەم ئېلىشقا بېرىپ ياكى سىرتقا خىزمەتكە چىقىپ، ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كەلگەندە، دوستلىرى ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالاتتى، ئۇلار يېمەك-لىكلەر پوكىيىنىڭ يېنىغا كېلىپ شامپان ھارىقى ئىچىشەتتى، يېقىنچە-لىق قىلىپ بىر-بىرىنىڭ دولىسىنى قېقىپ، قايتا كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولۇشاتتى. لېكىن بۇ ئۆتكەن ئىشلار ئىدى. بۇدو ئۇنىڭ ئالدىغا موسكۋالىقلار چىقاتتى.

ئولېگ بۇ يەرگە كەلمىسە بولاتتى، ئۇ كەلگەندىن كېيىن ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇلار ئايروپىلان كۈتۈش زالىدا سائەتتىگە قاراپ ئولتۇراتتى، بىراق ئۇلارنىڭ دىلىدىن ئىككىمىز يا ئايروپىلانغا بىللە چىقساق، يا مۇشۇ يەردە بىللە قالساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! دېگەن سادا چىقىۋاتاتتى. ئەپسۇسكى، ھازىر ھەممە ئىش قارار تېپىپ بولغانىدى، يەنە بىر-ئىككى سائەت ئۆتكەن-دىن كېيىن، ئۇلار ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى. ھازىرقى پەيت ئۇلار بىللە ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاخىرقى پەيتلەر ئىدى.

ئولېگ قىزىق گەپلەرنى قىلىپ، پاۋېلنى بىر كۈلدۈرۈۋېتەي دەپمۇ ئويلىدى، لېكىن ئۇنىڭ خىيالى ئاللىقاچان باشقا ياققا — تۇن-

دىرانىڭ پاتقاقلىق يولىدا سىلكىنىپ مېڭىۋاتقان دالا ئاپتومو- بىلىغا كەتكەنىدى. پاۋېلمۇ ئۆز سەپىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى: ئۇ موسكۋانى ۋە ئارباتتىكى كىچىك خىلۋەت كوچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى — ئەمدى ئۇ كەڭ-ئازادە ۋە قۇپقۇرۇق ئۆيدە پولدىن ئىچ-ئىچ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇ يان-بۇ يان ماڭاتتى؛ دوختۇرنىڭ گېپىگە زادى كىرمەي، قەھۋە ئىچىشىنىمۇ، تاماكا چېكىشىنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئاتىسى بىلەن بىللە بولاتتى...

رېستوراننىڭ بۇلۇڭىدىكى ئاۋاز ساندۇقىدىن تېخىچە مۇزىكا چىقىۋاتاتتى...

ئولېگ بىلەن پاۋېلنىڭ يېنىدىكى تاماق ئۈستىلىدە ئىككى كىشى پىۋا ئىچكەچ ئېرىنچەكلىك بىلەن نەدىندۇر ئېلىپ كەلگەن بېلىقنى يەپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن، تېمەن-بەستلىك ۋە قوڭۇر چاچلىق ئەر پىۋا ئىچىپ، تاماكا چەككەچ يېنىدىكى ھەمراھىغا بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئۇ ئويغا پاتقان قىياپەتتە گويا ئۆزىنىڭ گېپىنى ئۆزى زەڭ قويۇپ تىڭشاۋاتقاندەك ناھايىتى ئاستا سۆزلەۋاتاتتى:

— ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلدى، ماڭا، مۇنداق قىلايلى، ۋىلادىمىر سېرگېيېۋىچ، سىزنىڭ قىزىڭىز بىلەن يۈرۈۋاتقىنىمغا ئۇزاق ۋاقىت بولدى، ھازىر توي قىلىش قارارىغا كەلدۇق. سىز نېمە دەيسىز؟ دەپ گەپنىڭ ئۇچۇقىنى ئېيتتى.

مەن نېمە دەيتتىم! مەن، بۇ ئىككىڭلارنىڭ ئىشى، توي قىلىڭلار. ئەمما سەن ناتاشانى چىن دىلىڭدىن ياخشى كۆرەمسەن؟ دېدىم. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ھەئە دېدى. شۇ ئەسنادا بىر ئىش تۇساتتىن يادىمغا كېلىپ قالدى-دە، ئۇنىڭغا، يىگىت، ئوبدان ئويلانغىن،

ئەگەر ئۇ تۇساتتىن ئىلھامى كېلىپ ــ ياق، ئىلھامى كېلىپ ئەمەس، كۆچلۈك ھەۋىسى قوزغىلىپ قېلىپ، كۆچلۈك ئارزۇ، سەمىمىي ئۈمىد بىلەن «ئاق قۇ كۆلى»نى كۆرۈش ئۈچۈن موسكۋاغا ھەر يىلى بىر قېتىم بارىمەن، ئايروپىلان بىلەن بېرىپ، بىر كۈندە قايتىپ كېلىمەن دەپ تۇرۇۋالسىچۇ. بۇنىڭغا پۇل كېتىدۇ، بۇنى سەنمۇ بىلىسەن... شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، قانداق قىلىسەن؟ دېدىم.

ئۇ يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ، ۋىلادىمىر سېرگېيېۋىچ، سىز بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ. ئۇ سىزنىڭ تەربىيىڭىزنى كۆرگەن، ئۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلمايدۇ، بەتخەجلىك قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل تېپىشنىڭ تەسلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، گېپىڭىزنى چۈشەندىم، بىز قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلمايمىز. تۇرمۇشىمىزنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۈز ـ ئابرويىمىزنى ساقلاپ ياشايمىز دېدى.

ــ كاللىسى ئىشلەيدىغان ئەقىللىق يىگىت ئىكەن، ــ دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى، ــ ناتاشا ياتلىق بولدىمۇ؟

ــ ئاز قالدى...يەنە ساقا دەپ بېرەي. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا، مەن ئۇرالنىڭ شەرقىدىكى شەرقىي سىبىرىيە قىسمىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتىدىم. ئۇ يەرنىڭ ناھايىتى چۆل يەر ئىكەنلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن، ئەڭ يېقىن دېگەن مەھەللىمۇ قارىماققا يېقىندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە جاھاننىڭ چېتىدە. شۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىغاندىم: قىسمىمىزنىڭ يېنىدا ھاۋا ئارمىيىسى قىسمى بار ئىدى. شۇ قىسمىنىڭ قوماندانى ئائىلىنى موسكۋادىن ئەكەلدۈرۈپتۇ، ئۇ ئايال كۈن بويى ئۆيدە تۇرىدىكەن،

قوماندان يا ئۆزى ئايروپىلان ھەيدەشكە، يا ئۇچۇشقا قوماندانلىق قىلىشقا كېتىدىكەن. قوماندانىنىڭ ئايالى قاتتىق زېرىكىپتۇ: ئۇ جايدا ئۇنىڭ نە دوستى، نە كۆڭۈل ئاچىدىغان يېرى يوق ئىكەن. بىرلا كۇلۇب بار ئىكەن، ئۇ شۇ يەرگە كىنو كۆرگىلى بارىدىكەن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، موسكۋادا چوڭ بولغان بۇ ئايال ئۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قاپتۇ...ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان گۈزەل ئايال ئىكەن، قوماندان ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىكەنكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە رازى ئىكەن، لېكىن ئۆزى ھەربىي قىسىمدا بولغاچقا، بۇنىڭغا نېمە ئامالى بولسۇن.

بىركۈنى قوماندان ئۆيىگە بىر ئىش بىلەن قايتىپ كەپتۇ. شۇ كۈنى خوتۇنى تۇغۇلغان كۈنىنىڭ ھارپىسى ئىكەن. ئۇ كېلىپ قارىسا، خوتۇنى كۆزىدىن مۆلدۈرلىتىپ ياش ئاققۇزۇپ، جىمجىتلىق ئىچىدە سافادا ئۆكسۈپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. قوماندان ئۇنىڭدىن ”نېمە بولدۇڭ؟“ دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى ”ھېچنېمە...“ دەپتۇ. قوماندان يەنە ”زادى نېمە ئىش بولدى؟“ دەپ سوراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلۇپتۇ-دە، ”تۈنۈگۈن رادىئودا ئەتە موسكۋادىكى چوڭ تىياتىرخانىدا يېڭىدىن تەييارلانغان «بورىس گودونوۋ» دېگەن ئوپېرا قويۇلىدىغانلىقى ئاڭلىتىلدى، مەن بۇ ئوپېرانى ئۇزاقتىن بېرى بىر كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلىۋاتاتتىم“ دەپتۇ.

قوماندان قانداق قىلىپتۇ دېمەمسەن؟ سەن ياكى مەن شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلسەك قانداق قىلاتتۇق؟ بىز ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، سۆيۈملۈكۈم، بۇ ھېچ گەپ ئەمەس، خۇدانىڭ كۈنى ئۇزۇن... دەپ بەزلەيتتۇق. لېكىن ھېلىقى قوماندانچۇ، ئۇ يامان ئىكەن: ئۇ

www.uyghurkitap.com

خوتۇننى ئايروپىلانغا چىقىرىپ، موسكۋاغا ئاپىرىپتۇ. بەش سائەتتىن كېيىن ئىككىسى موسكۋا تىياتىرخانىسىدا ئوپېرا كۆرۈپتۇ، دەم ئېلىش زالىدا سوغۇق ئىچىملىك ئىچىپتۇ. ئوپېرا تۈگىگەندە، تۈن يېرىم بوپتۇ، قوماندان خوتۇننى بىر رېستورانغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەپتۇ. ھەممە ئىش ئۆز لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، ئوركېستىر مۇزىكا ئورۇنلاپتۇ، شامپان ھارىقى تەييارلىنىپتۇ، نەدىندۇر يېڭى ئېچىلغان بىر دەستە گۈل كەلتۈرۈلۈپتۇ قوماندان ئۆزى ھاراق ئىچمەپتۇ، ئۇنىڭ ئەتە ئەتىگەندە مۇھىم ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ دەيسەن...

پاۋېل بېشىنى كۆتۈرۈپ گەپكە قۇلاق سالدى، ھوي، بۇلار ۋېنىيانىڭ ئاتىسى شاڭشياۋ ستروپېۋ توغرۇلۇق سۆزلەۋېتىپتۇغۇ! بۇ رىۋايەتنىڭ ئۇزاقتىن بېرى تارقىلىپ يۈرگەن ئىش ئىدى. ئۇ، ئولېگ ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى بۇ ھەقتىكى پاراڭنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. ۋېنيا ئۆزىمۇ بۇ ئىشنى تىلغا ئالغانىدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، بوغۇ بىر رىۋايەت، ئەمما شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئىشلارنىڭ بولغانلىقى ھەقىقەتەن راست... دېگەنىدى. ھەرقانداق ئادەم ئاتىسىنى خەق خۇددى خىزىرنى مەدھىيىلىگەندەك مەدھىيىلىسە خۇشال بولماي قالمايدۇ-دە.

— بىراق، ئۇ كېيىن بۇنىڭ بەدىلىگە كۆپ چىقىم تارتتى-دە، — دېدى يېشى چوڭراق ئۇچقۇچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇنىڭغا ۋەزىپىسىنى چۈشۈرۈش جازاسى بېرىلدى، ئۇ تەنقىدمۇ قىلىندى، ئەلۋەتتە... لېكىن، بىرمۇنچە كىشىلەر تا ھازىرغىچە شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ كەلدى، ئۇنى توغرا قىلغانلىقىغا ياكى خاتا قىلغانلىقىغا قارىماي، راستلا نوچى ئادەم ئىكەن، دېيىشتى...

— نوچى ئىكەن، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشى، — ئوبدان قىلىپتۇ، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ...شۇغىنىسى، شۇ بىر كېچە ئۇچۇن بەك كۆپ چىقىم تارتىپ كېتىپتۇ.

— ئۇنىڭ تارتقان چىقىمى بىر كېچە ئۇچۇن تارتقان چىقىم ئەمەس، مۇھەببەت مەسىلىسىدە ئەرزىيدۇ، ئەرزىمەيدۇ دەيدىغان گەپ يوق-لۇقىنى بىلمەمسەن...مەنغۇ بۇنى ناتاشاغا ئېيتمىدىم، ئۇنىڭغا ئېيتىش-نىڭمۇ هاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى ئۆزلىرى ياراتسۇن...

— هازىر ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ هازىرمۇ ئۇچقۇچىمۇ؟ هاۋا ئارمىيىسى قوشۇنىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمىگەندۇ؟

— بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. بۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ناهايىتى ئۇزاق ۋاقىت بولغان ئىش ئىكەنلىكىنى سەنمۇ بىلىسەنغۇ؟

پاۋېل ئىچىدە مۇنداق ئويلىدى: ”ۋېنيانىڭ ئاتىسىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنى مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن. ستروييېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى قەھ-رىمانى، كالىخان دەرياسى ۋە خاسان كۆلى رايونىدا قەھرىمان بولغان، ئۇچقۇچى بولغان، بېرلىننى بومباردىمان قىلغان، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ۋاپات بولغانلىقىنىلا بىلىمەن. لېكىن ستروييېۋ توغرى-سىدىكى پاساھەتلىك رىۋايەت هازىرغىچە هاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلگەندىكىن، داۋاملىق تارقىلىۋەرسۇن. بۇنداق مەدھىيىگە سازاۋەر بولالايدىغان ئادەم كۆپ ئەمەس،“

پاۋېل ئولېگقا قاراپ قويدى، ئولېگ چۈشەندىم دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— كەچۈرگەيسىلەر، بىر ئېغىز سۆز قىستۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر، — دېدى پاۋېل، — سىلەر قىلىشقان گەپ قۇلىقىمىزغا

كىرىپ قالـدى...سـىلەر ماقۇل كـۆرسەڭـلار، بەزى ئەھۋالـلارنى قوشۇمچە قىلىپ قوياي دەيمەن.

— پاھ! — دېدى ئۇچقۇچى، — بۇ ئىش نېمىدېگەن كەڭ تەسىر قوزغىغۇدەك-ھە...مەرھەمەت، سۆزلەڭ.

— بۇ ئۇچقۇچىنىڭ ئىسمى سترويېۋ. سىز بايا دېگەن ئىشلارنى مەنمۇ ئاڭلىغان. لېكىن مەن بۇنىڭدىن باشقا بەزى ئەھۋاللارنىمۇ بىلىمەن. ئۇ ئايروپىلان سىنايدىغان ئۇچقۇچى ئىدى، زاۋۇتتىن يېڭى چىققان ھەربىي ئايروپىلانلارنىڭ بىرمۇنچىسى ئۇ ئۇچۇرۇپ سىناپ كۆرگەندىن كېيىن تەستىقتىن ئۆتەتتى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغانۇ، ئاخىر ئامان قالغان. ئۇ خەۋپ-خەتەرگە دۇچ كەلگەندە قورقمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەقىقىي ئۇچ-قۇچىغا خاس تالانتقا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا...

— سترويېۋنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدى ئۇچقۇچى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇنىڭ سىناپ ئۇچۇشتا دائىر قەھرىمانلىقلىرىنى مەن كۆپ ئاڭلىغان. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن.

— سىزگە يەنە دەپ بېرەي، — دېدى پاۋېل، — يەنە... — ئۇ توختىۋالدى، گېپىنى داۋاملاشتۇرايمۇ، يوق دەپ بىرئاز ئويـ-لاندى-دە، داۋاملاشتۇراي دېگەن يەرگە كەلدى، — بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئېغىر تىپتىكى بىر ئايروپىلاننىڭ بىرىنىڭ دېڭىزدىكى دەز كەتكەن مۇز ئۇستىگە قونغانلىقى ئېسىڭىزدىدۇر؟ ئىر-14 بەل-گىلىك ئايروپىلاندىكى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان يولۇچىلارنى قۇت-قۇزۇش ئۈچۈن...توغرا، شۇ قېتىمقى ھادىسە. شۇ چاغدا ئەتراپتا

تىك ئۇچار ئايروپىلانلارمۇ، ئاننوشكا① ئايروپىلانلىرىمۇ يوق ئىكەن، ھەتتا يېنىك تىپتىكى ئايروپىلانلارمۇ يوق ئىكەن. ئەمما ۋاقىت قىممەتلىك، بىر مىنۇت، بىر سېكۇنتنىمۇ قولدىن بېرىشكە بولمايدۇ-دە. ھېلىقى ئېغىر تىپتىكى ئايروپىلان يولۇچىلارنى خەۋپتىن ئەمدى قۇتقۇزۇپ، مۇزدىن كۆتۈرۈلۈشكە مۇز قاتلىمى يېرىلىپتۇ...شۇ ئايروپىلاننى سترويېۋ ھەيدىگەنىكەن. ئۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن تەنقىدلەنگەنمۇ ئوخشايدۇ...لېكىن ئۇنىڭ تىياتىرخانىغا ئوپېرا كۆرۈشكە بارغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىماپتىكەنمىز، ھەر نېمە دېگەن بىلەنمۇ، ئايروپىلاننى فونكوۋۇ② ئايرودرومىغا قوندۇرۇش مۇز ئۈستىگە قوندۇرۇشتىن كۆپ ئوڭاي-دە.

— گېپىڭىز بەك جايىدا بولدى، — دېدى ئۇچقۇچى، — سىز بۇلارنى نەدىن ئاڭلىغان؟

— سترويېۋنىڭ ئوغلى بىزنىڭ دوستىمىز، بۇلتۇر ئۇمۇ ئايروپىلاننى ئىنتايىن بىئەپ يەرگە قوندۇرماقچى بولغان — ئۇ يەر شۇنداق بىئەپ ئىدىكى، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. لېكىن ئۇ مەغلۇپ بولدى. ھازىر...ئۇ بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى.

— "ئاننوشكا"نىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇچقۇچى.

— ھەئە، "ئاننوشكا"نى.

— يېشىل قۇم تۇمشۇقتىمۇ؟

— ھەئە...

---

① "AH - 2" بەلگىلىك ئايروپىلان بولۇپ، "ئاننوشكا" ئۇنىڭ ئېغىز تىلدا ئەركىلىتىپ ئاتىلىشى.

② موسكۋادىكى بىر چوڭ ئايرودروم.

— كىشى ئۇچراشمايدىغان نە بار دەيسىز! مەن شۇ ئۇچۇچىنىڭ ستروييېۋنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن، ئۇ مەردلەرچە قۇربان بولۇپتۇ-دە،...مېنىڭ ئۇچقۇچىلىق هاياتىم ئاخىرلاشتى. ئەمدى گۈل-گىياھ تېرىيمەن ياكى باشقا ئىشلارنى قىلىمەن. قىزىم ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ...

ئۇ رومكىدىكى پىۋىنى گۆپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى-دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر كىشىمۇ ئورنىدىن تۇردى.

— خەير ئەمىسە، سىلەرگە ئاق يول بولسۇن، — دېدى ئۇچقۇچى، — بايا ناھايىتى كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتۇق. — ئۇ پاۋېلغا قاراپ قويدى، ئاندىن ئولېگقا قاراپ قويدى-دە، بۇ سۆزنى يەنە تەكرارلىدى، — ناھايىتى كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتۇق. لېكىن ئايروپىلاننى بېرىنگ دېڭىزىغا قوندۇرغان ئۇچقۇچى ستروييېۋ ئەمەس، بەلكى مېنىڭ بىر كونا خىزمەتدىشىم، بىراق سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىزمۇ راست، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇلار زالنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ئىشىك تۆۋىگە كەلگەندە، قەدىمىنى توختىتىپ، يانچۇقىدىن بىر تال مېتال پۇلنى ئالدى-دە، ئاۋاز ساندۇقىنىڭ يېنىغا كېلىپ، پۇلنى ساندۇقنىڭ بىر تۆشۈكىگە تاشلىدى، شۇ ئانلا ساندۇقتىن ئۇدىنىسكىنىڭ ① پولونىز مۇزىكىسى ياڭرىدى. ئۇچقۇچى بىردەم تۇرغاندىن كېيىن قولىنى كۆتۈرۈپ بىز بىلەن خوشلاشتى-دە، زالدىن چىقىپ كەتتى.

ۋېنيامۇ پولونىز مۇزىكىسىنى ياخشى كۆرەتتى. كىشىلەر ئۇنى

① پولشالىق كومپوزىتور (1765 — 1833).

مىسكىن، ھېسسىياتچان ئادەملەرنىڭ نەسلىدىن تۆرەلگەن دېيىشەتتى. ئۇ بۇنداق گەپنى ئاڭلىسا چىچىلاتتى. ئۇ: "بىز ئۆزىمىزنى ساپ ئەقىلچى قىلىپ كۆرسىتىشكە بەكمۇ بېرىلىپ كېتىپتۇق. بەزىلەر مۇزىكا ئاڭلاۋېتىپ ياكى لېۋىتاننىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈۋېتىپ كۆڭلى ئىختىيارسىز بۇزۇلىدۇ-دە، ئۆزىمۇ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ، ھازىرقى زاماندا، بۇنى بەزىلەر خاراكتېر جەھەتتىكى ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ، مانا بۇ قاملاشمىغىنى.

— مانى ئاڭلا! — دېدى پاۋېل، — بۇ مۇزىكا ۋېنيانى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئاڭلىتىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ۋېنيا تۇندىرادىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىر ناخشا ئىجاد قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى...بۇ ناخشىنى كېيىن ئاڭلىشىمىز مۇمكىن.

— ئاڭلايمىز، — دېدى پاۋېل، — لېكىن بۇ ناخشىنى مەن ئاڭلىيالماي قالىدىغان ئوخشايمەن.

— سەن ئاڭلىيالمايسەن، — دېدى ئولېگمۇ، — سەن لېنىنگرادقا بارىسەن، ئۇ يەردىكى ئىشىڭ بۇ يەردىكىدىن كۆپ مۇھىم. ئەتراپىڭدا باشقا ئادەملەر، باشقا ئىسىملار پەيدا بولىدۇ. بۇ ناخشىنى ئاڭلاش ساڭا نېسىپ بولمايدۇ.

پاۋېل مۇنۇلارنى ئويلىدى: "مەنمۇ شۇنداق گەپنىڭ چىقىشىنى پەملىگەنىدىم. ئولېگ ئۆزىنى خېلىغىچە تۇتۇۋېلىپ، ئېغىر-بېسىقلىق قىلغانلىقىغا ۋە مېنى تولۇق چۈشەندىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىغا قارىماي، چىن كۆڭلىنى ئاخىر بىلىندۈرۈپ قويىدى. ئۇ ماڭا، بۇ يەردىنلا ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ دۇنياسىدىن، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىن، ئۆزىمىزنىڭ ئورتاق تۇرمۇشىمىزدىن ئايرىلغانلىقىمنى، بۇگۈن بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئەمدى مېنىڭ بىلەن

ئالاقىسى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ئۇغۇ مېنى ھەرگىز قاچاق دېيەلمەيدۇ. پەقەت كىشىلىك كېمىسىنىڭ يۆنىلىشى ئوخشىمايدۇ دېيىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. ۋېنىيامۇ شۇنداق گەپلەرنى قىلغانىدى. ئۇ، ئىلگىرى سەن مۇدھىش دولقۇنلارنى ۋە ئۇدۇلدىن ئېتىلىپ كەلگەن تۇزلۇق دېڭىز سۇيىنىڭ بۇژغۇنلىرىنى ياخشى كۆرەتتىڭ، كېمىنى شامالغا قارشى ھەيدەشنى ياخشى كۆرەتتىڭ، ئىراق ھازىر ماڭا ھاردۇق يەتتى، ئەمدى بوي بەرمىسەڭ بولمايدىغان بولدى، شۇڭا كېمىنى شامالنىڭ چىقىشىغا، سۇنىڭ ئېقىشىغا ئېقىپ ھەيدەيمەن دەۋاتىسەن دېيىشى مۇمكىن.

ئۇ شۇنداق دېيىشى ياكى ئاساسەن شۇنداق دېيىشى مۇمكىن.

مەيلى، ئۇ نېمە دېسە دەۋەرسۇن. لېكىن ئاۋال مېنىڭ گېپىمنى تىڭشاپ باقسۇن:

مەن ھازىر چارچىدىم، چارچىغاندىمۇ قاتتىق چارچاپ كەتتىم. سىلەر بىلەن ــ سەن بىلەن، ۋېنيا بىلەن، كاپىتان ۋالگ بىلەن بىللە بېسىپ ئۆتكەن يول قەلبىمدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ، ئىراق ھازىر ئالغا قەدەم تاشلىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالاي دەپ قالدىم...

ئولېگ، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تۇندىراغا موسكۋادىن كەلگەن فوتو سۈرەت مۇخبىرى ئېسىڭدىمۇ؟ كېيىك تېرىسىدىن قۇرۇلغان چېدىر ۋە كېيىك پادىسى ئۇنىڭ ئالدىدا زاھىر بولغاندا، كۆزلىرىدىن نەقەدەر ئۆتكۈر تەشنالىق نۇرى چاقنىغان ـ ھە! ئۇ پېرىخونلارنى ئىزدىگەن، ئەڭ ناچار پېرىخونلار تېپىلسىمۇ مەيلىتتى دېگەنىدى؛ دېڭىز قىرغىقىدىكى قۇشلار ماكانىنى ۋە توپا ئۈنتىرىش ماشىنىسى پېتىپ قالغان پاتقاقلىقنى ــ بىلىقچىلىق مەيدانىنى ئىزدىگە- نىدى، دېڭىز مەنزىرىسىنى ۋە شىمالىي قۇتۇپ مەنزىرىسىنى كۆرگە-

ندى ـــ بۇلار ئۇنى نەقەدەر قاتتىق جەلپ قىلغان ـ ھە!

ئۇنىڭ ساڭا 'كەچۈرگەيسىز'، بۇ يەردىكى ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟ ئېيتىپ بەرسىڭىزچۇ' دېگەنلىكى ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۆزەڭنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ سەن ئۇنىڭغا 'يۈيۈنمىغىنىمغا ئىككى ئاي بولدى، بوينۇمنى چىقان بېسىپ كەتتى، تېنىمدىن تەر ۋە تاماكا ئىسى پۇرايدىغان بولۇپ قالدى. دېمەك، سىزگە شۇنىلا ئېيتىپ بېرەلەيمەنكى، ۋاننا، تومپۇچكا ئۇستىگە ئورنىتىلغان تېلېفون، موسكۋانىڭ قاش قارايغان ۋاقتى ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئايالىمنىڭ بەدىنىدىكى ئەتىر پۇرىقى ـــ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسە. مەن بۇ يەرنىڭ ئوقغول ـ دوقغول توپىلىق تۆپە يېتى تۇرۇۋېرىشىنى راۋا كۆرمەيمەن، بۇ يەرگە ئاسفالت يول ياتقۇزۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، دېگەنىدىڭ...

سەن شۇ چاغدا ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىدىڭ، بىراق قوپاللىراق دەۋەتكەنىدىڭ.

ئەمدى مەن دەپ باقاي: مەن... بىر ئايال مېنىڭ يولۇمغا قاراپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن... ئاتاممۇ يولۇمغا قاراپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ناھايىتى ئۇزاق بولدى. ئۇ يەردىكى خىزمەتمۇ ماڭا قاراشلىق، بۇ خىزمەت ناھايىتى مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك. گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ، ئولېگ؟..."

پاۋېل ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ھەم سەلتەنەتلىك مونولوگىنى ئاياغلاشتۇردى. ئۇ شۇ گەپلەرنىڭ ئولېگقا ئەمەس، ئۆزىگە ئېيتىلغاندىلىقىنى، ئۆزىنى قايىل قىلىش ۋە ئاقلاش ئۈچۈن ئېيتىلغانلىقىنى بىردىنلا بايقىدى.

ئەمەلىيەتتە ئولېگقا شۇنداق گەپلەرنى قىلىش بىھۇدە ئىش ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈنكى، ئولېگ شۇنداق ئادەم تۇرسا...
تەبئىي سەزگۈنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇ قۇرۇق يۆتىلىپ قويۇپ:
— ئولېگ، گېپىمگە قۇلاق سال. بىز ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ھەممە گەپنى ئوچۇق دېيىشۋالايلى، — دېدى.
— دېيىشمىسەكمۇ بولار! — دېدى ئولېگ قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، — ئۇكا، دېيىشمەيلى، مەن ھەممىنى چۈشىنىمەن، سېنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىڭنى پۈتۈنلەي بىلىمەن. بىز سەككىز يىل بىللە تۇردۇق-تە، — ئۇ زورىغا كۈلۈپ قويدى، — مەن ساڭا شۇنىلا ئېيتىپ قويايكى، بىزدىن ئايرىلساڭ، كۆڭلۈڭ بۇزۇلىدۇ. بىز بولمىساق ئازابلىنىسەن...

## 2

— بۇ يەردىكى كۈنۈڭ تەس ئىكەن. راستىنلا قىينىلىپ قاپسەن! سەن نەدە پراكتىكا قىلغان؟ قازاقىستاندىمۇ؟ ئۇ يەر ئىسسىقتۇ؟ بۇ يەر سوغۇق، بۇ يەردە كانسېرۋا يېيىشكە، ساپ ئاق ھاراق ئىچىشكە مەجبۇرمىز، سەن ساپ ئاق ھاراق ئىچىپ باققانمۇ؟ — دېگەنىدى ۋېنىيامۇ.
— ياق، — دېدى پاۋېل، — زادى ئىچىپ باقمىغان، سەن دېگەن شىمالىي قۇتۇپ بۆرىسى، بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىڭ ئۇزۇن، سەنمۇ ئىچىپ باقمىغانسەن؟ مېنىڭ ساندۇقىمدىغۇ ئۈچ قۇتا قوي بۆلجۈرگىنى مۇراببasi بار، ساڭا گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن ۋوتكىنى ياقتۇرمايمەن، مۇراببانى ياخشى كۆرىمەن.

ئۇ ساندۇقنى ئاچتى.

— ساڭا شۇنىمۇ ئوچۇق ئېيتايكى، جىك لوندوننىڭ ئەسەرلىرىنى مەنىمۇ ئوقۇغان. شۇڭا قارلىقتا گۈلخان يېقىش ئۇسۇلىنى بىلىۋالدىم. كەلگۈسىدە ئەمەلىيەت ئۇستىدە گۈلخان يېقىشنى بىللە ئۆگىنىۋالايلى.

— بارىكاللا، — دېدى ئولېگ، — ئىككى تەرەپ ئېتىششنى توختاتتى. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ چىقتى. ئەمدى بىزگە كانسېرۋا ئاچىدىغان ئەسۋاب كېرەك.

...بۇ سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن ئىش ئىدى، ئۇلار ۋاقىتلىق ياتاقتا چاي ئىچىپ، بىر-بىرىگە سەپسېلىپ ئولتۇراتتى، ئۆينى تاماكا ئىسى قاپلاپ كەتكەنىدى...

شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ياندىلا ئىدى، دېرىزە سىرتىدىكى ئاپئاق قارلار مۇز تۇتقانىدى، مۇز شىمالىي قۇتۇپقىچە سوزۇلغانىدى. بۇ يەردە قىش بالدۇر كېلەتتى، قاراڭغۇدا ۋە سوغۇقتا كىچىك بىر كەنتتىكى چىراغ نۇرى پىلىلداپ تۇراتتى. ئۇ كەنتتىكىلەر بۇ يەرگە مېھماندارچىلىققا كەلگەنلەردىنمۇ، ۋاقىتلىق بىرەر ئىشقا كەلگەنلەردىنمۇ ئەمەس ئىدى...

ئۇلار تۇندىراغا بارغانىدى. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇدۇلدىكى چەت ئەل دېڭىز قىرغىقىنى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى تۇندىرادا تۇرۇپ كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار ئاشخانىنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن تونۇشتى. ئۆيلىرىگە تېلېگىراممۇ بەردى، ھازىر ئۇلار يۈك-تاقلىرىنى، خالتا-بوخچىلىرىنى يېشىۋاتاتتى...

ياھ! ئەتراپ نېمىدېگەن جىمجىت-ھە، بۇ ھال ئادەمنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايتتى. چامادان ۋە سومكىلاردىكى نەرسىلەر قارىماققا

ئادىي نەرسىلەردەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە شىمال ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسىلەر ئىدى. ئېھتىمال، ئىلگىرى بۇ يەرگە مۇنداق چامادان ۋە سومكىلارنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر كۆپ بولمىسا كېرەك.

چامادان ۋە سومكىلاردا ئۇنۋېرسال قاتلانما پىچاقلار، يوغان ساپلىق ئوۋ پىچاقلىرى، چۈۋۈپ مايلاپ قويۇلغان قوش ئاتار مىلتىق (ئولېگنىڭ بېلگىيدە ئىشلەنگەن بىرۋۇنىڭ تاپانچىسى)، قېلىن يۇڭ پايپاق ۋە تېرە پايپاق، ئۇششۇكتىن ساقلايدىغان غازمىيى، ئىسپىرت، دورا، قاراچاي، پەملىچاي، سەپەرگە ئاتاپ ئىشلەنگەن كىچىك تىپتىكى كىرسىن ئوچىقى، نازۇك لىنزىلىق فوتوئاپپاراتى، چايدان، تېرە ئىشتاننىڭ ئارقا يانچۇقىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭغىلى بولىدىغان قىلىپ لايىھىلىنىپ ئالاھىدە ئىشلەنگەن سۇدان قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى...

ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئەكىلىشتە كۆپ ئويلىنىپ، ئوبدان باش قاتۇرغان، شىمالىي قۇتۇپتا كۆپ يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلغانىدى، بۇ نەرسىلەر ئىچىدە تېپىشى پال-پال، ئىچى غال-غال كېرەكسىز نەرسىلەر يوق ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قولىدىن ئىش كېلىدىغان قاتتىق تەلەپچان كىشىلەر ئىدى، ئۇلار ھازىر ئۆسمۈر ئەمەس، پىشقان مۇتەخەسسىسلەردىن ئىدى، شىمالنى بويسۇندۇرۇش ۋەزىپىسى شۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنىدى.

خۇش خۇي ۋە قامەتلىك ۋېنيا قىلچە قورۇنماي، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى، ھەربىر قول ئىشارىتى

ھەتتا تاماكا چەككەن، چاي ئىچكەن چاغلاردىكى تۇرقى ئۇنىڭ يىراقتىكى شىمالغا نېمىشقا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ يەردە نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى.

— ئاڭلىشىمچە، چۇكوتسكىدىكى بىر يىگىتنىڭ ئايروپىلان ھەيدەش تېخنىكىسى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئوبدان ئۇچقۇچ بىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىمىز. بۇنىڭ ئۇچۇن ھېچكىم بىزگە تەرجىمەھال يازمايدۇ، خاتىرە مۇنارىسى تىكلىمەيدۇ. لېكىن چۇكوتسكى پۇقرالىرى ئاشۇ يىگىت ئۇچۇن ناخشا ۋە ئۇسۇل ئىجاد قىلىپتۇ. بۇنىڭغا ئىگە بولۇش ئۇچۇن ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇ يەنە بىر ئىستاكان چاي قۇيدى.

— مەنمۇ ماڭا ئاتاپ بىر ناخشا ئىجاد قىلسا دېگەن ئۈمىدتىمەن.

— سەن باشقىلارنىڭ ئۆزەڭگە مەدھىيە ئوقۇشىنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن - دە، — دېدى پاۋېل.

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن... بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟

— يامىنى يوق، — دېدى ئولېگ سىپاگەرلىك بىلەن، — مەنمۇ شۆھرەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلىمەن، لېكىن مېنى قوشاقچى قېتىپ مەدھىيىلەش ھاجەتسىز. مەن ئۆزەمنى ئايايمەن، ئېھتىيات قىلىمەن، مېنىڭ يۈرىكىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئوي ئەنە شۇ.

— بۇ دېگەن يوشۇرۇن شۆھرەتپەرەسلىك، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى پاۋېل.

ئولېگ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، بىرپەس توختىۋالغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىغا قاراپ قويۇپ، سەممىيلىك ۋە تۈز كۆڭۈللۈك

بىلەن:

— ئۇنىڭدىن باشقا، مەن بۇ يەرگە قەتئىي بارىمەن دەپ تۇرۇۋ-ۋېلىپ كەلمىگەن، تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن. لېكىن سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن سىلەر بىلەن بىللە ئىشلەيمەن. سىلەر شان-شەرەپكە ئامراق، سىلەرنىڭ ئالىي مەقسىتىڭلار — ئۆزەڭلارنى تونۇپ يېتىش. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش. مەنمۇ سىلەردەك ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىم مۇمكىن. مەن قەلبىمدە ئۆزەم ئۇچۇن ئالقىش ياڭرىتىۋاتىمەن، كۆنلەرنىڭ بىردە كىشىلەرنىڭ ناخشىلىرىدا مەدھىيىلەنىسەم دەۋاتىمەن، — دېدى.

— يېغىرىڭغا تېگىپتۇ-دە! — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋېنيا، — يېغىرىڭغا راستىنلا تېگىپتۇ جۇمۇ!... ئەمىسە ئۇچىمىز ئۈچ كىشىلىك بىر گورۇپپا قۇرايلى، ياكى، سىلىقراق تىل بىلەن ئېيتقاندا، چوكوتسكىنى بويسۇندۇرىدىغان، ئىجادكارلىقتا باي بولغان، مۇستەھكەم ھەم جەڭگىۋار بىر بىرلەشمە قۇرايلى، مېنىڭچە، بىز بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىز...

ئۈچ ياش مۇتەخەسسىسنىڭ قەتئىي تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، ياتاق باشقۇرىدىغان مۇدىر ئۇلارنى شۇ جايدىكى كىشىلەر "بارك" دەپ ئاتايدىغان ياغاچ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار تامدىكى يېرىق-تۆشۈكلەرنى بىردەمدىلا ئېتىپ بولدى، ئاندىن بازاردىن خىلمۇخىل ئۆي جاھازلىرىنى سېتىۋالدى. ئولېگ ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ياتاققا كۆچۈپ كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىر بوتۇلكا شامپان ھارىقىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ۋە قەدەھ سۆزى قىلدى:

— پاۋېل بىلەن مەن يەردە باش كۆتۈرمەي ئىشلەيمىز، سەن

ۋېنيا ئاسماندا پەرۋاز قىلىسەن... مەن بۇ گەپنى سىلەرنى ئاغزىمغا قارىتىش ئۈچۈن قىلىۋاتقىنىم يوق! ئەمدى ھەممىمىز ئۆز كارامىتىمىزنى كۆرسىتىمىز، لېكىن بىللە ئىشلەيمىز! گېئولوگ، يەر شارى فىزىكى ۋە ئۇچقۇچى — بۇ غايەت زور بىر كۈچ! ئوبرازلىق تىل بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئۈچ چوڭ ئېلېمېنتنىڭ بىرىكمىسى... يەنە ئالىجوقلۇق قىلىپ كېتىپتىمەنغۇ! بۇ شامپان ھارىقىنىڭ پەيلى بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك، كېيىن ئىچمەيلى. سىلەرنى شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، شىمال بوش كېلىدىغان يەر ئەمەس. بۇ يەردە ھاۋا سوغۇق، يەر توڭ، پۇقرالار، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارمۇ توڭلاپ قېلىپ يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ دەيدۇ، بۇ يەردە قان بۇزۇلۇش كېسىلى كۆپ پەيدا بولىدۇ، خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ ياخشى، بىزنىڭ دورىگەرلىرىمىز ۋە تەمىنات خادىملىرىمىز بىزنى ئىممونېتلاپ، بۇ كېسەلدىن ساقلاپ قالىدۇ. بىز قەھرىتان سوغۇقىمۇ، قان بۇزۇلۇش كېسىلىگىمۇ بوي بەرمەيمىز. شىمالدىكى جاننى ئالىدىغان نەرسە — شەيتان شەھىرى. ئىلگىرى بىر توپ يىگىت بىر كۈنى دېڭىزغا چۆمۈلگەنىكەن، كېيىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بېشىدىكى قاسقانلىق كېمىچى شەپكىسىنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالماپتۇ! بىز ئۇلارنى دورىساق بولمايدۇ! گېپىمنى چۈشەندىڭلارمۇ باتۇر، نوچى يىگىتلەر؟

— سەن بۇرۇن دەرسخانىدا مۇزاكىرە بولغاندا، گەپنى ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ قىلىدىغان ئوخشايدىكەنسەن، — دېدى پاۋېل. ئۇ جېك لوندوننىڭ ئەسەرلىرىنى چالا قويماي تولۇق ئوقۇپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن شىمال توغرىسىدا ۋە ئۆزىنىڭ شىمال ھەققىدىكى پوزىتسىيىسى توغرىسىدا ئولېگدەك مەردانە سۆزلەرنى قىلىشنى ئۆگىنىۋالالمىغا-

ئىدى، — بىز گېپىڭنى چۈشەندۇق، هازىرقى زامان ئەقلىنىڭ زامانى، شەيتان شەھىرى دېگەن بىرنېمىلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرنېمىلەر نېمە ئىش قىلسۇن؟ رومكىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، خىزمەتكە كىرىشەيلى!...

بۇ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت بولغان ئىش ئىدى، سەككىز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش ئىدى. ئۇلار شۇ چاغدا ئەقىل زامانىدا ياشاۋاتقىنى بىلەن، شىمالغا كەلگەن كىشىلەردىن باغرى قاتتىق بولمىغانلىرىنىڭ رومانتىك تەسىرگە ئۇچرىماي قالمايدىغانلىقىنى، شىمالىي قۇتۇپ مەنزىرىسىگە، پاناقۇيرۇق چايكىغا ۋە شىمالدىكى بىرمۇنچە شەيئىلەرگە مەپتۇن بولماي قالمايدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى...

ئۇلار تېزرەك چوڭ بولۇپ يېتىلىشنى، تەمكىن ۋە ئېغىر-بېسىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىغا قارىماي، بەرىبىر باللار ئىدى!...

كۈنلەر ئارقا-ئارقىدىن ئۆتتى. تۇرمۇشتىكى شەكىلەن ھەشەمەتچىلىكلەرمۇ ئارقا-ئارقىدىن غايىب بولدى. ئۆسمۈرلەرگە خاس شوخلۇق ۋە پۈچەككىلىك سەممىي، چوڭقۇر دوستلۇققا ۋە خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىققا ئورۇن بەردى. خىزمەت ئۇلار ئۈچۈن ئەمدى چۆچەكتەك تۇيۇلمايدىغان، مۇز پارچىلىرى ئارىسىدا فوتو سۈرەتكە چۈشىدىغان ئىشتەكمۇ تۇيۇلمايدىغان بولدى. ئۇلار ئەمدى پىما كىيىپ يۈرۈۋېرىشتىن قۇتۇلدى — ئىمكانىيەت يار بەرسىلا پىما كىيمەيدىغان، كارىۋات بېشىغا كارابىن مىلتىقىنىمۇ ئېسىپ قويمايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇيەردە ناھايىتى ئوبدان ئۆتۈۋاتاتتى...

ئوتتۇز ياش ۋاقتىدا، ۋېنيانىڭ كۆز قۇيرۇقىدا بىلىنەر-بىلىنمەس قورۇقلار پەيدا بولدى، ئۇلار ئولېگنىڭ بېشىدىن تۇنجى ئاق چاچنى

ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن يۇلۇپ تاشلىدى. ئولېگ بۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلىپ قويماي، مەن ھېچقاچان ئاق چاچ بوۋايغا ئايلىنىپ قالمايمەن دەيتتى، چۈنكى، ئۇ چېچى ئاقارغىچە پايىنەك باش بولۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر شۇنداق ئىدى. لېكىن گېن ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى، ئۇنىڭ ئىرسىيەت سىستېمىسىدا چاتاق چىققانىدى. ھازىر پاۋېلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئولېگنىڭ بىر تۇتام چېچى ئاقارغانىدى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىمۇ قورۇق پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئۈچ ياشقا كىرەي دەپ قالغانىدى.

پاۋېل مەنىمۇ پات ئارىدا بالىلىق بولارمەن دەپ ئويلىدى. تانيانىڭ ئوبدان ئانا بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. ۋېنيا: تانيا خوتۇن ۋە ئانا بولىدىغان مۇتلەق تۇغما قابىلىيەتكە ئىگە، دېگەن ئەمەسمىدى.

پاۋېل شۇ تاپتا تانيانى پۈتۈنلەي ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان كىيىم بىلەن تۇرغان، يۇمشاق كېچىلىك كىيىم كىيگەن، چاچلىرى مۈرىسىگە ساڭگىلاپ تۇرغان قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ شۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە پۈتۈن بەدىنى ئىسسىپ، خۇددى ئۆيىدىكى ۋاقتىدىكىدەك ھۇزۇرلىنىپ كەتتى.

تانىيا، تانىيا... سەن نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟ ياق، ئۇ ئەسلىدىلا مۇشۇ يەردە، پاۋېلنىڭ يېنىدا ئىدى، بۇ تەبىئىي ئىشتەك قىلاتتى.

— مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىغانىدى تانيا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن.

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن، ھەي ساراڭ، سېنى ياخشى كۆرمەسلىكىم مۇمكىنمۇ؟

— مەنمۇ، — دېگەندى تانيا تەمكىنلىك بىلەن، — مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

تانيا پاۋېلالارنىڭ چارلاش ئەترىتىدە ئىشلەيتتى. ئۇلار بەش يىلنىڭ ئالدىدا تونۇشقانىدى. ئۇلار ئۇزاقتىن بېرى ئىزچىل دوستانە ئۆتتى، بىللە كىنو كۆرەتتى ياكى كۇتۇپخانىغا بىللە باراتتى — شۇ چاغلاردا تانيا دېرىزتاتسىيە ياقلاشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. كېيىن پاۋېل تانيانىڭ ئۆيىگە چاي ئىچكىلى باردى، ئۇلار بەزىدە بىللە تاماق يەيتتى، ئولېگ بىلەن ۋېنىيامۇ شۇ كەملەردە مۇشۇ يەردە ئىدى، كېيىن ئولېگنىڭ خوتۇنى بىلەن ۋېنىيانىڭ سۆيگىنىمۇ بۇ يەرگە كەلدى. شۇ تاپتا پاۋېل تانيانىڭ ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلىغان، ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا ئۇنى سۆيگەن ۋاقتىنى ئېسىگە ئالالمايۋاتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەممە ئىش بۇرۇنقى پېتىدە داۋاملىشىۋەردى. ئۇلار بىللە بولغان چاغلىرىدا ئوبدان ئۆتەتتى، شادلىققا چۆمەتتى، كۆڭلى تىنىم تاپاتتى. ئايرىلغان چاغلىرىدا بىر-بىرىنى بەك سېغىنىپمۇ كەتمەيتتى، لېكىن كۆرۈشكەندە يەنە شادلىققا چۆمۈلەتتى. پاۋېل بارا-بارا بۇ ئاق كۆڭۈل دوستۇم دائىم يېنىمدا تۇرسا بولغۇدەك دېگەن يەرگە كەلدى.

پاۋېل تانيانى ئوبدان چۈشىنەتتى، تانيامۇ پاۋېلنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەۋىسىمۇ ئوخشايتتى — ھەر ئىككىسى بالېتنى ياقتۇرمايتتى. رەسىم سىزىشنى، چاڭغا تېيىلىشنى ۋە فانتازىيە رومانلىرىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

پاۋېل ئۆزىنىڭ تانياغا ئىجىل بولۇپ قالغانلىقىنىلا بىلەتتى، لېكىن بۇ ھال ئۇنى بىئارام قىلمىغانىدى.

— سەن مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سوراشقا ئامراق

ئىدى تانيا.

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن...

ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق داۋلىسى بار ئىدى. ئۇ بىز ئىيتىۋاتقان مۇھەببەتنىڭ پەقەت توي قىلىشتىن بۇرۇنقى ئالتە ئاي ۋە توي قىلغاندىن كېيىنكى ئالتە ئاي ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەتتىكى تۇرمۇش ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا پەملىگەنىدى. شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇ بىر يىل ۋاقتىنى بىكاردىن بىكار زايا قىلغىچە، توغرىدىن-توغرا تانيانىڭكىگە بېرىپ ياتسا بولمامتى؟ دەرۋەقە، ئۇنىڭغا گۈل تەقدىم قىلىش، شېرىن سۆزلەرنى قىلىشىش، ئۇنى قۇچاقلاش ئادەمنى شادلىققا چۆمدۈرەتتى، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن بىر يىللىق ۋاقىتدىن كېچىشكە توغرا كېلەتتى، كەچسەڭمۇ كەچ، ئۆزەڭ ئۈچۈن كېچسەن-دە...

— ساڭا شۇنداق قىز كېرەكتۇر بەلكىم، — دېدى ئولېگ، — پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەستۇر...

ۋاقىت پاۋېلنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى: ئۇ ئىككىسى بىر يەردە بەش يىل بىللە تۇردى، بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى كاپالىتى ئىدى: بۇنداقتا بىر يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا نىكاھدىن ئاجرىشىش ئۈچۈن پۇل غەملەيمەن دەپ يۈرۈشتىن خالى بولغىلى بولاتتى، مىجەزىمىز ئوخشىمايدىكەن، ھەۋىسىمىز ئوخشىمايدىكەن، شۇڭا كېلىشەلمىدۇق دەپ ئاغرىنىپ يۈرۈشكىمۇ ئورۇن قالمايتتى.

— توي قىلايلى، — دېدى پاۋېل بىركۈنى، — سۆرەۋېرىپ نېمە قىلىمىز؟

— قويغىنا... ھازىرلا توي قىلىپ نېمە قىلىمىز؟ رەسمىيەتنى ئادا قىلىش، باشقىلارنىڭ گېپىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا توي قىلىمىزمۇ؟ مەن خەقنىڭ گېپىدىن قورقمايمەن... بىز ھامان توي قىلىمىز، توي قىلمىساق بولمايدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق. لېكىن، مەن ئالدى بىلەن دىسسېرتاتسىيە ياقلىمىسام بولمايدۇ.

— سەن ئىنتايىن ئەقىللىق جۇمۇ، — دېدى پاۋېلمۇ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، — سەن ھەممىسىنى بىلىدىكەنسەن. سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن.

دېمىسىمۇ، ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى!

كېيىن تانيا لېنىنگرادقا قايتىپ كېتىپ، كاندىدات دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە بولدى. بىر ياتاقلىق بىر يۈرۈش ئۆيىنى ئىككى ياتاقلىق بىر يۈرۈش ئۆيگە ئالماشتۇرۇۋالدى، بۇ ئاندا-مۇندا ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ پاۋېلنى ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار ۋە ئالتۇن تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا يۆتكەش ئىشىنىمۇ توغرىلاپ قويدى.

”ساڭا يېرىم يىل ۋاقىت بېرەي، ئىش-كۈشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى شۇ ۋاقىتتا پۈتتۈرۈۋال، — دېگەنىدى تانيا خېتىدە، — يېرىم يىل ئىچىدە قولۇڭدىكى ئىشلىرىڭنى بىر تەرەپ قىلىۋەت، ئاندىن چۈكوتسكى بىلەن خوشلاش، شۇ ئارىدا بېلىق تۇتقىلى بار، كېيۇئەر تۇمشۇقىنى ۋە مىس قوڭغۇراقنى كۆرۈپ كەل، ئاخىرىدا قوڭغۇراقنىڭ كونىراپ كەتكەن ئارقىنىنى تارتىپ، قوڭغۇراقنىڭ پەس ئاۋازىنى يەنە بىر ئاڭلىۋال، سېنىڭ ئۇ يەرگە بارماي قويمايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن.

سەنمۇ پىكرىڭنى ئۆزگەرت: سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ مۇتلەق

كۆپچىلىكى شىمالىي قۇتۇپنىڭ جەنۇبىدىن ناھايىتى يىراق جايلاردا ياشاۋاتىدۇ، شۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ھالى باشقىلارنىڭكىدىن ناچارلىشىپ كەتكىنى يوق...شىمالنىڭ ھاۋاسى باللارغا، بولۇپمۇ بوۋاقلارغا ياقمايدۇ، ئۇ يەردە ھاۋا شالاڭ، كىسلورود يېتىشمەيدۇ. مېنىڭ دېگەنلىرىم توغرىمۇ؟ سېنىڭ ئوبدان ئاتا بولغۇڭ يوقمۇ؟"

جېنىم تانيا، سېنىڭ دېگەنلىرىڭ پۈتۈنلەي توغرا. بۇ يەردە ھەقىقەتەنمۇ كىسلورود يېتىشمەيدۇ. بىراق، ئولېگنىڭ بالىسى ناھايىتى ساغلام ئۆسۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ يۇپيۇمىلاق يۈزى كەينىدىنمۇ كۆرۈنىدۇ، ئۇ ھېچقاچان چۈشكۈرۈپ باقىغىنى يوق. لېكىن بۇ ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى، ئولېگنىڭ ھەر جەھەتتىن ئامەتى كېلىۋاتاتتى.

مىس قوڭغۇراق توغرىسىدىكى گەپلەرنى بىھۇدە يېزىپسەن، ئۇنى يېزىپ نېمە قىلاتتىڭ...

پاۋېل مىس قوڭغۇراق توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى ئېسىگە ئالدى.

سۇ يولى توغرىسىدىكى كونا قوللانمىدا مۇنۇلار پۈتۈلگەنىدى: كېيۇئەر دېڭىزىدىكى قۇم تۇمشۇقتا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا ئاكا-ئۇكا سۆبىرىتىسۇلار قويغان، ئاۋازى ئۆزگىچە ئاستا ۋە پەس چىقىدىغان سىرلىق مىس قوڭغۇراق ئېسىلغان. قوڭغۇراق مۆجىزىدەك بىر كېچىدىلا ماياك ئۈستىدە پەيدا بولۇپ قالغاچقا، سىرلىق تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغان. مايارك پونكىتىدىكى باشقۇرۇش خادىملىرى ئەتىگەندە ئىشكىتىن چىقىپلا ھاڭ-تاڭ قالغان: يېڭىدىن ياسالغان ئۈچ پۇتلۇق ياغاچ جازىغا بىر مىس قوڭغۇراق ئېسىلغان...

ئۇلار سۇ يولى قوللانمىسىنى كۆرمىگەنىدى، لېكىن كاپىتان ۋالگىنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ھەقىقەتەنمۇ ئاۋازى كارامەت چىقىدىغان

بىر مىس قوڭغۇراق بار ئىكەن، كېيىن بۇزۇلۇپ كەتكەنمۇ ياكى كىشىلەر ئىشىككە تۇتقۇچ قىلىمىز دەپ ئېلىپ كەتكەنمۇ، ئەيتاۋۇر يوقىلىپ كەتكەنىكەن...

بىركۈنى ئۇلار شېرىن ئۇخلاۋاتقاندا، كاپىتاننىڭ قىزى نادىيا كەلدى، ئىشىكتىن كىرىپلا جۇۋىسىنىمۇ سالماي، ئۇلارنىمۇ ئويغاتماي سۆزلەپ كەتتى:

— يىگىتلەر، مەن مىس قوڭغۇراقنى تاپتىم. قوڭغۇراق بۇ يەرگە يېقىن بىر جايدا، ئاپتوماتىك ماياكنىڭ ئۇ تەرىپىدە، كونا ماياكنىڭ يېنىدا ئىكەن.

ئۇلار يېڭى ياغقان، تىزغىچە كېلىدىغان يۇمشاق قارنى دەسسەپ، توپتوغرا بىر سائەت ماڭدى. ئۇلار كېيۇئەر تۇمشۇقىدىكى ئېگىزلىككە چىققاندا، تۇنۇگۈن كەچقۇرۇندىن تارتىپلا غۇۋالىشىپ كەتكەن ئاسمان گۈمبىزى غايىب بولدى. زۇمرەتتەك يايپېشىل دېڭىز قولتۇقى بەئەينى چىمەنلىككە ئوخشاپ قالغانىدى. كەچكى شەپەقنىڭ غۇۋا نۇرى خۇددى بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن ئۇچۇپ يۇرگەن لىپىنتىدەك تارقىلىۋاتاتتى، دېڭىز قولتۇقىنىڭ ئېغىزىدىكى تاشلارنىڭ بىر تەرىپى قىزىل ئىدى، بىر تەرىپىگە ئالىبۇلا ئاق شەبنەم چۈشكەنىدى. بۇ يەرگە قۇياش نۇرى ئۇدۇل چۈشسە، ئادەمنىڭ كۆزى ئالچەكمەن بولۇپ كېتەتتى.

— بۇ يەردە رەسسام بولساڭ نېمىدېگەن پەيزى-ھە، — دېدى ئولېگ، — ئەركىن قەلەم تەۋرىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايسەن، مەيلى قانداق سىزغىن، بەرىبىر ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ...

ئۈچ پۇتلۇق ياغاچ جازىغا ئېسىلغان مىس قوڭغۇراق ئەتراپىتىكى يەر-زېمىنگە، ئويمان-دوڭغۇل تۇندىرانىڭ چېتىدىكى مۇزلۇققا

www.uyghurkitap.com

ئوخشاشلا قەدىمىي تۇس ئالغانىدى. ئولېگ مىس قوڭغۇراقنىڭ شامال سوقۇپ، يامغۇر يالاپ كونىراپ كەتكەن ئارقىسىدىن بىر تارتىۋىدى، قوڭغۇراقتىن بوش ۋە ئاستا سادا چىقتى.

— ئاللىقاچان غايىبىي دۇنياغا كەتكەنمىكىن دېسەك، تېخىچە ئادىمىزات دۇنياسىدا تۇرۇپتۇغۇ، — دېدى پاۋېل، — قاراڭلار... ئۈستىدە خەت تۇرىدۇ.

ئۇلار قوڭغۇراق ئۈستىدىكى كۆكۈچ داتنى ئېرتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى بىرنەچچە قۇر خەت كۆزگە تاشلاندى:

”بۇ مىس قوڭغۇراق 1860 - يىلى ئاكا - ئۇكا سۋېرتىسۇلارنىڭ زاۋۇتىدا قۇيۇلغان. مىس دېڭىزچىلارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ۋە تۇل ئايالـلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن توپلانغان. بۇ قوڭغۇراق كىشلەرگە بەخت - سائادەتتىن ۋە ئاسايىشلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، ئۈمىد ئوتىنى ياندۇرىدۇ ھەمدە بەختكە قارشى ئالەمدىن ۋاقىتسىز ئۆتكەن ئەزىمەتلەرنىڭ روھىنى خاتىرىلەيدۇ.“

ئولېگ بۇرنىنى خېلى ئۇزاقىچە مىجىلداتتى — ئۇ بىرەر ئىش ئۈستىدە ئويلانغاندا، ھامان شۇنداق قىلاتتى:

— قىزىق - ھە، مېنىڭچە بۇ قوڭغۇراق مىسكىنلىك تۇسىنى ئالغاندەك تۇرىدۇ...

ئۇلار قايتىشىدا تانيانىڭكىگە باردى. تانيا ئۇلارغا چۆشلۈك تاماقنى بورۇنلا تەييارلاپ قويغان ۋە بىرنەچچە قېتىم ئىسسىتىپمۇ بولغانىدى. تاماقتا بىرئاز ئىس ئۆتۈپ قالغان، قەھۋەمۇ تېشىپ كەتكەنىدى، ئەمدى يېڭىباشتىن قايىنىتىشقا توغرا كەلدى، بۇزۇلغان قەھۋەنى ئىچىشنى ھېچكىم خالىمايدۇ - دە، بۇ ھال ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى، لېكىن ئۇ ئېغىر - بېسىق قىز ئىدى، مېھمانلار كەلگەندە،

ئۇلارنى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇ كۆپچىلىككە ئۇستۈڭلار-
دىكى قارنى قېقىشتۇرۇۋېتىڭلار، قار كىرىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن
پايپىقىڭلارنى قۇرۇتۇۋېلىڭلار دېدى، ئاندىن ئىشىنىڭ ئۈپسىنى
بىلدىغان ئەقىللىق چوڭ ئادەملەرنىڭكىدەك سالاپەت بىلەن سۆز
قىلدى:

— قەلەيدىن ياسالغان قورچاق ئەسكەرلەرنى ئېلىپ بەرسەم
ئوينامسىلەر؟ — دېدى تانيا ئۇلارنىڭ كەينىدە پول سۇرتۇۋېتىپ، —
ياكى خاسىيەتلىك ئاللادىن چىرىقى ئېلىپ بېرەيمۇ؟ سىلەر قەھۋە
ئىچكەچ، خىيال سۈرۈڭلار. ھەر ھالدا ئىسسىق ئۆيدە زۇكام بولۇپ
قالماسسىلەر.

ئۇلار تاماقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، تانيا تەبەسسۇم بىلەن مۇنداق
دېدى:

— نېمشقا بالدۇرراق ئېيتمىدىڭلار؟ بۇ قوڭغۇراقنىڭ نەدىلىكىنى
بىر يىلنىڭ ئالدىدىلا بىلگەنىدىم. ھە راست، قوڭغۇراق رەڭلىك
مېتالدىن قۇيۇلغانىكەن. ئۇنى كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىۋالىدىغان
ئىككىنچى زاۋۇتقا ئاپىرىپ بېرىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ
رەھمىتىنى ئالىسىلەر تېخى.

نادىيا قوشۇقنى تاشلاپ قويدى.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى نادىيا، — ... نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى
بىلەمسەن؟ مىسنى دېڭىزچىلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى يىغقان، ئۇلار
قوڭغۇراقنى ئەرلىرىنىڭ غەيرىتىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن قۇيدۇر-
غان، ئۇنىڭغا چېقىلىدىغان بولساڭ، قاراپ تۇرمايمەن...

ئۇ تانياغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى، ۋېنيا شۇ زامات ئۇستەل
ئاستىدىن پۇتىنى ئۇنىڭغا تەككۈزۈپ قويدى.

— يىگىتلەر، — دېدى ۋېنىيا، — مېتالچىلىق سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مېتالچىلىق زاۋۇتلىرىغا ئەلۋەتتە مىس كېرەك! ئۇنى مۇزېيغا ئاپىرىپ بەرسەكمۇ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىلگىرى دېڭىزچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان بۇ مىس مۇھاپىزەتچىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۈچۈن يەنە پوستا تۇرۇپ بېرىشىنى تىلەيمەن...

ۋېنىيا رومكىسىغا ۋوتكا قۇيدى ۋە رومكىسىنى كۆتۈرۈپ، يورۇققا توغرىلاپ بىر قارىۋەتتى-دە، جىددىي قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ قوڭغۇراق ئەمدى دېڭىز قىرغىقىدا پات-پات چېلىنسۇن. لېكىن بۇ مۇقەددەس قوڭغۇراقنى خالىغانچە چېلىشقا بولمايدۇ. ئارىمىزدىكىلەر بەزىلىرىمىز روھىي جەھەتتە بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان ياكى ھەسرەت ئىچىدە قالغان، چارچىغان، مەيۈسلەنگەن چاغلاردا ۋە ياكى روھىي ئازابتىن قۇتۇلالماي قالغان چاغلاردا تۇندىرانىڭ مۇشۇ يەردىكى باشلىنىش نۇقتىسىغا — تىك قىيا ئۈستىگە چىقىپ مىس قوڭغۇراقنى چېلىپ، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئاچىدىغان ئاۋازىنى بىر ئاڭلىۋالساقلا كۇپايە. شۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان كىشى ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما بۇ قوڭغۇراقنى كەلسە-كەلمەس چېلىشقا بولمايدۇ...

ئولېگ ئەستايىدىللىق بىلەن:

— بوپتۇ، دېگىنىڭچە بولسۇن، — دېدى-دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ نادىيادىن، — بۈگۈندىن باشلاپ سېنى ماياك مۇھاپىزەتچىسى ۋە چوڭ قوڭغۇراقنىڭ ئاساسىي ۋەسىسى قىلىپ بەلگىلەيلى، قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— ماقۇل... — دېدى ئىخلاسمەن قىز نادىيا.

www.uyghurkitap.com

"318 ـ قېتىملىق نۆۋەتچى ئايروپىلانغا چىقىدىغان يولۇچىلار دىققەت، ئايروپىلانغا چىقىشقا تەييارلىنىڭلار."

ئولېگ پاۋېلنى ئايلانما ئىشىكنىڭ يېنىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى:

ــ خەير ئەمىسە، مۇشۇ يەرگىچە ئۇزىتىپ قوياي، ئۇكا، ئايروپىلانغا چىقىڭ.

ــ ماڭدىم ئەمىسە... ئادرېسىمنى ئۇنتۇۋالدىڭمۇ؟

ــ ئۇنتۇۋالمىدىغان...

ئۇ ئىككىسى يەنە بىرپەس تۇرۇشتى. ئاندىن كېلەڭسىزلىك بىلەن قۇچاقلاشتى ــ بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قۇچاقلىشىشى ئىدى. پاۋېل سېمونت سۇپىغا چىققاندىن كېيىن، ئىككىنچى كەينىگە قارىمىدى، لېكىن ئولېگنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ تۇرغانىدى.

"بىزدىن ئايرىلساڭ، كۆڭلۈڭ يېرىم بولىدۇ..."

...كەڭ زېمىن ئايروپىلان گەۋدىسى ئاستىدا ئۇلتۇرۇشۇپ باردى، يەنە ئون بەش سائەتتىن كېيىن ئۇ موسكۋاغا يېتىپ باراتتى. ھەممە ئىش ئاددىي ئىدى.

پاۋېل بەھۇزۇر ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى. ئۇ تانيا ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ بولغاندۇ، مېنىڭ كۇتۇپخانامنى نېمە قىلىۋەتكەندۇ، ئۆي جاھازلىرىنى بوش يەر قالدۇرماي ئۆيگە لىق تىزىۋەتتىمۇ تېخى، شۇنداق قىلغان بولسا، ئۆي جاھازلىرىنىڭ يېرىمىنى تاشلىۋېتەرمەن، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ تانيانىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا، يۈرىكى شېرىن ھېسسىياتقا تولاتتى. تانيا شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى....

## 3

تېلېفون جىرىڭلاپ ئۇنى ئويغىتىۋەتتى.

— ھە، مەن، — دېدى پاۋېل، — ئەتىگەنلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن... سەن ئىكەنسەنغۇ. كەچۈرگەيسەن، ئالېكسېي، ئاۋازىڭدىن تونۇۋالالماي قاپتىمەن. ئوبدان تۇرغانسەن. ھازىرلا باراي. بارىمەن دېدىممۇ بارماي قالمايمەن. ئىشتىنىمنى كىيىپ بولۇپلا ماڭاي. ئىشىڭغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويدۇم دەۋاتامسەن؟ نەدىكىنى، بۇنداق ئىش دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ... مەن قىشلاقتىن ئەمدىلا كەلدىم، تۇگۇنۇن كېچە... گەپنىڭ قىسقىسى، مېنى كۈتۈپ تۇر.

پاۋېل تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ قويدى-دە، ئىچىدە بۇ مېنىڭ سەككىز يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم يوتقاندىن چىقماي تېلېفون ئېلىشىم دەپ ئويلىدى. ئۇ بىر كېرىلىۋېلىپ، ئاشخانىغا كىرىپ گىمناستىكا ئويناشقا بولدىيۇ، ئويلىنىپ بېقىپ كۈلۈپ كەتتى — ئۇ تېلېفوننىڭ كارىۋات بېشىغا بېرىلگەنلىكىگە قاراپلا تاڭ سەھەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى-دە، بىر قېتىملىق ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئويناشتىن ۋە سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشتىن ۋازكەچتى.

ئۆي ئىچى كۈن نۇرىغا چۈمۈلدى، تاڭ شامىلى ۋە موسكۋا بازارلىرىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلار ئوچۇق دېرىزىدىن ئۆيگە كىردى. سەككىزىنچى ئاي ئاخىرلىشىپ، ياز ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ھەتتا تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىمۇ خىزمەتنىڭ باشلىنىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

تۈنۈگۈن تانيا تېلېفون بېرىپ، بىرنەچچە ئېغىز چاقىرىۋاقغانىدى، ئۇ تېلېفون بېرىۋاتقاندا يىغلىغاندەكمۇ قىلدى. ئۇ شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئىدى: پاۋېل موسكۋادا توپتوغرا بىر ئاي تۇرغان تۇرسا، لېنىنگرادقا بېرىشقا بىر-ئىككى كۈن ۋاقىت چىقماي قالامدۇ؟ ئۇ ئۆتتۈپ كەتكەن شەخسىيەتچى جۇمۇ، يەنە كېلىپ تانيا ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇۋاتاتتى، تانيا ھەر نىمە دېگەن بىلەنمۇ ئايال كىشى-دە. قۇراشتۇرۇش ئىشچىلىرى ساپلا ھاراقكەشلەر ئىدى، تانيا ئۇلارغا يۈز يۈيىدىغان ئىدىشنى پۈختىراق ئورنىتىپ بەرسەڭلار دەپ يالۋۇرۇپ نۇرغۇن ئېغىز ئۆپراتتى، لېكىن، ئۇلار گەپكە كىرمىدى.

تانيا تېلېفوندا شۇ گەپلەرنى قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا پاۋېلغا يەنە: موسكۋادىكى دوستلىرىڭدىن ھەقىقەتەن مېھرىڭنى ئۈزەلمىسەڭمۇ، نامرات ياقا يۇرتتىن راك تۇتىمەن دەپ ئايرىلغىلى ئۇنىمىساڭمۇ مەيلى، ئەمما مىنىستىرلىككە بېرىپ ئالېكسېي روگوزىننى ئىزدەشكىنغۇ ھەر ھالدا ۋاقتىڭ چىقار ئىدى. قايتا خىزمەت تەقسىم قىلىشنى مەن تەلەپ قىلغىنىم يوق، ئالېكسېي روگوزىن تەلەپ قىلىۋاتىدۇ دەپ قاراپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر بارساڭ بولاتتى دېگەنىدى.

"تانيا دۇنيادىكى گەپتە ئۇتتۇرمايدىغان ئادەملەرنىڭ بىرى-دە، — دەپ ئويلىدى پاۋېل جېنى سۆيۈنۈپ، — ئۇنىڭ يېنىغا ئەتە باراي. ھازىر مىنىستىرلىككە بېرىپ مانداتىمنى ئېلىۋالاي، ئاندىن ئۇ يەردىن يېنىپ چىقاي! كېيىن نېۋا كوچىسىنى ئايلىناي... ۋاي-ۋۇي! ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان..."

— جېنىم بالام، ئويغىنىپسەن-ھە، — دېدى ئاتىسى ئۆيگە كىرىۋې-

تىپ، ــ تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن... مە، بۇ ساڭا تەييار-لىغان سوغىتىم. ساڭا ئەسقاتىدۇ. ــ ئۇ ئېگىشىپ ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدى-دە، ھۆسنىخەت بېسىلغان ئالاقە سومكىسىنى يوتقانىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

ــ مۇنداق دە، بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىكەن-دە، ــ دېدى پاۋېل نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ــ مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن، تۇغۇلغان كۈنۈم ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ... رەھمەت، بۇ گەپچە مەن ئوتتۇز ئۈچ ياشقا كىرىپتىمەن-دە؟ يېڭىلىشىپ قالمىغانسەن، ئاتا؟

ــ سەن كېچىدە تۇغۇلغان، ــ دېدى ئاتىسى، ــ نېمە ئۈچۈندۇر باللار ساپلا يېرىم كېچىدە تۇغۇلىدىكەن. ئېيتقىنچۇ، ساڭا نېمە دەپ دۇئا قىلساق بولار؟ ــ ئۇ بېشىنى سەل سىڭايان قىلىپ، ئوغلىغا قاراپ قويدى، ــ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى ئاددىي بولسىمۇ بىر تەبرىكلىۋەت-مەمدۇق؟

ــ ماقۇل، ــ دېدى پاۋېل قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ــ ھازىرلا قېشىڭغا چىقاي...

پاۋېل كىيىنىپ بولغىچە، ئاتىسى مۇزلاتقۇدىن بىر بوتۇلكا كونياك، بىرە لىمون، ئېرىمچىك ۋە ئىككى نەپىس كۈمۈش قەدەھنى ئېلىپ تەييارلاپ قويدى. ئۇلار قەدەھ سوقۇشتۇردى-دە، گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. ئاتىسى پەتنۇسنى يىغىشتۇرىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ سەن تۇغۇلغاندا، مەنمۇ ئوتتۇز ئۈچ ياش ئىدىم. بۇ ياش يۈز يىلنىڭ ئۈچتىن بىرى. مېنىڭچە، بۇ ئەھمىيەتلىك بىر ياش، ــ دېدى.

ــ توغرا، ــ دېدى پاۋېل، ــ بۇ ئەھمىيەتلىك ياش، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان ياش. باياتىن ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە

ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئالېكسېي روگوزىنىدىن تېلېفون كەلدى. ئۇ مىنىستىرلىكتە ئىشلەيدۇ. مېنىڭ مانداتىمغا ئىمزا قويۇلۇپتۇ. بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭمۇ؟ بۇلار ئوتتۇز ئۈچ يېشىدا بولۇۋاتقان ئىشلار. ئاتا، سەن ماڭا ئالاقە سومكىسىنى سوۋغا قىلدىڭ. مىنىستىرلىكتىكى يولداشلار مېنىڭ خىزمىتىمنى لېنىنگرادقا يۆتكەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تەييارلاپ قويىدى، ھازىر مەن شەرقىي شىمالىي رايونلارغا دائىر مەسىلىلەر بويىچە مۇتەخەسسىسمەن، ئەمدى ھەر ئايدا قېشىڭغا كېلىپ كونياك ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم، قانداق؟ رازىمۇ سەن؟

— رازى، ئوغلۇم، قالتىس رازى. ئەمدى قەھۋە ئىچەيلى.

ئۇلار جىم ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدى. ناشتىدىن كېيىن، بىركىم ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتتى، ئاتىسى ئىشىكنى ئاچتى ۋە بىر خەتنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— سېنىڭ خېتىڭ ئىكەن، — دېدى ئاتىسى.

پاۋېل كونۋېرتنى ئاچتى.

”قەدىرلىك پاۋېل پېتروۋىچ! ئاتكىرىتكىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. سىز كەلگەندە ئۆيدە بولمىغانلىقىمدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. شۇ چاغدا مەن قىزىم بىلەن ساناتورىيىدە دەم ئېلىۋاتاتتىم. بىز تەرەپكە كەلسىڭىز. سىز بىلەن كۆرۈشسەم دەپ تەقەززا بولۇۋاتىمەن، سىزنى كۈتىمەن. ئوغلۇم توغرىسىدىكى ھەرقانداق خەۋەر مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك. سىزنىڭ لىدىيا ئالېكسېيېۋنايىڭىزدىن.“

— خەت ئەۋەتكۈچى كىم؟

— بىر دوستۇمنىڭ ئانىسى، مەن ساڭا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ

بەرگەنغۇ... ھېچگەپ يوق، بىر بارمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. شەھەر سىرتىغا چىقىدىغان گەپ، پىكاپنى ئىشلەتسەم بولارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. پىكاپ ئوڭلاندى، چاتاق يوق.

مىنىستىرلىكنىڭ ئىچى سالقىن ئىدى، بىنادىن كۆچلۈك ئەكس سادا چىقىپ تۇراتتى. پاۋېلغا كارىدوردا تونۇش-بىلىشلەر ئۇچراپ تۇردى، پاۋېل ئۇلارغا بېشىنى لىڭشىتىپ سالام بەردى. لېكىن ئۇ ھازىر بۇرۇنقىدەك شۇ تونۇش ئادەملەر ئارىسىدىن شىمالدىن كەلگەنلىرىنى تاپسام ۋە شۇلاردىن شۇ ياقنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئۇققۇشسام دېمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەمدى ھەممە نەرسە زۆرۈرىيىتىنى يوقاتقانىدى.

ئالېكسېي نىكولايېۋىچ روگوزىن شىمالىي قۇتۇپنى چارلىغۇچى خادىم ئىدى، دېمەك، ھەقىقىي قۇتۇپ خادىمى ئىدى. ئۇ ئەقىللىق، ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى تۈز، ئاغزى چاققان ئىدى، ئۇ گەپنى ئۇچۇق قىلاتتى، ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا ئىخچام خۇلاسىگە كېلەلەيتتى:

— بولدى قوي، — دېدى روگوزىن، — مەن سېنى چۈشىنىمەن. سەن شىمالدا بىرمەزگىل تۇردۇڭ. ئەمدى ئۆي تۇتۇۋالمىساڭ بولمايدۇ. — ئۇ پاۋېلغا كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خەيرىخاھلىق ۋە چۈشىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، — ئۆي تۇتىدىغان، باللىق بولىدىغان ۋاقتىڭ يەتتى، ئەمدى كىيىملىرىڭنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاپ يۈرسەڭ بولمايدۇ، كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىشقا توغرا كېلىدۇ... ئوتتۇز ئۈچ ياشقا كىردىڭ-دە، دوستۇم، ئورگانىزمىڭدىكى ئوكسىدلىنىش جەريانى ئاجىزلاشقاندۇ، ئەمدى ھەرىكەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان

www.uyghurkitap.com

باسقۇچ يېتىپ كەلـدى، كىرىم بىلەن چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ...قانداق، پېتىربۇرگقا بارامسەن؟

ــ پېتىربۇرگقا①، ئۇكا.

ــ گەپ شۇ بولـسۇن.

ــ بىر ھەپتىدىن كېيىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىمىز.

ــ ئىشنىڭ قاملىشىپ كەلگىنىنى قارا! ئەتە مەنمۇ...توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىمەن. بىز قەدىناس دوست، يۈزۈمنى قىلىپ ئۆيۈمگە بارغىن، ھە! توي شارابى ئىچكىلى كەل، جۇمۇ؟ كەلـگەنـدىمۇ شـىمالـلىق سالاپىتىڭ بىلەن كەل...

ــ بۇ بىز ئۇچـۇن ھېچ گەپ ئەمەس، ــ دېـدى پاۋېـل ئۇنىڭ گېپـىنى بۆلۈپ، ــ بىز دېـگەن شىمالـلىقـلاردەك ئويـناپ، ئىچـكى ئۆلكىلىكلەردەك ئىشـلەيدىغانلار... ــ ئۇ سۆزىنى بىردىنـلا توختات-تى، ــ ئالېكسېي، تەكلىپ قىلغىنىڭغا رەھمەت، سېنىڭكىگە بارالمايمەن. مەن ئەتە يولغا چىقىمەن. لېكىن كۆڭلۈم سىلەر بىلەن بىللە.

ــ ئەپسۇس، ئۇكا. لېكىن بۇنىڭغا نىمە ئامال، بوپتۇ، يولـغا چىق. يىل ئاخىرىدا سېـنى مىنىستىرلىكـكە مەجلـىسكە تەكـلىپ قىلايلى.

... پىكاپ بېلوروسىيە تاشيولىغا چىقتى، پاۋېل يېنىك بىر نەپەس ئالدى: شەھەردىـكى تىرالـلىبۇسـلار، قىزىل-يېـشىل چىراغلار ۋە كىشىلەرگە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ يۈرىدىغان موماىلار ئۇنى بەك چارچە-تىۋەتـكەنـىدى. موسكـۋادا پىكاپ ھەيـدەش ئادەمـگە ئارام بەخش

① يەنى لېنىنگراد، بۇ يەردە لېنىنگرادنىڭ كونا نامى چاقچاق تەلەپپۇزى بىلەن ئاتالغان.

ئېتىدىغان كۆڭۈللۈك ئىش بولۇشتىن قېلىپ، ئادەمنى تەرگە چۆمدۈ-رىۋېتىدىغان ناھايىتى جىددىي ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. موسكۋا پاۋېلنى زېرىكتۈرۈپ قويدى. بىراق ئۇ شەھەردىن چىققاندىن كېيىن، مۇساپە كۆرسەتكۈچىنىڭ ئىستىرىلكىسى يۈز كىلومېترلىق شكالىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ شەھەر سىرتىنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن بۈگۈن شەھەر سىرتى ئۇنىڭغا ياقمىدى، چۈنكى بۇ سەھرا سەيلىسى ئەمەس ئىدى، يول بويى ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولدى.

ئۇنىڭ تىلى ئېغىر ئىدى، ئۇ كىشىلەرنى بەزلەشنى بىلمەيتتى، لېكىن بۇدو بەزلەش ھاجەتسىز ئىدى، ئۇ بارمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇنلا بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن قورقۇشقا باشلىغانىدى... ۋېنيانىڭ قۇربان بولغىنىغا بىر يىل بولدى، ئۇنىڭ ئانىسى تېخىچە ئازابلىنىۋاتاتتى. ۋېنيانىڭ ئانىسى ئۇنى ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى يېڭىباشتىن سۆزلەپ بېرىشكە، ئوغلى قۇربان بولۇشنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلماي قالمايتتى. دەرۋەقە، بۇلارنى ھازىر سۆزلەپ بېرىش ھادىسە تۇغۇلغاندىن كېيىنلا سۆزلەپ بېرىشكە قارىغاندا ئاسانراق چۈشەتتى...

ۋېنيا توغرۇلۇق سۆزلەش كېرەك، بۇنىڭدا گەپ يوق. لېكىن ۋېنيا توغرۇلۇق ئۇ يوق چاغدا ئوبدان سۆزلىگىلى بولمايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى، پىداكارلىقىنى مەدھىيىلىشەتتى... بۇلار راست ئىدى. ئەمما ۋېنيانىڭ باشقا تەرىپىمۇ بار ئىدى: ئۇ دائىم ئالدىراشلا يۈرەتتى، ئويۇنغا ئامراق ئىدى، خۇش پېئىل، مەردانە ئىدى. پاۋېل ۋېنيانىڭ ئانىسىغا شۇلارنى ئېيتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى...

## 4

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ باغچىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى كەينى-كەينىدىن تۆكۈلۈۋاتاتتى، لېكىن ھاۋا ئىسسىق ھەم ئوچۇق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ياز پەسلى ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەرەخلەرنىڭ سايىسى سۇسلاش-قانىدى، ھاۋامۇ شالاڭلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. قىزلار چىرايىدىن كۆلكە يېغىپ تۇرغانلىقىغا قارىماي، يازدىكى ھاياتىي كۈچىدىن قالغانىدى: ئاپتاپ قىزدۇرۇپ تۇرغىنىنى بىلەن، سوغۇق كۆز يېقىنلىشىپ قالغانىدى...

نىنا مەكتەپتىن چىقىپ، گوركى كوچىسىغا كەلدى، ئۇ بېلورۇسىيە ۋوگزالىغا باراتتى. ئانىسىنىڭ ئاللىبۇرۇنلا قايتىپ كەلگەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى، ئالېكسېينىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ بىر ئاپتوبۇس بېكىتىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر بېكەت يول ماڭدى. پۇشكىن مەيدانىدىكى كىنوخانىنىڭ يېنىدا توختاپ، شاكالات ماروژنى ئالدى-دە، تېخىمۇ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى يېڭى سىرىق كۆڭلەك ۋە قولىدىكى چىغ سومكا سودا دۇكانلىرىنىڭ مال ئەۋرىشكىلىرى قويۇلىدىغان ئەينەكلىك جازىلىردا پات-پات ئەكس ئېتىپ تۇراتتى...

ھازىر ئۇنىڭ ئۆز تۇرمۇشى ئۈستىدە، كەلگۈسى ۋە ھازىرقى ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىش پەيتى كەلگەنىدى. ئۇ ئويلىنىشقا ھەقلىق ئىدى، ئويلانمىسا بولمايتتى... ئۇ كوچىدىكى سودا دۇكانلىرىنىڭ ئەينەكلىك جازىلىرىغا قارىمىسا بولاتتى: بۇ جازىلار خۇددى ئەينەك-

تەك ئۇنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ كېتىۋېتىپ ئەينەك-لىك جازىغا قاراپ قوياتتى-دە، كۆڭلى يايراپ كېتەتتى...

تۇرمۇشتا ھامان بەزى چوڭ-چوڭ ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ. كىشىلەر-نىڭ تۇرمۇش مۇساپىسىدە بىرمەزگىل ئىچىدە، بۇ مەزگىل قىسقا بولۇشىمۇ، ئۇزۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن، يا چوڭ، يا كىچىك بىرەر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىچۇ؟ ئۇنىڭ تۇرمۇشىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ مۇنداق ۋەقەلەر بولغا-نىدى: ئۇ دەسلەپتە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، بالاغەتكە يەتكەن، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈر-گەن، تۇنجى مۇئاشىنىمۇ ئالغان. ھازىر ئۇ توي قىلىش ئالدىدا تۇراتتى، كېيىن بالىلىق بولىدۇ، ئاندىن دېسسىرتاتسىيە ياقلايدۇ، پېنسىيىگە چىقىدۇ، كۈمۈش تويىنى① تەبرىكلەيدۇ.

"سەن بەختلىكمۇ؟ شۇ تاپتا ئالېكسېي توي ئۈچۈن ئۆزۈك تاللا-ۋاتىدىغاندۇ؟" ئۇنىڭ ھەممە يەرنى ئارىلاپ ئۆزۈك تاللاۋاتقانلىقىدا گەپ يوق. مەن بەختلىكمەن...

نىنا ئېلېكتىرو پويىزنىڭ ۋاگونىغا قىسىلىپ كىرىش ئورنىغا ئۆتمە سۇپىدا ئۆرە تۇرۇشنى ئەۋزەل كۆردى: بۈگۈن شەنبە ئىدى، بازاردىن سېتىۋالغان نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈشۈۋالغان كىشىلەر بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ، بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ يۈرەتتى، سىرتنىڭ مەنزىرىسى بۇ يەردىن ئوبدانلا كۆرۈنەتتى.

ئۇنىڭ شەھەر سىرتىدىكى داچىدا تۇرۇۋاتقىنىغا كۆپ يىل بولغا-

---

① ياۋروپالىقلار توي قىلغانلىقىنىڭ 25 يىللىقىنى كۈمۈش توي دەيدۇ. — تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com

نىدى. ئۇ ئانچە چوڭ بولـمىغان يۇمۇلاق ياغاچ ئىمارەت ئىدى. بۇ ئىمارەتنى ئاتىسى ئۇرۇشتىن ئىلـگىرى سېتىۋالغانـىدى. يىقىنقى يىللاردىن بېرى، ئالېكسېي نىنانىڭ ئەتراپىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، دېرىزە ئاستىدىكى چىمەنلىكتە ۋە گۈللۈكتە ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىزلىرى تېپىلاتتى، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلـمەيدىغان كۈنلىرى يوق ئىدى. ئۇ نىنانى ھەر دائىم ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى، كىنوغا ئاپىراتتى، نىناغا چەكسىز غەمخورلۇق قىلاتتى ۋە كۆيۈنەتتى. ئۇ نىنا بىلەن بىللە قېيىق ھەيدىگەن چاغلاردا، نىنا ئۆزى قېيىقتا ئولتۇرغىنى بىلەن، كۆزى باشقا ياقلاردا ئىدى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۆزىنىڭ تەساۋۋۇرىدىن ئالـلىقاچان ئورۇن ئالغان باشقا بىر كىشىنىڭ كۆلەڭگىسى زاھىر بولاتتى: ئۇ قىسقا يەڭلىك ئاق كۆڭلەك كىيگەن، ھىندىئانلارغا ئوخشاپراق كېتىدىغان قاراچاچلىق، قارامتۇل يىگىت ئىدى... شۇ تاپتا ئۇ نىناغا قاراپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى، شۇڭا نىنا: "يەنە كېلىپسەنغۇ. بۈگۈنكى ئەپتىڭ تۈنۈگۈندىكىگە ئوخشىمايدىغۇ، لېكىن بۇنى ئۆزەمدىن كۆرىمەن، چۈنكى مەن سېنىڭ ئوبرازىڭنى تېخى كۆزۈمگە پىششىق سىڭدۈرۈۋالغىنىم يوق..." دەۋاتاتتى.

بىراق نىنانىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان كىشى ئالېكسېي ئىدى.

— مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىدى نىنا ئۇنىڭدىن.

— سېنى ياخشى كۆرىمەن... بۇنى سەنمۇ بىلىسەن.

— كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئىگە بولۇش بەختلىك ئىش... پاساھەتلىك ئىش.

ئالېكسېي گېپىنى شۇ يەردە توختاتتى. ئۇ نىنادىن زادى "سەنچۇ؟" دەپ سوراپ باقمىغانىدى. ئېھتىمال، ئۇ نىنانىڭ "ياق،

سىنى ياخشى كۆرمەيمەن، لېكىن سەن ئالدىرىما... بەلكىم...»
دېيىشىدىن قورقسا كېرەك.

كېيىن ئۇ كەتتى، نىناغا ئىككى يىل خەت يازدى. نىناچۇ، ھەر كۈنى قاش قارايغاندا باغچىدا ياكى پېشايۋاندىكى لىگىشتىما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاللىقاچان تونۇشقان كۆلگۈنچەك دوستى، بالىلىق دەۋرىدىكى «بوز ئات شاھزادە» زاھىر بولاتتى ــ ۋېنيا شۇ گەپ بىلەن نىنانىڭ چىشىغا تېگەتتى...

نىنا ئۇنى كۈتتى، ئۇنىڭ دەرھال كېلىدىغانلىقىغا، بۈگۈن، بىر يىلدىن كېيىن كېلىدىغانلىقىغا ياكى يەر ئاستى پويىزدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدى. ئۇ جەزمەن كېلەتتى، كەلمەي قالمايتتى ــ چۈنكى نىنا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى...

سەن نېمىدېگەن ئەخمەق، نېمىدېگەن ھاماقەت، ھە!... سەن دېگەن تومۇرىدا ئىسسىق قانلار ئېقىپ تۇرىدىغان، بىلەكلىرى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان ئاددىي ئادەم. سەن بالىلارغا ھەرپ ئۆگىتىپ بىلىم بېرىپ كەلدىڭ، ئۆزەڭمۇ ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان كىتابلارنى ئوقۇپ كەلدىڭ. سەن ئەمەلىيەتتە ھېس قىلغىلى بولىدىغان رېئال مەۋجۇت ئادەمنىلا ياخشى كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلمەمسەن؟

ئالېكسېي رېئال مەۋجۇت ئادەم بولغانىدىكىن، ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈڭ كېرەك.

نىنانىڭ ئىلگىرى ۋېنيا ئىسمىلىك بىر ئاكىسى بار ئىدى، ئۇ تېزلا چوڭ بولدى-دە، ئۇچۇپ كەتتى. ئەمما نىنانى تاشلاپ كەتتى.

ۋېنيا كىچىك ۋاقتىدا نىنانى سىڭىلىمىنىڭ كۆزلۈك ناھايىتى چىرايلىق

www.uyghurkitap.com

بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئىلتىپات قىلىش
ئالامەتلىرىلا ئەكس ئېتىپ تۇرىدىكەن، سىنىڭدەك سىڭلىم بولغىنىنىڭ
نىمە مەززىسى دەپ زاڭلىق قىلاتتى...

— ھاياتنىڭ پۇتكۇل ئەھمىيىتى بەختىنى كۇتۇشتە، — دەيتتى
نىنا ئەستايىدىللىق بىلەن.

— سەن بەخت ئۇچۇن كۇرەش قىلىشتا دىمەكچىغۇ؟ شۇنداق-
مۇ؟ — دەيتتى ۋېنيا نىنانىڭ سۆزىنى تۇزىتىپ.

ۋېنيا قۇربان بولغاندىن كېيىن، نىنا بوشلۇقتا ياشاۋاتقاندەك
بولۇپ قالغاندى. نىنانىڭ ئۆتكەنكى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسى
تۇرمۇشىنىڭ بىرمۇنچە تەرەپلىرى ئاكىسى بىلەن چەمبەرچەس
باغلانغاندى. دېڭىز-ئوكيان ئۇستىدە ھېچنېمىگە قارىماي پەرۋاز
قىلىپ يۇرگەن ۋېنيا ئۇنىڭغا چاقچاق ئارىلاش قىزغىن بىر خەت
يېزىپ، ئۇنى يېشىل قوم تۇمشۇق ئاراللىرىدىكى قۇشلار ماكانىغا ۋە
يوغان مىس قوڭغۇراق ئېسىلغان كېيۇئەر تۇمشۇقىغا كېلىشكە چاقىرغا-
نىدى، ئۇ تىرىك ئىختىيوساۋۇر①نى ئىزدەپ كەلگەنىدى. ئۇ قۇياش
نۇرىغا تىك قاراشتىن قورقمايتتى، ھەتتا نادياغا باغلىغان مۇھەب-
بىتى... نىنانىڭ قارىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قۇرۇق
خىيالغا بېرىلىدىغانلار جۇملىسىگە كىرمەيدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى،
ھەممە نەرسە رېئاللىققا ئايلىناتتى، بۇ نەرسىلەر خۇددى ۋېنيا
ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرغىنىدەك پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشاتتى،
ئەتىلا ئەمەلگە ئېشىشىمۇ مۇمكىن ئىدى...

---

① ئوتتۇرا ھايات دەۋرىنىڭ ئۇچىنچى باسقۇچىدا ياشىغان قەدىمكى
ئۆمىلىگۈچى ھايۋان.

هازىر ھەممە نەرسە يوقىقا چىقتى، ئۆز قىممىتىنى يوقاتتى، ھەممىنى پەرىشانلىق قاپلىدى... بەلكىم بۇ ئۇخلىمىزدۇر؟ چۆچەكلەردىكى ھېكايىدۇر؟ قىزلارنىڭ چۈشىدۇر؟ دېمىسىمۇ كۆپكۆك دېڭىزدا كۆتۈرۈلگەن دولقۇننىڭ ئاۋازى قۇلۇلە قېپىدىن، ھاك تاش ئىچىدىن ئوخشاشلا ئاڭلىنىدىغۇ؟

ھەممە ئادەم ياشاۋاتاتتى. نىنانىڭ تۇرمۇشىمۇ باشقىلاردىن قېلىشمايتتى...

ئېلېكترو پويىز يول ئاجراتقۇچتىن ئۆتكەندە قاتتىق تەۋرىنىۋىدى، ۋاگونلار سىلكىنىپ كەتتى. ۋاگوندىكى ئۆتمە يولنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان نىنا دېرىزە سىرتىغا تىكىلىپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ دىلى سۇنۇق ئىدى.

...ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، ئۇلارنىڭ مەكتىپىدە بىر قېتىم بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى. كىشىلەر ماياكوۋىسكى خاتىرە مۇنارىسىنىڭ يېنىغا توپلاندى. بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ۋە گېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كەلگەنىدى، كەلگەن ئادەملەر كۆپ ئىدى، باشقا ئورۇندىن كەلگەنلەر بىر چەتتە ئولتۇردى، ئاخىرىدا بۇرۇت قويۇۋالغان بىر گېئولوگىيە خادىمى كەلدى. شىمالدىن ئەمدىلا كەلگەن بۇ كىشى ئالېكسېي بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان يىگىت ئىدى. قىزلار ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى-دە، ئۇنىڭدىن بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى سورىغىلى تۇردى.

— تىنچلىنىڭلار، — دېدى بۇرۇتلۇق يىگىت، — تەخىر قىلىڭلار. مەن دوستۇڭلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن سالامىنى ئېلىپ كەلدىم. — ئۇ ماياكوۋىسكى خاتىرە مۇنارىسىنىڭ گرانىت تاشتىن ياسالغان ئۇلىدا

كۆتۈرمە ئۇنئالغۇنى تېزىغا قويۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنئالغۇدىن گىژ ـ گىژ قىلغان ئاۋاز چىقتى، گىژ ـ گىژ ئاۋاز توختىغاندىن كېيىن، يۈنەل ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ئالېكسېيېنىڭ ئىنتايىن ئېنىق سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇنئالغۇ لېنتىسىدا ئەينەن چىققان دېيىشكە بولاتتى. ئالېكسېيېنىڭ ئاۋازى كىشىلەرنى نەچچە مىڭ كىلومېتىر نېرىغا ـ كىچىك دەريا بويىدىكى ئاران بەش ئېغىز ياغاچ ئۆيى بار كىچىك قىشلاققا ئېلىپ كەتتى... نىنا ئۇ يەرنى بەش قولدەك بىلەتتى: ئالېكسېي ھەربىر خېتىدە يول بويى ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنى، قىشلاقتا قانچە ئىت بارلىقىنى، پاتقاق سازلىقتا قانداق گۈللەر ئېچىلىغانلىقىنى نىناغا ئېيتىپ بېرەتتى... ئاشۇ خىلمۇخىل ئەھۋاللارنى نىنا بىلەتتى ۋە ئېسىدە ساقلاپ كەلگەنىدى. لېكىن شۇ تاپتا يىراقتىكى جاي ۋە شۇ جايدىن كەلگەن ئاۋاز كۆپچىلىكنى قانداق جەلپ قىلغان بولسا، نىنانىمۇ شۇنداق جەلپ قىلىۋالغانىدى.

ـــ شۇ جاي ۋە شۇ ئاۋازلار ئاجايىپ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. نىنامۇ دېمىسىنى چىقارماي زەڭ قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەملەر ئولىشىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشانغانلارمۇ، ياشلارمۇ بار ئىدى، بىرلەشمە كۆكۆل ئېچىشقا قاتنىششقا كەلگەنلەرمۇ، ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك خاتىرە مۇنارە يېنىدا ئولتۇرۇشقا كەلگەنلەرمۇ، يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار قەدىمىنى توختىتىپ ئاڭلاشقا باشلىدى...

ئاۋاز بىردىنلا توختاپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن يەنە ياڭرىدى: ”نىنا، سەنمۇ شۇ يەردىمۇ؟ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ سېنىڭ ئاڭلاۋاتقانلىقىڭدا گەپ يوق. سېنىڭ شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەنكى، ئۆزەمنىڭ نەدە بولۇشمىدىنمۇ، سېنىڭ

نەدە بولۇشۇڭدىنمۇ قەتئىينەزەر، مەن هامان سەن بىلەن بىللە. لېكىن سېنىڭ مەندىن يەنە بۇرۇنقىدەك: ‹مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟› دەپ سورىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن. ‹سېنى ياخشى كۆرىمەن› ــ مېنىڭ جاۋابىم ئەنە شۇ. مەن دۇنيادىكى جىمى ئىنسانلارنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن... بۇ لېنتىنى سەن ئېلىپ كەت. گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟ ئاپىرىپ ئاڭلىغىن. هەر كۈنى ئاڭلا.“

جىمجىتلىق بىرپەس داۋام قىلدى.

ــ ئېلىپ كەتكىن، ــ دېدى بۇرۇتلۇق يىگىت لېنتىنى نىناغا بېرىۋېتىپ، ــ ئېلىپ كەت. بۇ سېنىڭكى.

بۇرۇتلۇق يىگىت يەنە بىرنېمىلەرنى دېدى، لېكىن نىناغا يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوققان ئاۋازدىن باشقا هېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى... نىنا ئۆيىگە يۈگۈرۈپ باردى، ئاندىن ۋوگزالغا ۋە شەهەر سىرتىدىكى داچىسىغا، ئالېكسېينىڭ ئايىقى تەگكەنلىكى جايغا باردى. نىنا ئۇنىڭ سۆزىنى قايتا-قايتا تەكرارلاپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى مېڭىسىگە ئورنىتىۋېلىشقا قاتتىق تىرىشتى... ئاھ، خۇدا، نىنا نېمىدېگەن گۆدەك، هە! ئۇلارنىڭ مۇهەببىتى، زامانىنىڭ ۋە يىراقتىكى ماكاننىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن مۇهەببىتى ساپ ئەمەسمىدى! نىنا ئۇنىڭ مۇهەببىتىگە پىسەنت قىلماي تۇرالامتى؟... نىنا گويا بىر نەرسىگە ئۇشتۇمتۇت سوقۇلۇپ كەتكەندەك، مېڭىۋاتقان يېرىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە ئېنىق سوئال قويدى: ”ئۇنىڭ مۇهەببىتىگە جاۋاب قايتۇرمىسام بولامتى؟“ بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزەڭنى ياخشى كۆرۈشىگە يول قويۇشۇڭ كېرەك-تە. نىنا شۇنداق قىلاتتى، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيتتى ــ نىنانى خىيال بەنت قىلىۋالغانىدى...

www.uyghurkitap.com

نىنا ئىلگىرى كۇلكە-چاقچاق قايناپ تۇرىدىغان ئولتۇرۇشلارغا ۋە تانسلارغا ھەمىشە ئۆزىنى قاچۇرۇپ قاتناشمايتتى. نىنا شۇنداق سورۇنلاردا بىلەرمەنلىك قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلارنىڭ ئەلپىنە گەپلىرىنى ۋە قۇرۇق كۇلكىلىرىنى ئاڭلاش ئىنتايىن تېتىقسىزلىق دەپ قارايتتى، باشقىلارنىڭ تەپتارتماي ئۆزىگە كۆز تاشلاشلىرى، ئۆزى بىلەن تانسا ئوينىغانلارنىڭ قول ئىشارىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ئارزۇ-تىلەكلىرى ئۇنى بىئارام قىلاتتى. نىنا ساختىپەزلەردىن ئەمەس ئىدى، ئۇ بۇنداق قىلىقلاردىن يىرگىنەتتى.

ئەمدى ئۇ باشقىلارنىڭ تەكلىپىنى بارغانسېرى كۆپ قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئاشۇ ئادەملەرنى يەنىلا ياقتۇرمايدىغانلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ تانسا ئوينىغاندا يەنىلا ئەدەبسىزلىك بىلەن بەدىنىنى تۇتىدىغانلىقىغا قارىماي، ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇلار قانداق مۇھەببەتلىشەر؟ ئۇلار مۇھەببەتلىشەرمۇ؟ مۇھەببەت كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسىمىدۇر؟ يۈزى نەپىس پار-پۈرغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇماق قىزنىڭ ئېرى ئېغىر-بېسىق زىيالى ئىدى، ئەپتىدىن قىزنىكا ئالىمدەك قىلاتتى. بۇ قىز شۇ يىگىت بىلەن بىللە بولغىنىدا مەن ناھايىتى بەختلىكمەن دەيدىغاندۇر بەلكىم، شۇنداقمۇ؟ ياكى دېگەندەك بەختلىك ئەمەستۇر، نىنا ئۇ قىزنىڭ موسكۋادىكى ئۈستى ئوچۇق تىياتىرخانىدا كېلىشكەن قارامتۇل يىگىت بىلەن بىللە ئويۇن كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆپ ئۇچراتقانىدى... بۇلار بىر-بىرىگە زىت ئىشلارمىدۇ؟...

ئەمىسە، لىداچۇ؟

ئۇ نىنا بىلەن بىللە چوڭ بولغان، مەكتەپتىكى چاغدا ئالېكسېينى

نىنادىن تارتىۋالماقچىمۇ بولغان. لىدا قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەقىللىق قىز ئىدى، ئۇنىڭ قىلغانلىكى سۆزى ئورۇنلۇق چىقاتتى. ئۇ نىنانى چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقا ئامراق قىز دەيتتى. ئۇ ھەمىشە "ئادەم ئۆز بەختىنى ئۆزى يارىتىشى كېرەك" دېگەن سۆزنى قىلىشقا ئامراق ئىدى. كېيىن ئۇ ياتلىق بولىدى. قىز دوستلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ زوقى كېلەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئېرى ھەقىقەتەنمۇ ئاق كۆڭۈل، يۇۋاش ئوبدان ئادەم ئىدى، ھەممەيلەن ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى.

— مەنمۇ ئۇنى قاتتىق ھۆرمەتلەيمەن، — دېگەنىدى لىدا نىناغا توي قىلىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، — ئىشىنىش، ئورتاق ھەۋەس ۋە ئىززەت-ھۆرمەت، مېنىڭچە، بەختلىك ئەر-خوتۇنچىلىق تۇرمۇشىنىڭ كاپالىتى.

مۇھەببەت ھەققىدە، لىدا يا ھا، يا شا دېمەيتتى، ئۇ چېچەن، پىششىق بولغاچقا شۇنداق قىلغاندۇ بەلكىم. ئۆزەمگە كەلسەم، مەن ھەممىنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىشنى بىلىدىغان ئادەم بولۇشۇم مۇمكىن.

ئېھتىمال، لىدا ناھايىتى بەختلىكتۇر، نىنا ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلغانلىقىنى زادى كۆرمىگەنىدى.

...بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئالېكسېي قايتىپ كەلدى. ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاللىقاچان مۇئەييەنلەشكەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ رەسمىيەت بويىچە نىناغا توي قىلىش تەلىپىنى قويدى. ئالېكسېي قايتىپ كەلگەن كۈنى نىنا باغچىدىكى قېرى زاراڭ دەرىخى تۈۋىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى، لېكىن ئۇزۇن ئورۇندۇق بىلەن زاراڭ دەرىخى نېمە ئۈچۈندۇر نىنانى بىئارام

قىلىۋاتاتتى، ئالېكسېي ئادەتتىكى قائىدە بويىچە نىناغا توي قىلىساق دېدى، ئۇ مۇھەببىتىنى قايناق ھېسسىيات بىلەن ناھايىتى ئوبدان ئىزھار قىلدى ھەمدە نىنادىن ئۇنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا، ئۆزىنىڭ مۇھەببەتكە سادىق ئىكەنلىكىنى ۋاقىتنىڭ سىنايدىغانلىقىغا ئىشىنىشىنى سەممىي ئۆتۈندى.

نىنانىڭ ئانىسى پېشايۋانغا بىرنەچچە قېتىم چىقتى، ئۇ نىنا بىلەن ئالېكسېينى چاي ئىچىۋالسۇن دەپ قىچقارغىلى چىققاندەك قىلاتتى. نىنا ئالېكسېيغا ھەممە گەپ ئايدىڭلاشتى، سەن قاچان توي قىلايلى دېسەڭ، شۇ چاغدا توي قىلايلى دەپ جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن نىنا نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنداق دېيىش ئورنىغا:

— سېنىڭ ئۇ يېرىڭدە ماڭا ئورۇن بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ بۇنى بىلمەمتىڭ؟ مەن سۆزلىشىپ قويدۇم، سەن شەھەر يېنىدىكى بىر ئىنستىتۇتتا ئىشلەيسەن.

— ھەي، ئەخمەق! مەن بۇنى دەۋاتمايمەن، — دېدى نىنا قولى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىنى نوقۇپ، — ماۋۇ يەردە ماڭا تولۇق ئورۇن بارمۇ؟

ئالېكسېي نىنانى قۇچاقلىدى-دە، گويا بۇ گەپ تەسىر قىلمىغاندەك:

— مېنىڭ نەقەدەر تىت-تىت بولۇۋاتقانلىقىمنى سەن بىلمەيسەن! سەن بولمىساڭ، مەن زامان ۋە ماكان جەھەتتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردىمەنكى، ھەرگىز چىن مەنىدە تۇرمۇش كەچۈرەلمەيمەن. بۇ پەلسەپە ئاتالغۇسىنى سەن ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان، سۆيۈملۈكۈم، مەن بىلىمەن... پەلسەپىدە شۇنداق بىر ئاتالغۇ بارلىقىنى بىلىمەن. يۈر ئەمدى، ئۆيگە كىرىپ چاي

ئىچەيلى .

ئەمما توي قىلىش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلدى . نىنانىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماي قالدى . شۇڭا ئۇلار بىرمەزگىل كۈتۈپ تۇرۇپ ، ئالېكسېي مىنىستىرلىك تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن توي قىلىشمۇ بولىۋېرەتتى .

ئالدىراپ - تېنەپ توي قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى .

شۇنداق قىلىپ بىر يىل ئۆتتى . ئەتە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى...

دېرىزە سىرتىغا قاراپ خىيالغا كەتكەن نىنا ۋوگزالدىن ئۆتۈپ كەتكىلى تاس قالدى...

## 5

ئانچە چوڭ بولمىغان ياغاچ ئىمارەت بوك - باراقسان ئۆسكەن سېرىن دەرەخلىرى ئارىسىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەكلا كۆرۈنمەي قالغانىدى . ئۈچلۈق ئۆگزىدىكى ئات بېشى ھەيكىلى ئۈستىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خوراز ۋە ئۈچلۈق ئۆگزىنىڭ بىر بۇرجىكىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . پاۋېل پىكاپىنى توختاتتى . دەل شۇ چاغدا باغچىنىڭ راشاتكىلىق دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ تۇرغان لىديا ئالېكسېيېۋنا ئۇنى كۈتۈۋالدى . لىديا ئالېكسېيېۋنا پاۋېلنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى - دە ، بىركەمسىگىچە گەپ - سۆز قىلماي قۇچاقلاپ تۇردى ، ئاندىن :

— قىزىمنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇۋىدىم... سىز كېلىپ قالدىڭىز ، پاۋېل پېتروۋىچ ، مەرھەمەت ، ئۆيگە كىرىڭ . نىنا ھازىرلا كېلىدۇ .

www.uyghurkitap.com

ھويلىدا ئىت يوق، قورقماڭ، ــ دېدى.

لىدىيا ئالېكسېيېۋنا راشاتكىلىق دەرۋازىنى ئاچتى، پاۋېل ئۇنىڭ كەينىدىن ئىچكىرىگە ماڭدى. سېرىن دەرەخلىرىنىڭ قىرقىلماي بۆك ـ باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن شاخلىرى باراڭدەك تاشلىنىپ تۇراتتى، پاۋېل باغچىدا ئېڭىشىپ ماڭدى. باغچىدىكى بىرنەچچە چىغىر يولغا قۇم ياتقۇزۇلغانىدى. بۇ باغچىدىكى باشقۇرۇش جەھەتتە كۆچ سىڭدۈرۈلگەن بىردىنبىر جاي بولسا كېرەك. بۇ يەردە ئاسما كارىۋات ۋە چوڭ چىلەكلەرمۇ، كەچقۇرۇندا چاي ئىچىدىغان ۋە قارت ئوينايدىغان شىرەمۇ يوق ئىدى. لېكىن پېشايۋاننىڭ يېنىدا چوڭ گۈللۈك بىلەن چىمەنلىك بار ئىدى. گۈللۈك بىلەن چىمەنلىك پۈتكۈل باغچىغا تازا ماسلاشتۇرۇلمىغانىدى، باغچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ باشقا باغچىلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، باغچىغا قارايدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى، شۇڭغا قارىماي، رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغانىدى.

ــ ئىسمىڭىزنى چاقىرسام بولارمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، مەنمۇ سىزنىڭ ئانىڭىزدەك ئادەم. سىز بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسىڭىز پاۋېل، مەن ھايال بولمايلا كېلىمەن، ھازىرلا كېلىمەن، ھەممە نەرسە تەييار.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۈستىگە بولكا، مۇراببا ۋە خام قايماق قويۇلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ــ كېلىڭ، چاي ئىچەيلى. بۇ يەر شەھەرگە يېقىن بولغىنى بىلەن، تىنچ. مەن شەھەردە چوڭ بولغاچقا، بۇ يەرگە كۆنەلمەيۋاتىمەن. بۇنىڭغا نېمە ئامال بار دەيسىز. باغچىدىكى يەرلەر ئاق قالدى، ھەممە يەرنى چاققاق بېسىپ كەتتى، خەۋەر ئالىدىغان ئادەم

يوق. قىزىم بەك ئالدىراش، مەنمۇ يېقىندىن بېرى موسكۋادا ئۇزاقراق تۇرۇپ قالدىم. ئادەملەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ تۇرمىسام زېرىكىپ قالىدىكەنمەن.

ئۇ گەپنى ئالدىرىماي، سالماقلىق بىلەن قىلاتتى، بەزىدە سەل كېكەچلەپ قالاتتى. پاۋېل ۋېنيانىڭمۇ گەپ قىلغاندا كېكەچلەيدىغان-لىقىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالدى-دە، بۇ ئائىلىدە شۇنداق ئەيىب بار ئىكەن دەپ قالدى. ۋېنيا ئانىسىغا ئوخشايتتى: قاڭشىرىغا ھەمراھ كۆزلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس ئويناپ تۇراتتى، لەۋلىرىدە بەلدەم-بەلدەم سىزىقلار مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، سوقچاق كەلگەن يۈزىدىن شەرق ئەھلىگە خاس خۇسۇسىيەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇ پاۋېلغا ئۆزىنىڭ ۋە قىزىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى، پاۋېلچۇ، ۋېنيا توغرۇلۇق ئېغىز ئاچالماي تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئۆزى-دىن ۋېنيا توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى پاۋېل سەزگەندى. ئۇ ئۆيدىن ۋېنيانىڭ بىرەر نەرسىسىنى تاپاي دەپ ئەتراپقا قارىدى، ئەمما ھېچنېمە تاپالمىدى، ھەممە يەر قاتتىق جىمجىتلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە قالغانىدى... شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاغزىدىن چىقىرىشتىن ئەڭ قورقىدىغان گەپنى قىلدى:

— ۋېنيا باتۇرلارچە قازا تاپتى.

بۇ ئەلھەق راست ئىدى، لېكىن شۇ تاپتا بۇ گەپنىڭ ئانچە زور ئەھمىيىتى يوق ئىدى، چۈنكى، بۇ ھازىر ئېيتىدىغان گەپ ئەمەس ئىدى. بۇ يا بېشى، يا ئاخىرى يوق، كىشىنى ھېچبىر سۆيۈندۈرەل-مەيدىغان، ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان گەپ ئىدى... ئۇ توساتتىن ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى سافادا ۋېنيا سىزغان سۇ بوياق رەسىم — كۆپكۆك دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقان بىر ماتورلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كېمە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— بىز بىر ماتورلۇق كېمە ياسىماقچى بولغانىدۇق، — دېدى پاۋېل.

— هوي، كەچۈرگەيسىز... نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ هە، ماتورلۇق كېمە ياسىماقچى بولغانىمىدىڭلار، — ئۇ يېقىملىققىنا كۈلۈپ قويىدى. ئۇ كۈلگەندە شۇنداق ياش كۆرۈنۈپ كەتكەنىدىكى، پاۋېل ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشىنەلمەي قالدى. — ۋېنىياغۇ كېمە ياساشنى بىلمەيتتى، لېكىن زوۋرۇر تېپىلغاندىكىن، ياسىماي بولامدۇ؟

— بىز ئۆزىمىز ياسىغان ماتورلۇق كېمە بىلەن چۇكوتسكى يېرىم ئارىلىنى بىر ئايلىنىپ چىقماقچى بولغانىدۇق.

— شۇنداقمۇ... سىلەر بىسكاي قولتۇقىغا① بارماقچىمۇ بوپتىكەنسىلەرغۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى مەن تولۇق بىلمەن، قىلغان ئىشلىرىنىمۇ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىمۇ بىلمەن. ئۇ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا مۇشۇ يەردىن بارغان. مەن ئۇنىڭدىن تاكى ئۇ چوڭ بولۇپ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەتكۈچە ئايرىلمىغان... مەن يىغلىمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ... بۇنىڭغا تولا يىغلاپ يېشىم قۇرۇپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولغىنى يوق، بىراق... ئىلگىرى ۋېنىيا يىغىمىزنى ياقتۇرمىدىغان يىگىت ئەمەس دەپ كەلگەنلىكىمگە قارىماي، ئەمدى بىر يىغلىۋالمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. پاۋېل، ئېغىر ئالماي سۆزلەۋېرىڭ.

شۇنىڭ بىلەن پاۋېل ۋېنىيانىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ قىزنىڭ ۋە ئەرلىك ئۈچ ئايالنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئالغانلىقىنى، ئۆزىنى قانداق ماختاي-

---

① ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىسپانىيىنىڭ شىمالىي قىسمىغا ۋە فرانسىيىنىڭ غەربىي قىسمىغا تۇتىشىدىغان يېرىدىكى دېڭىز قولتۇقى.

دىغانلىقىنى، قارىماققا بىمەنىدەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا خۇشتار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇچقۇچىلىق، مۇھەببەت ۋە دوستلۇق جەھەتتىكى ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ بىر پۇت بىلەن ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلىيالايدىغانلىقىنى، ئانىسىغا ناھايىتى ئۇزۇن تەسىرلىك خەتلەرنى قانداق يازغانلىقى، لېكىن ۋاقتىدا ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ۋېنىيا پاۋېلنىڭ تەسۋىرىدە بەئەينى ئەسەبىي فانتازىيىچىگە، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۈزى قىزىرىپ تۇرىدىغان قىز ئوقۇغۇچىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان بەزى ئىشلارنى قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ۋېنىيا شۇنداق ئادەم ئىدى.

— سىزگە ۋېنىيانىڭ فوتو سۈرەتلىرىنى كۆرسىتەي، كۆرۈشنى خالامسىز؟ مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن سۈرەتلىرىنى ساقلاپ كەلدىم. بۇ سۈرەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇ كىچىك ۋاقتىدا چۈشكەن سۈرەتلەر، چۇكوتىسكىدا چۈشكەنلىرىمۇ بار.

ئۇ دۇخاۋا تاشلىق قېلىن بىر ئالبومنى ئېلىپ چىقتى. پاۋېل بۇ ئالبومدا ۋېنىيانىڭ ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئولتۇرغان ياكى قولىدا ئېلىپبە تۇتۇپ تۇرغان سۈرەتلىرىنى كۆرىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدى — ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. لېكىن ئالبومنىڭ بىرىنچى بېتىگە يوغان بىر پىلانېرنىڭ رەسىمى چاپلانغانىدى، ۋېنىيا پىلانېرنىڭ كابىناسىدا ئولتۇراتتى، كابىنىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا چىرايى تونۇش بىر قىز تۇراتتى، شەكسىزكى، بۇ قىز...

— كەچۈرگەيسىز، بۇ... سىزنىڭ قىزىڭىزمۇ؟ — پاۋېل ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ كەتتى.

— ھەئە، ئۇ نىنا. بۇ تۇنجى سىناپ ئۇچۇشتا تارتىلغان سۈرەت. نىنا ئۇچۇشنى ئىلگىرى پىلانىرلىق مەكتىپىدە ئۆگەنگەن، كېيىن ۋېنيادىن ئۆگەندى. ئۇ چاغلاردا نىنا بالا ئىدى... ئەتە ئۇنىڭ تويى بولىدۇ، — لىدىيا ئالېكسېيېۋنا ئويلىمىغان يەردە تۇساتتىنلا مۇنۇ گەپنى قوشۇپ قويدى. — تۇرمۇشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دېگەن شۇ-دە... يەنە بىر ئىستاكان ئىچەمسىز؟ مەن ھازىرلا كېلىمەن...

لىدىيا ئالېكسېيېۋنا چاي دەملىگىلى چىقىپ كەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپى پاۋېلنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىۋەتتى: بۇ ئۆيدە بىرى ياتلىق بولىدىغان بوپتۇ. شۇنداق، قىزىغا بولغان كۆيۈنۈش ئوغلىغا بولغان سېغىنىشنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپتۇ، ئەمدى ئۇ قىزىنىڭ بەختى ۋە تىنچ-ئامان بولۇشىنى ئويلايدىغان بولىدۇ-دە...

ماڭىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئاخىرقى كېچە ئىدى، پاۋېل بالدۇرراق قايتىپ كەتمىسە بولمايتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن تانياغا تېلېفون بېرەتتى، ئاندىن كارىۋاتقا چىقىپ ئارام ئالاتتى. ئۇ ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشۈپ كېتەتتى. ۋېنيانىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە خېلى ۋاقىتلار بولغانىدى، ئۇ سىزغان سۇ بوياق رەسىم — ماتورلۇق كېمە ئەمدى بالىلارغا قالىدىغان بولدى...

لىدىيا ئالېكسېيېۋنا پاۋېلنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى سەزدى بولغاي:

— پاۋېل، ئەمدى مەن ھېچقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ھەممە كەلگۈلۈك ماڭا كەلدى. ئېرىم راك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. كېيىن ۋېنيامۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كەتتى. مەنمۇ يىلدىن-يىلغا قېرىپ كېتىپ بارىمەن، سىزگە گەپنىڭ

راستىنى ئېيتسام، ماشىمۇ كېسەل چاپلىشىۋالدى... — دېدى ئۇ چەينەك - ئىستاكانلارنى ئۈستەلگە قويۇۋېتىپ، — هوي، نىنا نېمە بولغاندۇ، تېخىچە كەلمەيدىغۇ؟

— مەن كەلدىم! دەرۋازا يېنىدىكى پىكاپ كىمنىڭكى؟

— يائاللا، مېنى قاتتىق ئەنسىرىتىۋەتتىڭ جۇمۇ! — لىدىيا ئالېكسېيېۋنا ئورنىدىن قوپۇپ قىزىنىڭ ئالدىغا باردى، — ئالېكسېي قېنى؟

— ئۇ كېچىكىپىرەك كېلىدۇ، كەچتە كېلىدۇ. ئۇ ياش دوستلىرى بىلەن ئولتۇرۇش قىلىپ، بويتاقلىق تۇرمۇشى بىلەن خوشلاشماقچى. ئۇ نۇرغۇن دوستلىرىنى تەكلىپ قىلىپتۇ، ئادەملەر ئۆيگە پاتماي قېلىپتۇ... بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— هە، كەلدى، بۇ ياق پاۋېل پېتروۋىچ، ۋېنىيانىڭ خىزمەتدىشى. ئۇ بىزگە خەت يازغان، ئېسىڭدىدۇ. تونۇشۇۋېلىڭلار.

— ئېيتىڭچۇ... — نىنا ئەمدى ئېغىز ئېچىشىغا گېپى توختاپ قالدى. پاۋېل ئىچىدە ئۇ يوچۇن ئادەمگە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى-دە، گەپ قىلاي دېگەن يەرگە كەلدى. لېكىن ئۆزىمۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى، چۈنكى ئۆزى ۋېنيا ياشىغان ۋە قۇربان بولغان جايدىن كەلگەن-دە.

ھەممەيلەن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋەردى.

— ئاماكا چەكسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

— نىنا، سىز مېنىڭدىن بىرنېمە سورىماقچىغۇ دەيمەن؟

— هە، ئېيتىڭچۇ، سىز ناھايىتى ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەنسىز؟

— ياق، بەك ئۇزۇن ئەمەس، تەخمىنەن قىرىق مىنۇتتا كەلدىم.

— مەن بۇنى سوراۋاتقىنىم يوق... بۇنىڭدىن ئىلگىرىچۇ؟ سىز بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىزنىڭكىگە كېلىش قارارىغا كەلگەنمۇ؟

پاۋېل سەل مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

— بەلكىم... ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا دەم ئېلىشقا كەلگەنىدىم، ۋېنيامۇ ئاپامنى، سىڭلىمنى يوقلاپ كەل دېگەنىدى، لېكىن، كەچۈرگەيسىز، شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈندۇر ھېچ ۋاقىت چىقىرالمىدىم.

— ئۇنىڭ ئالدىدىچۇ؟ ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىچۇ؟

— كېلىش قارارىغا كەلمىگەن... كەلمىگەندەك قىلىمەن.

ئۆيىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. پەقەت ئىستاكانغا تەگكەن قوشۇقلارنىڭ تىرىك-تىرىك قىلغان ئاۋازلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

بۇ جىمجىتلىقنى ئۆيگە سىرتتىن ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كىرگەن مۇشۇ قىز — نىنا ئېلىپ كىردىمۇ نېمە؟ پاۋېل بېشىنى كۆتۈردى — ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. نىنا پۈتۈن دىققىتى بىلەن پاۋېلغا تىكىلىپ تۇراتتى. نىنانىڭ كۆزىدە گۇمانلىنىش، گاڭگىراش، قورقۇش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىۋاتاتتى، باشقا بىرنېمىلەرمۇ ئەكس ئېتىۋاتاتتى — پاۋېل بولارنى چۈشىنەلمىدى ھەم ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالمىدى، ئۇ نىنانىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئالامەتلەرنى جىسمانىي جەھەتتىنمۇ سەزگەندەك بولدى-دە، ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، باشقا ياققا قارىۋالدى.

— نىنا، كېلىپلا خەقنى سوراققا تارتىپ كەتكىنىڭ نېمىسى، — دېدى لىدىيا ئالېكسېيېۋنا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنداق قىلما.

— ياق، ياق، ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى پاۋېل مۇرىسىنى قىسىپ، — ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا، مەن بالدۇرراق كەلسەم بولاتتى.

پاۋېل نىناغا يەنە بىر قارىدى، نىنا تېخىچە ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمىگەنىدى، ۋېنيامۇ ئادەمگە شۇنداق قارايتتى، ئۇ ئادەمگە قارىغاندا، كۆزى مىت قىلىپمۇ قويمايتتى، بىر قارىغانچە كۆز ئۈزمەي قادىلىپ تۇراتتى، ھەتتا كۆنگە قارىسىمۇ كۆزى چىمچىقلىمايتتى.

— سوراققا تارتىۋاتقىنىم يوق، — دېدى نىنا پەس ئاۋازدا، — سىز توغرا ئېيتتىڭىز، بالدۇرراق كەلسىڭىز بولاتتى.

نىنا ئورنىدىن قوپۇپ تالاغا ماڭدى.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇ نېمە بولغاندۇ؟ — لىدىيا ئالېكسېيېۋنا بىئارام بولدى. — ئۆمۈر سودىسى بولىدىغان ۋاقتتا ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ پاراكەندە بولۇۋاتقىنىنى قاراڭ.

...نىنا ياندىكى ئۆيدە تىترىكىم بېسىلسۇن دېگەندەك پېشانىسىنى دېرىزىنىڭ ئەينىكىگە يېقىپ ئۆرە تۇراتتى. بۇ پاۋېل پېتروۋىچ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ؟ ئۇ مېنىڭ بايا: "سەن ئاخىر كېلىپسەن. ھەرقانداق يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغىنىڭ بىلەنمۇ، سېنى تاپماي قويمايتتىم. سېنىڭ كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، بۇرۇنلا بىلەتتىم، ھەتتا بۈگۈن كۆرۈشىدىغانلىقىمىزنىمۇ پەملىگەنىدىم. بىراق، ۋېنيانىڭ قېشىدىن كېلىدىغانلىقىڭنى بىلمەيتتىم... سەن بىر ھېسابتا ۋاقتىدا كەلدىڭ، بىر ھېسابتا بەك كېچىكىپ قالدىڭ" دەپ تاشلىغىلى تاس قالغانلىقىمنى نەدىن بىلسۇن.

نىنا يەنە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، كۆزى تالدى بولغاي، كۆزىنى ئۇگىلىۋېتىپ، يەنە پېشايۋانغا چىقتى.

— ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى نىنا، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھاياتىي كۈچ يەنە ئۇرغۇدى، — ئېلېكترو پويىزنىڭ ئىچى بەك قىستاڭ ئىكەن، شۇ يەردە بېشىم قېيىپ قالغان ئوخشايدۇ... ھازىر ئوڭلىنىپ قالدىم...

پاۋېل پېتروۋىچ، سىز ۋېنىيا بىلەن بىللە ئايروپىلان ھەيدەپ باققانمۇ؟

— ھەيدەپ باققان.

— سىز ۋېنىيانىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ يېقىن دوستىمۇ؟

— ھەئە، — دېدى پاۋېل، — مەن ئۇنىڭ ياخشى دوستى.

— ۋېنىيا خېتىدە سىزنى تىلغا ئېلىپتىكەن.

لىدىيا ئالېكسېيېۋنا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويىدى.

...پاۋېل بەش ئىستاكان چاي ئىچتى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىستاكان ئىچكۈسى بار ئىدى. لىدىيا ئالېكسېيېۋنا ساناتورىيىدە دەم ئالغان ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. پاۋېل توقۇلما ئورۇندۇقتا تاماكا چېكىپ، ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇردى. نىنامۇ بەزى تايىنى يوق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. پاۋېل نىناغا قارىغان پېتى ئۇنىڭ گېپىنمۇ ئاڭلاپ ئولتۇردى، گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، پاۋېلنىڭ ئۇلارنىڭ گېپىنى داۋاملىق ئاڭلىغۇسى بار ئىدى... بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ بەڭۋاش قىز سەۋەبچى بولغانىدى. باشتا ئۇ ئېلىشىپ قالغاندەك چۈشەنگىلى بولمايدىغان سوئاللارنى سورىغانلىقىدىن ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ھازىر بوران-چاپقۇن ئۆتۈپ كەتتى، ھەممە بېسىقتى، بىر تۇرۇپ ئۇنداق ئەمەستەكمۇ قىلاتتى...

بۇ ھال پاۋېلغا ۋېنىيانى يەنە ئەسلەتتى: سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا، ۋېنىيا ئۇلارنىڭ ياتىقىغا كىرگەن چاغدىمۇ شۇنداق ئەھۋال روي بەرگەنىدى. ئۇ چامادانىنى قويۇپ، ئەتراپقا بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن، بەزى تايىنى يوق گەپلەرنى قىلغانىدى (ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكى پاۋېلنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى)، شۇنىڭ

بىلەن ئۆيىگە بىردىنلا باشقىچە تۇس كىرگەندى: ئۆي يورۇپ كەتكەندى، كەڭرىپ قالغانمۇ تېخى؟...

پاۋېلمۇ ۋېنيانىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا زادى قانداق يېڭى نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىراپ يۈرەتتى. بەلكىم ھازىرقىدەك چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئۈمىد پاۋېلنى شۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاندۇ؟

ئەمىسە، پاۋېل نېمىنى ئۈمىد قىلاتتى؟ يامغۇر ياغسا دەپ ئۈمىد قىلاتتى...

— سىزگە ئائىلىمىزنىڭ باغچىسىنى كۆرسىتىپ كېلەي، كۆرگىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى نىنا ھەممەيلەن قىلغىلى گەپ تاپالماي قالغاندا، — گۈللەرنى ئۈزۈڭ، سىزنىڭ... ئەلۋەتتە بېرىدىغان ئادىمىڭىز باردۇ.

— ھە، شۇغىنىسى، ماڭىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، كەچۈرگەيسىز.

— كەتمەڭ، پاۋېل، — دېدى لىدىيا ئالېكسېيېۋنا، — بىزنىڭكىدە قونۇپ قېلىڭ. كەچتە نىنانىڭ بىرمۇنچە دوستلىرى كېلىدۇ. سىز ئالېكسېي بىلەنمۇ تونۇشۇۋېلىڭ.

— ئاتام مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، ئۇنداق بولسا كەتمىسىڭىز بولمىغۇدەك... كېيىن يەنە كېلىڭ جۇمۇ؟ ئەمىسە، مەنمۇ كەتتىم. نىنا، مەن ئىش-كۈشلىرىمنى قىلىپ بولدۇم. ئەتە ماڭا تېلېفون بەرگىن، ...ئاخىر يەنە بىر كېڭىشىۋالايلى... پاۋېل پېتروۋىچ، مېنى پىكاپىڭىزغا چىقىرىۋالامسىز؟

— چىقىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— هازىرلا چىقىمەن، ئازراق بىرنەرسە ئېلىۋالاي.

— ئاتىڭىز... بويتاقمۇ؟ — دەپ سورىدى نىنا، بۇ چاغدا لىدىيا ئالېكسېيېۋنا يوق ئىدى.

— ھەئە، ئۇ يالغۇز تۇرۇۋاتىدۇ.

— ئاتىڭىزغا ئۆينى كىم يىغىشتۇرۇپ بېرىدۇ؟

— ھېچكىم. ئۆزى يىغىشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ باشقىلارنى ياردەملەشتۈرۈشنى راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەتىۋارلىق نەرسىلەرنى ئۈستىدىكى چاڭ-تۇزاننى سۈپۈرگە بىلەن قېقىشتۇرۇۋېتىش كۇپايە.

— قانداق ئەتىۋارلىق نەرسىلەر ئۇ، كىتابمۇ؟

پاۋېل بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ھە، كىتاب... بۈگۈن ئاتام ماڭا، كىروۋ كوچىسىدا پۇشكىننىڭ تۇغۇلغانلىقىغا بېغىشلاپ نەشر قىلىنغان كىتابىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان.

— پۇشكىننىڭ كىتابلىرى تۇرامدۇ، سېتىلىپ بولغاندۇ؟

— باشقىلىرى بارمۇ تېخى، بىر قاراپ باقاي.

— ماڭايلى، — دېدى لىدىيا ئالېكسېيېۋنا، — تەييارلىقىم پۈتتى.

نىنا، ئەتە ماڭا بالدۇرراق تېلېفون بەرگىن جۇمۇ.

— خەير ئەمىسە... پاۋېل پېتروۋىچ، توختاپ تۇرۇڭ! مېنىڭدە مۇنداق بىر ئوي پەيدا بولۇپ قالدى: مېنى بىللە ئېلىپ ماڭسىڭىز قانداق؟ مەن كونا كىتاب دۇكانلىرىنى ئارىلاشقا بەك ئامراق. كىتاب تاللاشقىمۇ ئۇستا. سىزنى گوللاۋاتقىنىم يوق! مەن چوقۇم دادىڭىزغا يارىغۇدەك بىر كىتاب تاللاپ بېرەلەيمەن.

— ھەي ساراڭ، — دېدى لىدىيا ئالېكسېيېۋنا تىت-تىت

بولۇپ، — يەنە نەگە بارىسەن؟ ئالېكسېي كېلەي دەپ قالدى، بىر چىقىپ كەتسەڭ، ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمەيسەن.
— كېچىكىپ قالمايمەن، — دېدى نىنا، — بۈگۈن ھېچنەگە كېچىكمەيمەن.
نىنا پىكاپقا چىقتى:
— پاۋېل پېترووۋىچ، پىكرىڭىز يوقتۇ؟
— ياق، پىكرىم يوق، — دېدى پاۋېل.

## 6

— ... كەچۈرگەيسىزلەر، پۈشكىننىڭكى سېتىلىپ بولدى، — دېدى ئالدى ئۇچۇق يىپەك كۆڭلەك كىيگەن ئورۇق بوۋاي خەيرىخاھلىق قىلغان قىياپەتتە ئەدەب بىلەن بېشىنى چايقاپ، — مەن كۆڭلىڭىزلەرنى چۈشىنىمەن، لېكىن ئېھتىياج بەك كۆپلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان ىرلا نۇسخىلىق كىتاب.
— قانداق، دېگىنىمدەك چىقتىمۇ! — دېدى نىنا خورسىنىپ.
نىنا قاتتىق ئەپسۇسلاندى ۋە كۆڭلى يېرىم بولدى، پاۋېل بۇ ھالنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى: ئاتامغا سوۋغاتلىق ئالالمىسام، ئۇنىڭ ئازابلىنىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان.
— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى پاۋېل، — باشقا ئامالى تېپىلىپ قالار. خالىسىڭىز، ھازىر سىزنى كىنوخانىغا ئاپىرىپ قويايمۇ؟
— كىنوخانىغا بارغۇم يوق.
— ئەمىسە سىرك كۆرگىلى بارايلىمۇ؟
— بارمايلى. مەن سىرك ئۆمىكى كۆندۈرگەن ھايۋانلاردىن

يىرگىنىمەن... سىرك كۆرگىلى بارغىچە ئىت كۆرگەزمىسىنى كۆرگىلى بارايلى، ئارىلىق يىراق ئەمەس، سىز ئىتنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— يىراقتىن كۆرسەم بىر گەپ، — دېدى پاۋېل راستچىللىق بىلەن، — لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئىت مېنى دائىم بوزەك قىلىدۇ.

كۆرگەزمە ئورنى سوكولنىكى كوچىسىدا ئىدى. پاۋېل ھېچقاچان مۇنچە كۆپ ئىتنى كۆرۈپ باقمىغانىدى: ئىتلارنىڭ بەزىلىرى ئۆرە تۇراتتى، بەزىلىرى ئوڭدا ياتاتتى، بەزىلىرى يۈگۈرۈۋاتاتتى، بەزىلىرى ھاۋ-ھاۋ قىلىپ ھاۋشىسا، بەزىلىرى كاڭ-كاڭ قىلىپ قاۋاۋاتاتتى، بەزىلىرى بويىنغا باغلانغان تاسمىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بۇ ئىتلارنىڭ ئارىسىدا بۆرە ئوۋلايدىغان چوڭ تايغانلارمۇ، ئويۇنچۇققا ئوخشاپ كېتىدىغان پاكار پىستىلەرمۇ، ھەيۋەتلىك دولمان ئىتلىرى① بىلەن شوتلاندىيىنىڭ پادىچى ئىتلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ راستلا خىلمۇخىل ئىتلارنىڭ كاتتا كۆرگەزمىسى ئىدى.

نىنا ھەش-پەش دېگۈچىلا باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى — ئىت بېقىش ھەۋەسكارى، ئىت بېقىش مەستانىسى بولۇپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىتتىن باشقا نەرسىگە بولغان ھەۋىسى يوقالغانىدى، پاۋېل ماروژنا يېيىشكە تەكلىپ قىلسىمۇ، ئۇ قولىنى پۇلاڭشىتىپ رەت قىلىۋاتاتتى...

پاۋېل ئىچىدە "ھەي ئەخمەق قىز" دېدىيۇ، دەرھاللا چۈشەندى — بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق ئىدى، ۋېنيامۇ ئىتنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن ۋېنيا ئىت بېقىشنى كەسىپ قىلغان مۇتەخەسسىسلەرگە ئوخشى-

---

① قىسقا يۇڭلۇق ساقچىلىق ئىتى.

مايتتى، ئۇ ئىتنىڭ نەسلىنى بىلمەيتتى، ئىتلارنىڭ تۈرىنى پەرق ئېتەلمەيتتى، ھەتتا داكىس ئىتى① بىلەن تايغانىنىمۇ ئاربلاشتۇرۇپ قوياتتى، ئۇ ئۆزىمۇ مەن دېگەن ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكار دەيتتى. دېمەك، ئۇ ئىتنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما ئىتلارنىڭ قانداق خۇسۇسىيىتى بارلىقى بىلەن كارى يوق ئىدى.

... ئۇلار كۆرگەزمىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. نىنا قېرى زاراڭ دەرىخىنىڭ تۈۋىدە بىر قۇچاق قىزىل يوپۇرماقنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. پاۋېل ئۇنىڭغا قىلچە تەپىتارتىماي زوق بىلەن قاراپ تۇراتتى: ئۆزىنىڭ ئالدىدا قىزىل يوپۇرماقلارنى قۇچاقلاپ تۇرغان بۇ ئايال چوكانغىمۇ، ئوقۇغۇچىلىق يوپكىسىنى كىيىپ يۈرىدىغان قىزچاققىمۇ ئوخشىمايتتى. پاۋېل بىر-بىردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان تاشقى قىياپەت بىلەن ئىچكى خاراكتېرنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنتايىن ئوبدان بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بىردىنلا سەزدى: ئۇنىڭ لەۋلىرى باللارنىڭكىدەك چىلك ئىدى، كۆزلىرىدىن سالماقلىقى ۋە ئىجتىھاتلىقلىقى چىقىپ تۇراتتى؛ ئۇ بىپەرۋادەك كۆرۈنەتتى، لېكىن ۋۇجۇدى غەيرەتكە تولغانىدى؛ ئۇ خۇددى قىزچاقلاردەك چوڭ تايغانلارنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ پىشقان، ۋىنىيادەك تۈز كۆكۈل ۋە قەيسەر ئايال ئىدى.

— سىز قاچان ماڭىسىز؟

— ئەپسۇسكى، ئەتە.

— نېمىگە ئەپسۇسلىنىسىز؟

— ھېچ ئىشقا... سىزنى تويغا ئۆزىتىپ بارالمايدىغان بولغاچقا.

---

① قىسقا يۇڭلۇق، مايماق پۇتلۇق پاكار ئىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مېنى ئۈزىتىپ بېرىشنى خالامسىز؟
— ئەلۋەتتە خالايمەن. مەن توي مۇراسىمىغا زادى قاتنىشىپ باقمىغان.
— مەنمۇ قاتنىشىپ باقمىغان... لېكىن، سىز سەزدىڭىزمىكىن، "سىزنى تويغا ئۈزىتىپ بارىمەن" دېگەن سۆز قۇلىقىمغا "سىزنى ئۆلۈمگە ئۈزىتىپ بارىمەن" دېگەندەكلا ئاڭلىنىپ كەتتى.
— شۇنداقمۇ؟ — دېدى پاۋېل ئالاقزادە بولۇپ، — كەچۈرگەيسىز، گەپ قىلغاندا، تازا دىققەت قىلىپ كېتەلمەيدىغان ئىشىم بار.
— ياق، ماڭا شۇنداق ئاڭلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. بولدى ئەمدى، ھېچ ئىش يوق. تېخى ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقىت بولمىغاندۇ، ھازىر سائەت نەچچە بولدى؟
— نەچچە بولسا بولمامدۇ، نېمىگە ئالدىرايسىز، مېنىڭ يەنە تويتوغرا ئىككى سائەت ۋاقتىم بار، بۇ ۋاقىت سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا.
— ماڭا ئىككى سائەت يەتمەيدۇ.
ئىنا پاۋېلغا كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇردى، پاۋېل بۇنىڭدىن يەنە تەمتىرەپ قالدى-دە:
— سىز سەزدىڭىزمىكىن، يۈزىڭىزنىڭ رەڭگى ئالاھىدە ئىكەن، بۇنداق چىرايىنى قەدىمىي رەسىملەردىكى ئادەملەرنىڭكىدىلا چېلىقتۇ-رۇش مۇمكىن، پانا قۇيرۇق چايكىنىڭ رەڭگىمۇ شۇنداق.
— ھە، مۇنداق دەڭ... سىز... سىز ئىككى سائەت ۋاقتىم بار دېدىڭىزغۇ؟ ئەمىسە باغچىغا بارايلىمۇ؟ چاقپىلەككە[1] چىقايلى.

[1] شەكلى چاقپىلەككە ئوخشايدىغان ئايلانما پاراخوت بولۇپ، بىر خىل ئويۇنچۇق.

ئۇزاقتىن بېرى چاقپېلەككە بىر چىقسام دەپ يۈرەتتىم.
— مېنىڭمۇ چىققۇم بار. يۈرۈڭ. بىزمۇ ئوقۇش مۇكاپاتى ئالغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سىرتقا ئوينىغىلى چىققان پەيتتە قېيىق ھەيدەيلى، چاقپېلەككە چىقايلى، ماروژنا ئىچەيلى. ئويناپ بولغاندىن كېيىن باشقا ئويۇنلارنىمۇ ئويلاپ تاپارمىز. سىزچە قانداق؟
— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى.
پاۋېل قېيىق ھەيدەۋېرىپ قولى قاپىرىپ قالدى، كىمنىڭدۇر بىرىنى سۇغا غەرق قىلىۋەتكىلى تاس قالدى، ئۆزىمۇ سۇغا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. كېيىن ئۇلار شەيتان ئەينىكى ئورنىتىلغان ئۆيگە كىردى-دە، ئەينەك يېنىدا سىپايىلىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن كۈلۈپ تۇردى؛ نىنا ئۆزىنىڭ ئەينەكتە شادا پاچاق غەلىتە چوكانغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بويىنى مايماق، پۇتى ئاقساق بولۇپ ئەكس ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىدى-دە، سەيلىچىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ئىككىسى ئېتىش مەيدانىغا كەلدى، نىنا نىشانغا تەككۈزدى، لېكىن پاۋېل نىشانغا تەككۈزەلمەي ئىختىيارسىز تاتىرىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ نىشاننى دەرھال توغرىلىۋالدى-دە، ئارقا-ئارقىدىن بەش پاي ئوقنى نىشانغا تەككۈزدى، كىچىك چاقپېلەكمۇ ئارقا-ئارقىدىن بەش قېتىم پىرقىرىدى.
— بۇ ھېساب ئەمەس، مەن كارامىتىمنى تولۇق كۆرسەتكىنىم يوق تېخى، — دېدى پاۋېل، — يەنە بىر رۇبلىلىق ئوينايلى...
كېيىن ئۇلار ئۈستى ئوچۇق ئايۋاندىكى كەڭ گۈللۈك سايىۋەن ئاستىغا تىزىلغان ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرۇپ كاۋاپ يېدى. پاۋېل: شۇنىمۇ كاۋاپ دېگىلى بولامدۇ، رېزىنكىگە ئوخشاش پىشۇرۇپتۇ، مەن

كاۋاپنى شۇنداق مېزىلىك پىشۇرىمەنكى، يەيدىغان بولسىڭىز، قولىڭىزغا تېمىپ چۈشكەن مېيىنىمۇ يالىماي قويمايسىز، دېدى.

— سىز ئۇستا مەرگەن قوشۇمچە ئالىي دەرىجىلىك ئاشپەز ئىكەن‌سىز، — دېدى نىنا كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ يەنە قانداق كارامەتىڭىز بار؟ ھەممىسىنى كۆرسىتىڭ، تېز بولۇڭ، بولمىسا ۋاقىت چىقمايدۇ.

— سىز راك تۇتۇپ باققانمۇ؟

— ياق، بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

— ھەتتەڭ، سىزنى يېزىغا راك تۇتقىلى بىللە ئاپىرالمىغانلىقىمغا ئۆكۈنۈۋاتىمەن. مەن يېزىغا بېرىپ راك تۇتقان، قانداق راكلارنى تۇتقانلىقىمنى دېمەمسىز، ئانداق، مانداق راكلارنى ئەمەس، ناھايىتى چوڭ راكلارنى تۇتقان. ئۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئاجايىپ يوغان ئىكەن، قېرىنقىزنىڭ يوپۇرمىقى شۇنداق چوڭ ئىكەنكى، بوباب دەرىخىنىڭ① يوپۇرمىقىغا تەڭلىشىپ قالىدىكەن، چاقىقاق چىتتىن ئېگىز ئۆسىدىكەن، ئىت توغرۇلۇق گەپ قىلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق، ئۇ يەرنىڭ ئىتلىرى شۇنداق يوغان ئىكەنكى...

— بەئەينى تورپاققا ئوخشايدىكەن! — نىنا كۈلۈپ تاشلىدى.

— ياق، قويغا ئوخشايدىكەن. مەن يېزىدا كېرىنىنىڭ قەبرىسىنىمۇ تاپتىم.

— كىمنىڭ قەبرىسىنى؟

— ئانىنا كېرىنىنىڭكىنى. پۇشكىنىنىڭ «تېخىچە ئېسىمدە ئاشۇ ئاجايىپ مىنۇتلار» دېگەن شېئىرى بېغىشلانغان ئايال. كېيىن ئۇقۇ-

---

① ئافرىقىدا ئۆسىدىغان ناھايىتى يوغان بىر خىل دەرەخ.

شۇپ باقسام، ئۇ پۈتۈنلەي باشقا يەر ئىكەن، شۇنداقتىمۇ پۇشايمان قىلمايمەن، ئاجايىپ قىزىق ئىش-تە. — پاۋېل سۆزلەۋېتىپ، ئىچىدە نىنانى بىر ئاپارغان بولسام نېمىدېگەن پەيزى بولاتتى، هە، دەپ ئويلىدى. لىللا گەپ قىلسام، نىنا ناهايىتى ئوبدان قىز ئىدى، ئۇ پاۋېلنىڭ قۇرۇق خىيالغا بېرىلىپ قىلغان بۇ ئىشىدىن (تۇساتتىنلا كېرىنىڭ قەبرىسىنى ئىزدىمەكچى بولغانلىقى، ئەمما قەبرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىدىن) ئەجەبلەنمەيتتى. لېكىن شۇ تاپتا... ئۇنىڭ كىرپىكلىرى خۇددى كېپىنەك قاناتلىرىنى كېرىگەندىكىدەك لىپ-لىپ قىلىۋاتاتتى، بۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟ قىسقىسى، ئۆزەڭنى تۇتۇۋال، بۇرادەر، سوغۇققان بول. ئۇ ۋېنيانىڭ سىڭلىسى، هەممە گەپ شۇ، ئۇنىڭدىن باشقا هېچ ئىش يوق. چۈشەندىڭمۇ؟ باياتىن قۇرۇق خىيالغا بېرىلىپ كەتتىڭ. بۇنداق قىلساڭ بولمىغىنى.

يوقلاڭ خىيالدىن خالى بولاي دېدى بولغاي، پاۋېل:

— سىز بىلەن ئىلگىرى تونۇشۇۋالمىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن، نىنا. تونۇشقان بولساق، بۇرۇنلا ياخشى دوست بولۇپ كېتەركەنمىز. شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى نىنا، — مەنمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن.

— لېكىن بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان بىر چارە بار. سىزنىڭ لېنىنگرادقا بارغۇڭىز بارمۇ؟ قىشلىق تەتىلدە بىز تەرەپكە بارامسىزيە. مەنمۇ لېنىنگرادنى ئاساسەن بىلمەيمەن. بارسىڭىز بىللە ئېكسكۇرسىيە قىلايلى، سەيلى قىلايلى، چاڭغا بىلەن كارېلىيىگە بارساقمۇ بولىدۇ. ئارىلىق يىراق ئەمەس، ئېلېكترو پويىز بىلەن كەلسىڭىز بولىدۇ.

— مەن لېنىنگرادقا بارمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— چۈشەندىم. سىز ساپ موسكۋالىق. ئەمما يازدا ئۇتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ مەسچىتنىڭ ئېگىز مۇنارىسىنى كۆرۈپ كېلەيلىمۇ.

"يەنە گەپ قىلسا، ھۆڭ سىلىپ يىغلىۋېتىمەن، — دەپ ئويلىدى نىنا ئىچىدە، — بۇ گەپلەرنى قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ بولدى، دېمە. مەن سېنى كېتىپ قالمىسۇن دەپ چاقچاق قىلىپ، گەپكە تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇنى سەزمىدىڭمۇ؟ يا ئاللا! مەن نېمە دەپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە سىرتقا چىققاندىمەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ مەنمۇ بىلمەيمەن. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلمىسەم بولمايتتى. مەن قىزچاق ئەمەس، چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ، شۇنچە دۆتلۈك قىلغىنىمنى قارىمامدىغان. زېھنىم ئوچۇق تۇرۇپ، ئەتىنىڭ يېتىپ كەلمەيدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىپ يۈرگىنىم نېمىسى. ئەتە ئۆزەم تاللىۋالغان ئەتىغۇ. ئۆزەم رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىشنى راۋا كۆرگەن ئەتىغۇ."

— مېنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغۇم يوق، — دېدى نىنا، — مەن ئىسسىققا چىدىيالمايمەن، گەپنىڭ راستى، ئۆيگە قايتساق بولغۇدەك. شۇ تاپتا باغچا ئايلانغۇممۇ كەلمەيۋاتىدۇ.

نىنا پىكاپقا چىققاندىن كېيىن، پىكاپنىڭ ئىشىكى يېنىدىكى بۇلۇڭدا كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇردى. پاۋېل ئۇنى ئۇخلىدەك بېسىپتۇ دەپ ئويلىدى. بىر كۈنلۈك ئىش-كۈشلەر ئۇنى چارچىتىپ قويغاندەك قىلاتتى. ئەپسۇسكى، پاۋېل ئەتە بۇ يەردىن كېتەتتى. بولمىسا، ئۇنى ئاتىسى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويغۇسى، يېزىدىكى ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ئۇنىڭغا ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئۇبدان پەرۋىش قىلىنغان گۈللەرنى كۆرسىتىپ كەلگۈسى بار ئىدى.

"ئۇنى يېزىغا ئاپىرىمەن. ھوي، نېمە دەۋاتىمەن! — دەپ ئويلىدى

پاۋېل ئىچىدە، ــ بۇ تازىمۇ قاملاشمىغان گەپ بولىدى-دە. تاپقان قىز دوستۇمنى قارىمامدىغان! مەن ئۇنىڭغا ئېرىگىنى ئېلىپ مەن بىلەن يېزىغا بارغىن، دالىدا ئولتۇرۇش قىلايلى دەيمەنىمۇ؟ ئۇ ماڭا قاراپ تۇرغان ۋاقتىدا، كۆڭلىدە: 'ھەي ئەخمەق، مېنى شەھەردە ئايلاندۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭ؟ بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ. جىمى ئارزۇ-ئارمىنىڭغا بۈگۈن يېتىشىڭ كېرەك، بۈگۈنكى كۈنۈم كۆڭلۈمدىكىدەك ئۆتمىدى دەپ ئويلاۋاتىدىغانسەن. لېكىن بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ مەن ئەمدى ئۆيگە قايتىپ، توي ئولتۇرۇشىنىڭ پېچىنە-پىرەنىكلىرىنى پىشۇرىمەن...، دەپ ئويلىغاندۇ."

ــ پاۋېل، ــ دەپ قىچقاردى نىنا.

ــ مەن سىزنى ئۇخلاپ قالدىمىكىن دەپتىمەن.

ــ ياق، ئۇخلىمىدىم. خىيال سۈردۈم. خىيالىمنى دەپ بېرەي: بۈگۈن ئۆيگە بېرىپ قارىسام، ئىشىك تۈۋىدە بىر پىكاپ تۇرۇپتۇ. مەن پىكاپنى كۆرۈپ مۇنداق ئويلىدىم، چوقۇم بىرى يول بېسىشقا ئالدىراپ پىكاپنى تېز ھەيدەپ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ، چېتىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، بالونغا دات بېسىپ كەتكەن بىر مىخ كىرىپ كېتىپتۇ-دە، بالون تېشىلىپتۇ. بۇ ئادەم ئاغزىنى بۇزۇپ بىرپەس قايىنىغاندىن كېيىن، چىت تۈۋىگە كەپتۇ...

ــ ئۆي ئىگىسىگە دات باسقان مىخنى قالايمىقان تاشلامدىغان دەپ قايناپ كېتىپتۇ، ــ دەپ گەپنى تارتىۋالدى پاۋېل.

ــ ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇ باشتا ھويلىغا ئىت بارمىدۇ دەپ قاراپ چىقىپتۇ، ئاندىن دەرەخلىك چىغىر يول بىلەن ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ كۆزلۈمگە شاخ كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېگىشىپ مېڭىپتۇ: پەلەمپەيگە چىققاندا، ئاپام بىلەن مېنى كۆرۈپ، يول

www.uyghurkitap.com

بېسشنى ئېسدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ ـ دە، چاي سوراپتۇ.

ــ كېيىنچۇ؟

ــ كېيىنكى ئەھۋالنى دەپ بېرەلمەيمەن... بەلكىم كەتكەندۇ. ئۇ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ھەركۈنى كېچىسى ئويغىنىپ كېتىپ، تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرىدىغانلىقىنى، ئۆيىمىزنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسەپ سالغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئۇ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەنلىكىگە قارىماي، ئۆيگە كىرمىسە بولاتتى. ئەمما، ئۆيگە كىرگەن بولسىمۇ، يولدىن ئۆتكەچ كىرگەن، ئەمدىزە ئۇ كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ، تاماكا چېكىدىغان بولۇپ قالىدۇ ـ دە...

ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن كۆزىنى يۇمۇۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ يېنىغا بارغۇسى، ئۆزىنى ياستۇققا ئېتىپ قاتتىق بىر يىغلىۋەتكۈسى كەلگەندى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى ئۇنداق قىلما بالام دەپ بەزلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنى ھېچكىم بەزلەپ باقمىغانىدى. پاۋېل پىكاپىنى بېلوروسىيە كوچىسىغا ھەيدەشكە تەمشەلدى...

نىنا پاۋېلغا بىر كۆز تاشلىدى. شۇ تاپتا پاۋېل نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ؟ پاۋېل نىنانىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي قالماس...

پاۋېل نىنانىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەنىدى، ئالدىقاندىقتۇر بىر خىل بىئاراملىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى چىرمىۋالدى. "ئۇ نېمىشقا ماڭا ئىككى سائەت يەتمەيدۇ دېگەندۇ. ئىككى سائەت ماڭىمۇ ئازلىق قىلىدىغاندۇ بەلكىم. قارا، ئۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى. ئۇ: دۇنيادىكى جىمى ئىش تەسادىپىي يۈز بېرىدۇ، سەن ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ قالغانلىقىڭغا قارىماي، ئۆيگە كىرمەي، يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتسەڭ بولاتتى. مەنچۇ، مەن ئەتە توي قىلىمەن،

ۋېمەگچى ئىدى. ۋېنيا شۇنداق گەپنى ئاڭلايدىغان بولسا، ئۇلى قاتتىق ئەيىبلىمەي قالمايتتى. سەن مەندىن غەم قىلما، مەن ئۇچۇن كۆڭلۈڭنى بۇزما. مەن كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىغان هالغا چۈشۈپ قالمايمەن. ئەمدى مەن بېلوروسىيە كوچىسىغا قايرىلىمەن."

بىر خىل ۋەهىمە تۇيغۇسى پاۋېلنى بىردىنلا چىرمىۋالدى، بۇنىڭ سەۋەبى ئاددىيلا ئىدى، ئۇ ئىنىسىدىن ئايرىلىشتىن قورقاتتى.
"ماۋۇ بىمەنىلىككە قارىمامدىغان، — دەپ ئويلىدى پاۋېل ئىچىدە، — يەنە نېمە بولدۇڭ! ئۆزەڭ ئويلاپ باق، خەق قىلمىش-ئەتمىشلىرىڭنى كۆرسە نېمە دەيدۇ؟ سىلىقراق گەپ بىلەن ئېيتقاندا، قاملاشمىغان ئىش قىلىپتۇ دەيدۇ.

ئۇ ئۆزىگە شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئىنىسىنى قەتئىي ماڭغۇزمايتتى، بۇ ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىنىسىنى ماڭغۇزغۇسى يوق ئىدى. ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بۇ سېزىم ئۇنى قاتتىق هەيران قالدۇردى. ئۇ راستىنلا قاتتىق هەيران قالغانىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەلمەي قالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ باشقا ئىچكى هېسسىياتلىرى سۇسلىشىپ كەتكەنىدى.

كاپىتان ۋالگ بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئەجەبمۇ ياخشى بولدى! ئۇ كاپىتان ۋالگنىڭ موسكۋادىكى بىر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا داۋالىنىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالغانىدى.

— ئىنىنا، — دېدى ئۇ، — بىز كاپىتان ۋالگنى يوقلاپ كېلەيلى، ئۇنىڭ قىزى ۋېنيانىڭ سۆيگىنى ئىدى، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز.

— بۇ ئىش ئەمدى ئېسىڭىزگە كېلىپ قاپتۇغۇ؟ ۋاقىت يەتمەسمىكىن.

— قويۇڭ، ئۇنداق سائىتىڭىزنى! — دېدى پاۋېل توساتتىن

www.uyghurkitap.com

ئاچچىقلاپ، ــ ئەخمەقلىقىڭىزنى قاراڭ! توي مۇراسىمىنىڭ ئۆتكۈزۈ-
لۈشىگە تېخى ۋاقىت بار. مېھمانلىرىڭىزمۇ ئۆلۈپ قالمايدۇ...
پاۋېل موسكۋانىڭ كوچىلىرىنى ئوبدان بىلەتتى، لېكىن ئوي-
لىمىغان يەردە بىر كوچىنى نەچچە ئايلىنىپمۇ بارماقچى بولغان كىچىك
كوچىنى تاپالمىدى ــ دە، كەيپى ئۇچتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۈن ـ تىنسىز
ھويلا سۈپۈرۈۋاتقان بىر ئىشچى ئۇلارنى مۈشكۈل ئەھۋالدىن
قۇتۇلدۇرۇپ قويدى. ھېلقى ئىشچى ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى سۈپۈرگە
بىلەن كۆرسىتىپ قويدى، پاۋېل پىكاپنى ئاۋايلاپ ھەيدەپ قاپقارا
دەرۋازىدىن ئۆتتى ــ دە، يېزىغا كەلگەندەك بولۇپ قالدى...

قاقاس دالىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ھويلىدا ياۋا گىياھلار ۋە قېرى-
قىزلار قويۇق ئۆسكەن، دەرەخلەرگە تارتىلغان تانىلارغا كىيىم يېيىلغا-
نىدى. ئۇلى تاشتىن قوپۇرۇلغان بۇ ياغاچ ئۆيلەر موسكۋاغا ئوت
قويۇلغاندا① ساق قالغان قەدىمكى ئىمارەتتەك قىلاتتى.

ــ بۇ قېرى سەرگەردانىنىڭ يامانلىقىنى، موسكۋادا دىتىغا ياقىد-
غان شۇنداق بىر ماكان تېپىۋاپتۇ، ــ دېدى پاۋېل كۈلۈپ، ــ
يۈرۈڭ، غىچىلداپ تۇرىدىغان مۇشۇ ياغاچ پەلەمپەي بىلەن ئۈستىگە
چىقايلى.

ۋالىگ ئىشىكىگە بىر ئىلىك خەت يېزىپ چاپلاپ قويغانىدى: "مەن
بازارغا كەتتىم. ھايال بولۇپ قالمىسام، دەرھال قايتىپ كېلىمەن."
ــ ھەم قىسقا، ھەم چۈشىنىشلىك يېزىلىپتۇ، ــ دېدى نىنا، ــ

---

① 1812 ـ يىلى ناپولېئوننىڭ ئارمىيىسى موسكۋاغا ھۇجۇم قىلغاندا، رو-
سىيىلىكلەر چېكىنىش ئالدىدا شەھەرگە ئوت قويغان، بۇ يەردە شۇ
ۋەقە كۆزدە تۇتۇلغان.

سىزچە، ئۇ ھايال بولۇپ قالارمۇ؟

— ھايال بولۇپ قالماسلىق ئېھتىمالى كۆپرەك. چۈنكى ئۇ ۋوتكا ئىچمەيدۇ، پىۋىمۇ ئىچمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، بىردەم كۈتەيلى.

ئۇلار پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ھويلىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— كاپىتان بازاردا كالا گۆشى تاللاۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، — دېدى پاۋېل، — سىزگە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرەي، مەن خىلمۇخىل دېڭىزچىلارنى كۆرگەنمەن...

## 7

مەن كۆرگەن دېڭىزچىلار ھەققەتەن جىق، ئۇلار ئارىسىدا بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن، بەدىنىدىن تاماكا ئىسى پۇراپ تۇرىدىغان پېشقەدەم دېڭىزچىلارمۇ بار ئىدى — بۇنداق دېڭىزچىلارنى كىشلەر يىراقتىنلا بىلىۋالالايتتى، ئالدىڭغا بىر دېڭىزچى كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ دېڭىزدا مىڭبىر خېيىم-خەتەردىن ئامان قالغان، روم ھارىقىدىن ① كەم دېگەندە ئون تۈگىنى ئۆرىگەن، دۇنيانىڭ ھەممە پورتلىرىدىكى چىرايلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە شەيدا بولغان تۇغما دېڭىزچى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايسەن. بىراق، ئالېكساندىر كاسىموۋىچ ۋالگىنىڭ ئالدىدا دېڭىزچىلارنىڭ

---

① روم ھارىقى — شېكەر قومۇشىدىن ئىشلەنگەن كۈچلۈك ھاراق.

ھەممىسى چاناتتى. قەدىرلىك ۋالگ تۋېر[1] شەھىرىدە تۇغۇلغا-نىدى، ئۇ كىچىكىدىنلا ئۆزگىچە فامىلىسى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققە-قىتىنى تارتقانىدى، كىشىلەر ۋالگ چوڭ بولغاندىن كېيىن، دورىگەر بولالمايدۇ، بۇغالتىر بولالمايدۇ، دوختۇرمۇ بولالمايدۇ، دې-يىشەتتى، چۈنكى بوغالتىر ۋالگ دېسە ئوبدان ئاڭلانمايتتى، كاپىتان ۋالگ دېسە باشقىچە ئاڭلىناتتى.

شۇ سەۋەبتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ۋالگ راستلا دېڭىزچى بولغانىدى. قۇرۇقلۇقتا چوڭ بولغان ۋالگ ئەسلىدە جەنۇبنىڭ بىر يېرىگە بېرىپ باغۋەنچىلىك قىلىشنى، ئۆزۈم تىكىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن فامىلىسىنىڭ بېسىمى ئالدىدا تىز پۈكتى بولغاي، ئاخىر ئۆلگىچە نېيستىدىن يانمايدىغان پېشقەدەم دېڭىزچى بولۇپ قالدى. ئۇ تەقى-تۇرقىدىن باشقىلارغا ئوخشىمايتتى: تاماكا چەكمەيتتى، بۇرۇت-ساقال قويمىغانىدى، مەريەم ئانىغا ۋە جەنۇبىي كرېست يۇلتۇزىغا دۇئا-تىلاۋەت قىلمەن دەپ ۋاقتىنى بىكاردىن بىكارغا زايا قىلمايتتى، ھاراق ئىچىشكە كەلگەندە ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالاتتى، لېكىن زادى ئىچمەيمۇ قالمايتتى. ئۇ شىمالدىكى دېڭىز ساھىللىرىنى ۋە دەريا ساھىللىرىنى (كېمىلەر بەزىدە دەريا پورتلىرىغىمۇ كىرەتتى) بەش قولدەك بىلەتتى، سۇ يولىنى يول باشلىغۇچىدىنمۇ ئوبدان بىلەتتى، ئۆزىنىڭ سۆ-رىگۈچى ماتورلۇق كېمىسىدىكى ماشىنا-زاپچاسلارنىڭ ھەممىسىنى قۇراشتۇرالايتتى ۋە چۇۋالايتتى. قىسقىسى، ئۇ ھەممىگە قادىر، سېپى ئۆزىدىن بولغان دېڭىزچى ئىدى. ئۇ كەمتەرلىك بىلەن ماختى-

---

[1] ھازىرقى كالىنىن شەھىرى.

نىپ، ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم ھالاكەتلىك بالا ـ قازاغا ئۇچرىغىنىم يوق، كېمەمنىڭ بىرەر يېرى خادا تاشقا تېگىپ تېشىلىپ كەتكىنى يوق، پرىستاندىكى قاۋاقخانىلاردا كىشىلەر بىلەن بىرەر قېتىم ئۇرۇشۇپ قالغىنىم يوق، خۇداغا شۈكۈر، "گوللاندىيىلىك ئۇچار ئادەم"①نى بىرەر قېتىم ئۇچراتقىنىممۇ يوق دەيتتى.

كاپىتان ۋالگ ئاشۇنداق ئەزىمەت ئىدى...ئۇنىڭ يەنە شۇنداق بىر ئىشىمۇ بار ئىدىكى، ئۇ ھەر يىلى يولغا چىقىدىغان كونى كېمىنى كېيۇئەر دېڭىزىدىكى قوم تۇمشۇق يېنىغا ھەيدەپ باراتتى ـ دە، ئۇزۇنغىچە گۇدۇك چالاتتى. كونا ھاۋا رايى پونكىتىنىڭ ياغاچ ئۆيىدە تۇرىدىغان كىشى كارابىن مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۈچ پاي ئوق ئاتاتتى. ئاندىن ئۇ كىچىك قېيىق بىلەن قىرغاققا چىقاتتى.

خېلى يىللارنىڭ ئالدىدا، ئېنىقراق ئېيتقاندا، يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا، شۇ يەردە بىر پاجىئەلىك ۋەقە يۈز بەرگەنىدى، لېكىن شۇ ۋەقەنىڭ كونكرېت ئۆتمۈشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كاپىتان شۇ كەملەردە سۆرىگۈچى ماتورلۇق كېمىنىڭ مېخانىكى ئىدى، ئۇ تاتلىق سۇ ئەكىلىش ئۈچۈن بەزىدە قىرغاققا چىقاتتى. ھازىرقى يېڭى ھاۋا رايى پونكىتىنىڭ ئورنىدا شۇ چاغدىكى ئۇۋۇچىنىڭ كىچىك ئۆيى بار ئىدى. بۇ ئۆي ھېچنېمىگە ئوخشىمايتتى، ئۆيمىكىن دېسىڭىز، تامنىڭ تۆشۈكلىرىدىن قول پاتاتتى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرىمۇ ئۆگزىدىن سۇ تېمىپ تۇراتتى. يازدا، قىرغاق بويىدىكى مۇشۇنداق كىچىك

---

① رىۋايەتتىكى مەڭگۈ قىرغاققا يېقىنلاشمايدىغان غەلىتە كېمە، دېڭىزچىلار شۇ كېمىنى كۆرۈپ قالغانلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۆيلەردە ئۇۋچىلار تۇراتتى، كۆپىنچە، ئەر ـ خوتۇن بىللە تۇراتتى.

بىركۈنى كاپىتان كىچىك ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، توساتتىن بوۋاقنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ، قارىسا، ياغاچ ساندۇق ئۈستىدىكى بىر يوغان خالتا مىدىرلاۋاتقۇدەك، يىغا ئاۋازى شۇ يەردىن چىققانىكەن.

بۇ قىز بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قانداق بالا ـ قازاغا ئۇچرىغانلىقى ھازىرغىچە سىر بولۇپ كەلمەكتە. دېڭىز ئەنە شۇنداق رەھىمسىز كېلىدۇ. كاپىتان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولسا كېلىپ ئېپكېتەر دېگەن ئۈمىد بىلەن بوۋاقنى كەنتكە كۆتۈرۈپ كەپتۇ؛ دەل شۇ چاغدا سۆرىگۈچى كېمىنى رېمونت قىلىشقا توغرا كېلىپ قاپتۇ، ئۇ بىرنەچچە كۈن سوراپتۇ.

بوۋاقنى ئېلىپ كەتكىلى ئادەم كەلمەپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنى بالىنى دارىلئېيتامغا ئاپىرىپ بېرىشكە دەۋەت قىلىپتۇ. ئۇ كۆپچىلىككە بۇ قىزچاق دېڭىزنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتى دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ـ دە، بالىنى بېقىش قاتارغا قوشۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپتۇ... سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، نادىيانىڭ ئەھۋالىنى كېيىن پۇرسەت چىققاندا سىزگە ئايرىم دەپ بېرەي.

شۇنىڭدىن كېيىن، نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. لېكىن كاپىتان ھەر يىلى شۇ كۈندە كېمىنى كېيۈئەر دېڭىزىنىڭ قوم تۇمشۇقىغا ھەيدەپ بېرىپ، كىچىك قېيىق بىلەن قىرغاققا چىقىدۇ.

مەن سىزگە ئېيتىپ بەرگەن بۇ ئىشلارنى نۇرغۇن خەق بىلمەيدۇ؛ لېكىن كاپىتاننىڭ كونا ئادىتىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئۇ تەرەپتىكى بىر مەشھۇر ئەرباب، دېڭىز بويىدىكى مىڭ چاقىرىم ئارىلىققا جايلاشقان مەھەللىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاش مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ ئادىتى قىرغاقتىكىلەرگىمۇ سىڭىپ قالدى.

بەش يىلنىڭ ئالدىدا كۆتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى: كونا ھاۋا رايى پونكىتى تاقالدى. ئۇنىڭ سەل نېرىسىدا ھاۋا رايىنى كۆزىتىدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان يېڭى ھاۋا رايى پونكىتى سېلىندى. بۇ تېخىمۇ تېجەشلىك، تېخىمۇ مۇۋاپىق چارە بولسا كېرەك. لېكىن يېڭى پونكىت قۇرۇش ۋاقتىدا، كاپىتاننىڭ كونا ئادىتىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى.

ئۇ چاغدا، مەن، ۋېنيا، ئولېگ ئۈچىمىزدىن ھېچقايسىمىز ۋالىگ بىلەن تونۇشمايتتۇق. بىزغۇ ئۇنى كۆرگەنىدۇق، لېكىن ئۇ بىزنى كۆرمىگەنىدى، بىزنىڭ ئالاقىمىز شۇنچىلىكلا ئىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا ۋېنيا ۋېرانگېلدىن① ئەمدىلا قايتىپ كەلگەنىدى، يولدا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىدى بولغاي، ۋېنيا ماجالىدىن كەتكەنىدى ھەم قاتتىق ئاچچىقى تۇتقانىدى. ئۇ كارىۋاتتا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ گەپ-سۆز قىلماي بىرھازا ئولتۇردى. ئاندىن بىزگە مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى:

— سىلەر بۇنداق غەلىتە ئىشنى ئاڭلىغانمىدىڭلار؟ ئاغىنىلەر ماڭا، ۋالىگ دەم ئېلىشقا كەتتى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كېلىدۇ دېگەنىدى. يەنە بىر كۈن ئۆتسە، ئۇ يولغا چىقىدۇ. پېشقەدەم كاپىتان سۆرىگۈچى ماتورلۇق كېمىنىڭ كاپىتان سۇپىسىدا تۇرۇپ، قۇپقۇرۇق قىرغاققا نەزەر تاشلايدۇ. بۇ ھالنى تازا كۆرگۈڭلەر باردۇ؟ بىراق مېنىڭ كۆرگۈم يوق، ھەتتا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگۈممۇ يوق.

— شىمال دېڭىز قاتنىشى باش ئىدارىسىگە تېلېگرامما بېرىپ ئې-

① سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي سىبىرىيە دېڭىزىدىكى ئارال.

www.uyghurkitap.com

تىراز بىلدۈرەيلى، ـــ دېدى ئولېگ.

ـــ بۇ چىرايلىق گېپىڭ ئەسقاتسىغۇ ئوبدان بولاتتى! ـــ دېدى ۋېنيا ئۇنىڭغا زەردە بىلەن، ـــ بىز ۋالگىنىڭ ئالدىغا بارايلى. مېنىڭ يىغلىپ قالغان بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىش ۋاقتىم بار، مەن ئۇچۇش سائىتىنى توشقۇزۇپ بولدۇم.

ئۇ كەملەردە بىز ناھايىتى جۇشقۇن يىگىتلەر ئىدۇق، ھاۋا رايى پونكىتى بىز تۇرۇشلۇق جايدىن سەككىز يۈز كىلومېتىر نېرىدا ئىدى. ئۇ يەرگە بارىدىغان يول يوق ئىدى، دېڭىز يولى بىلەنغۇ بارغىلى بولاتتى، لېكىن مۇز پارچىلىرى لەيلەپ تۇرغان دېڭىزدا، ئۇ چاغدا قېيىقمۇ، ماتورلۇق كېمىمۇ قاتنىيالمايتتى، ۋالگىنىڭ مۇز يېرىپ ماڭىدىغان سۈرگۈچى كېمىسىلا قاتنىيالايتتى.

ـــ بارساق باردۇق، ـــ دەپ جاۋاب بەردۇق بىز، ـــ نېمىدىن قورقاتتۇق!

ۋېنيا ئۆزىنىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلان ھەيدەيدىغان دوستلىرى بىلەن كېلىشىۋالدى. بۇ تۈزۈمگە پۈتۈنلەي خىلاپ ئىش ئىدى، ئەمما بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىدى... ۋېنيا: "قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر ساۋابلىق ئىشنى قىلىمەن دەپ چىقساڭلا، قائىدە-تۈزۈم يول قويمايدۇ" دېگەنىدى.

بىز بىر كۈن بۇرۇن ئۇچۇپ باردۇق. نىنا، ئاڭلىساڭ، بۇ ئىش ئۈچۈن بىز راستىنلا ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدۇق! سىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، بىرنەچچە ئۆيدىكى ئەرلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، زىياپەت ئۆتكۈزىدىغان بولدۇق، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە ھېچكىمنىڭ كەلمەيدىغانلىقى كۆڭلىمىزگە ئايان ئىدى. سىز بۇ ھالنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلەمسىز؟ بىز ئۆينى پاك-پاكىز

سوپۇروپ، رەتلىك تۇزەشتۇردۇق، لېكىن بىر قىسما بولۇپ قالغاندەك بولغانىدى.

دەرۋەقە، تۇرلۇك يېمەكلىكلەر هازىرلاندى، توغرالغان توڭ كېيىك گۆشى، مايغا چىلانغان كېتا بېلىقى ۋە چايمۇ تەييارلاندى. بىز كونا هاۋا رايى خادىملىرىدىنمۇ مەسلىھەت سورىدۇق، بىر بوتۇلكا ئاق هاراقمۇ تېپىپ قويدۇق؛ مۇبادا كاپىتان ئادىتىنى بۇزۇپ ئىچمەن دەپ قالسىچۇ.

سۆرىگۆچى كېمە چۈشتە دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. بىز دېرىزە ئالدىغا ئولاشتۇق. كاپىتان ئالدىراۋاتقاندەك قىلمايتتى، ئۇ كېمىنىڭ ئۈستىنى يۇيۇۋاتاتتى. كېيىن كېمىنىڭ گۇدۇكى ياڭرىدى، ئەتراپتىكى خادا تاشقا قونۇپ تۇرغان بېلىقچى قۇشلار گۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. بۇ يەردە بېلىقچى قۇش بەك كۆپ ئىدى، ئۇلارنى موسكۋالىقلارغا كىشى بېشىغا بىردىن بەرگەندىمۇ، شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرگە يەنە نۇرغۇنى ئېشىپ قالاتتى.

هەممە ئىش كونا ئادەت بويىچە قىلىندى: بىز كارابىن ملتىقنى ئاتتۇق، كاپىتان ماھىرلىق بىلەن قىرغاققا چىقىدىغان كىچىك قېيىقنى تاشلىدى، كۆپچىلىك بىردەمدىلا كېمىدىكى تاماق زالى شەكلىدە تۇزەشتۇرۇلگەن ئۆيگە كېلىپ ئورۇن ئالدى، توڭلىتىلغان كېيىك گۆشنى يەپ بولغاندىن كېيىن، چاي ئىچىشتى.

ئادەتتىن تاشقىرى بىرلا ئىش يۈز بەردى: كاپىتان بۇدو ئۆزى يالغۇز ئەمەس، نادىيا بىلەن بىللە كەلگەنىدى. بۇ باشقا هېكايە، بۇ يەردە نادىيا بىلەن ۋېنىيانىڭ شۇ كۈنى تونۇشقانلىقىنى دەپ قويسىلا كۇپايە...

ئاپئاق كۆڭلەك ۋە بايراملىق كىيىمنى كىيىۋالغان كاپىتان

ۋالگ زيياپەتتە شادـخۇرام ئۇلتۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قارىچۇقى خۇنۇكلىشىپ، ئەتراپى قىزىرىپ كەتكەنىدى، لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىدە سەممىي شادلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىۋاتاتتى، ئۇ گويا بۇ ياشلار بىزنىڭ ئىزىمىزنى باسىدىغان يارامل‍ىق يىگىتلەر، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە مېنى ــ كاپىتاننى قانداق كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن دېگەندەك قىلىۋاتاتتى.

كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى ئەسلىگىنىدە، كۆزلىرى قىزىغا تىكىلدى-دە، تېخىمۇ كۆيۈمچان كۆرۈنۈپ كەتتى.

ــ ئالېكساندىر كاسىموۋىچ، ــ دېدى ۋېنىيا، ــ مەڭ، سىزگە بېرەي، كېيىن ئۇنتۇپ قالماي يەنە، ــ ئۇنىڭغا بىر مەلۇمات جەدۋىلىنى بەردى. بۇ كاپىتان ئۈچۈنلا تەييارلانغان بىر ئايلىق ھاۋا رايى مەلۇمات جەدۋىلى ئىدى. بۇمۇ بىر كونا ئادەت ئىدى.

كاپىتان جىددىي قىياپەتتە ھاۋا رايى مەلۇمات جەدۋىلىنى ئېلىپ، مەيدە يانچۇقىغا سالدى-دە:

ــ رەھمەت... سىلەرنى ماڭا ھاۋا رايى مەلۇمات جەدۋىلى بېرەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ــ دېدى.

كېيىن بىز بۇرۇنقىدەك قاتار تىزىلىپ دېڭىز بويىغا باردۇق. كاپىتان ئۆتۈكنى سالدى، رەتلىك كىيىنگەن كىيىملىرىنى ئاياشىقىمۇ ئورۇن قالمىدى: قېيىقنى سۇغا ئىتتىرىشكە توغرا كەلدى. ئاندىن كەينىگە قايرىلىپ بىزگە قارىدى.

ــ ئەمسە... ــ ۋېنىيا ئەمدى گەپ باشلاپ تۇرۇشىغا، كاپىتان ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ باللار مۇنداق ئىش بولدى...تۈنۈگۈن مەن كېمىدە رادىئو ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇقتۇرۇشتا ھاۋا رايى پونكىتى تاقالدى...

سەن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما دېيەلىپتۇ. ھاۋا رايى پونكىتى ئەمدى تۈگەشتى.

بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي، بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق.

— نادىيا ماڭا بەك شۈكلەپ كەتمىسۇن دەپ ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مەن گۈدۈكنى ياڭراتتىم-قانداقلا بولمىسۇن، گۈدۈكنى ياڭرىتىشىم كېرەك-تە. لېكىن سىلەرنىڭ بۇنىڭغا جاۋابەن مىلتىق ئاتىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىماپتىكەنمەن...

شۇ چاغدا، ئۇنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ كۆزىدە راستىلا ياش ئەگىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ كاپىتان تەبەسسۇم بىلەن:

— رەھمەت سىلەرگە، بالىلىرىم... بىزنىڭ ھاۋا رايى پونكىتىمىزنى ھېچكىم تاقىيالمايدىغان بولدى، — دېدى.

ئۇ قېيىققا چىقتى. نادىيا بۇ ئىشنى كىم باش بولۇپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بىۋاسىتە سېزىمى ئارقىلىق بىلىدى بولغاي، سەل ئىككىلىنىپراق كەينىگە قايرىلدى-دە، ۋېنىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى سۆيۈپ قويدى.

— ئاتام ئۇچۇن سىزگە رەھمەت، — دېدى نادىيا، — ھەم ئۆزەم ئۇچۇن...

ئىنا، مەن ئەسلىدە سىزگە كاپىتان ۋالگىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولغانىدىم، لېكىن ئاخىر بېرىپ ھەممىمىزنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ كەتتىم. چۈنكى بىز ھامان بىللە ئىدۇق، ئاساسەن بىللە ئىدۇق...

# 8

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دېدى نىنا، — سىلەر ھامان بىللە ئىسكەنسىلەر-دە. بۇنى چۈشىنىمەن...

شۇ تاپتا نىنا ۋېنىيا بىلەن بىللە مۇز تۇتقان چائۇن دېڭىز قولتۇقى① ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ئاخىرقى بىر تۇركۇم كېمە ئەترىتىگە يول باشلاپ بېرىۋاتقاندەك بولدى...

ئۇ گويا ۋېنىيا بىلەن بىللە تۇنجى قار ياغقاندا گىئولوگىيىلىك چارلاش خادىملىرىنى تۇندىرادىن ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى...

ۋېنىيا ئاخىرقى قېتىمدا ئۇنى بىللە ئېلىپ ماڭمىغانىدى. چۈنكى ۋېنىيا ئۆزىنىڭ ھايات-ماماتىنى ئوكچە بەلگىلەش ئۈچۈن، يالغۇز ئۇچۇشنى زۆرۈر تاپقانىدى...

نىنا ھۆڭ سىلىپ يىغلاپ تاشلىماي دېدى بولغاي، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. پاۋېل ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك، قولىنى ئۇنىڭ قولىغا بوش تەگكۈزۈپ قويىدى-دە، ئۇنىڭ قولىنى گەپ-سۆز قىلماي سىلاپ تۇردى. نىنامۇ پاۋېلنىڭ قولىنى بىلىنەر-بىلىنمەس چىمدىپ قويدى، لېكىن پاۋېلنىڭ ئۆزىنى بەزلەۋاتقانلىقىنى زادىلا سەزمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىچە يىراقتىكى شىمالنى كېزىپ يۈرەتتى. پاۋېل شامالغا دالدا بولسۇن دەپ ئۇنىڭغا پۈركەنجىسنى ئارتىپ قويماقچىمۇ بولدى. ئۇنى قۇچاقلاپ يىمىسكىن دەپمۇ ئويلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن نېمە قىلسام

① سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي سىبىرىيە دېڭىزىغا تۇتىشىدىغان شىمالىي دېڭىز قولتۇقى.

بولار دەپ باش قاتۇردى. ئۇنىڭغا ئىت ۋېنيانى كۆرگەندە كاك-كاك قىلىپ قاۋاپ قويغىنى بىلەن، چىشلىمەيتتى دېمەكچىمۇ بولدى. بىراق، ئۇ يېنىكلىك بىلەن شۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى...

— نىنا، — دېدى پاۋېل، — ئۇنداق قىلماڭ... قاراڭ، هويلا سۇپۇرۇۋاتقان سېمىز ئايال بىزگە تەئەججۈپ بىلەن تىكىلىپ تۇرىدۇ. كاپىتان بازار ئارىلاپ يۈرۈپ ۋاقتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدىمۇيە.

... ئۇلار كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرغاندا، ئۆيىنىڭ كەينىدە ۋالگىنىڭ بەستىلىك گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇ بىر تور خالتىدا كاللەكبەسەي كۆتۈرۈۋالغان، هېرىپ هاسىراپ كەتكەنىدى. پاۋېل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— خۇدا ساقلىسۇن! — دېدى پاۋېل، — بۇ يەرنىڭ هاۋاسى شىمالىي قۇتۇپقا كۆنۈپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىسسىق ئىكەن.

— شۇنى دېمەمسەن، — دېدى ۋالگ غودۇڭشۇپ، — تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرگەندەك قېينىلىپ كېتىدۇ ئادەم...ياپىرىم! هەي، ئېيتقىنا، نەدىن كېلىشىڭ؟ ئۇزاق ساقلىغان ئوخشىمامسەن؟ مەن... ئۇ تور خالتىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، — بىلەمسەن، دوختۇرلار مېنى كاللەكبەسەي يېيىشكە مەجبۇرلاۋاتىدۇ. مەن يا قېرى ئۆچكە بولمىسام... هوي، ئۆرە تۇرۇپ نېمە قىلىمىز؟ بۇ يەر ئىسسىق تۇرسا...

شۇ چاغدا ئۇ نىنانى كۆردى-دە، قولىنى شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىگە تەككۈزۈپ سالام بەردى.

— ياخشىمۇ سىز! كاپىتان ۋالگ.

— ئالېكساندىر كاسىموۋىچ، بۇ ياق ۋېنيانىڭ سىڭلىسى.

— هە، مۇنداق دەڭ...، — ئۇ نىناغا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى، —

سىز ئاكىڭىزغا بەك ئوخشايدىكەنسىز. سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلەردىن بەك خۇشالمەن. ۋېنيا... ئۇ ئەسلىدە ماڭا ئوغۇل بولاتتى. ئۇ بەك بەلەن بالا ئىدى، نىنا. — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ باياتىنقىدەك كېلەڭسىز تۇيۇلمايدىغان بولدى، ھەتتا پاۋېلغا شۇ تاپتا گويا ”دىقىقەت“تە تۇرۇۋاتقاندەك، ئالدى ئوچۇق چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىمۇ رەتلىك ئېتىلگەندەك تۇيۇلدى. — ۋېنيا مەرت-مەردانە يىگىت ئىدى، نىنا، مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم... مەن سىزنى ۋە ئانىڭىزنى نەچچە يوقلاپ كېلەي دېدىم، يەنە بىر تۇرۇپ كېسىلىم ساقايغاندىن كېيىن باراي دېگەن يەرگە كەلدىم. مەن خەققە كېسەلمەن، نىمجان كۆرۈنۈشنى خالىمايمەن... يۈرۈڭلار... بۇ يەردە تۇرۇۋېرىپ نېمە قىلىمىز؟ مەرھەمەت، ئۆيگە كىرىڭلار!

ۋالگىنىڭ ئۆيى قالايمىقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۆزگەرمەس تەرتىپ بويىچە باھايىتى ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغاندى. بۇزۇق سافادا دەستە-دەستە كونا گېزىتلار تۇراتتى: پاۋېل ۋالگىنىڭ روسىيە كېمە ئەترىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. چوڭ يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىگە نادىيا بىلەن ۋېنيانىڭ سۈرىتى ئېسىپ قويۇلغاندى. سۈرەتتە كۆزى سەل قىسىلغان نادىيا تەبەسسۇم بىلەن ئاتىسىنىڭ سۆرىگۈچى كېمىسىدىكى كاپىتان سۇپىسىدا ئۆرە تۇراتتى. ۋېنيانىڭ سۈرىتى ئېلىپپىسمان مىس رامكىغا ئېلىنغاندى.

ۋېنيانىڭ سۈرىتى يېنىدا ۋالگىنىڭ ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ كەتكەن كونا دوستلىرىنىڭ سۈرىتى ئېسىلغاندى، بۇ سۈرەتلەرمۇ مىس رامكىغا ئېلىنغاندى.

— بىز بىردەمدىن كېيىن تاماق يېگەچ ئەھۋاللىشىمىز، — دېدى ۋالگ، — شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇستەلنى راسلايلى. ئېسىل نازۇ-نېمەتلەر بارمىكىن دەپ تاما قىلىپ يۈرمەڭلەر، ئەمما يەيدىغان نەرسىلەر بار.

ئۇ مۇزلاتقۇدىن بىر لىگەندە سۇغا چىلانغان ئالما ئالدى، بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، ۋوتكا قاچىلانغان ئۈزۈن بويۇنلۇق بوتۇلكىنىمۇ ئالدى، بوتۇلكىنىڭ ئۈستىدىن سوغۇق گاز تارقالدى.

— پايتەختتە سىزنى يامان ئۆگىتىپ قويۇپتۇ-دە، — دېدى پاۋېل، — ھاراق ئىچىدىغان بولۇپ قاپسىز. مېنى ئەپۇ قىلىڭ، سىزگە ئۈلپەت بولالمايمەن: مەن تېخى پىكاپ ھەيدەيمەن.

— سىز ئىچمىسىڭىز مەنمۇ زورلىمايمەن، — دېدى كاپىتان غودۇڭشىپ، — نىنا بىلەن ئىچىمەن. كىچىك رومكىدا بىردىنلا ئىچەيلى.

— ئەلۋەتتە ئىچىمىز، — دېدى نىنا، — توغرالغان توڭ كىيىك گۆشىنى زاكوسكا قىلامسىزمۇ؟

— كاللەكبەسەينى زاكوسكا قىلىمىز-دە، — دېدى ۋالگ خورسىنىپ، — بۇ يەردە ھاۋا شۇنچە ئىسسىق تۇرسا، قانداقمۇ توغرالغان توڭ كىيىك گۆشى راسلىغىلى بولسۇن؟ سىز كاللەكبەسەي سالاتى① ئېتىشنى بىلەمسىز؟ كاللەكبەسەيگە ئالما، قوي بۆلجۈرگىنى ئارىلاشتۇرىسىز. سۇ يېغىدىنمۇ ئازراق قۇيىسىز.

— شۇنداققۇ دەيمەن، — دېدى نىنا، — قېنى ئېتىپ باقاي.

ۋالگ ئۇنى ئاشخانىغا باشلاپ ئەكىرىپ، لازىملىق نەرسىلەرنىڭ

---

① خام سەي. — تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com

نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆيگە يېنىپ چىقىپ، پاۋېلنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

— ھەي، قانداق خەۋەرلەر بار؟ — دەپ سورىدى ۋالگ.

— يوقتەك قىلىدۇ.

— تانيا قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟

— ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن نېمە چاتاق چىقاتتى.

— بۇ گېپىڭ جايىدا. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ، چۈنكى ئۇ ساڭا ئوخشىمايدۇ، تۇرمۇشقا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ.

— بىزنىڭ ئۇنى ئەتىۋارلايدىغان يېرىمىز شۇ.

— توغرا ئېيتتىڭ. تېخى داچا تاپمىغانسىلەر؟ ھەقىقىي شىماللىقلار قىرىلىق تۇرمۇشنى سىلەردەك ياش ۋاقتىدىلا غەملەپ قويىدۇ. ئىت باققۇڭ بارمۇ؟ ئويناش ئۈچۈن ئەمەس، قولۇم-قوشنىلارنىڭ بالىلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن... داچا تاپمىدىڭلارمۇ؟

— ياق، — دېدى پاۋېل، — تېخى ئىزدىمىدىم. بۈگۈن نېمە بولدىڭىز، ماڭا توغرا يولغا ماڭ دەپلا پەندى-نەسىھەت قىلىپ كەتتىڭىزغۇ. لېكىن، كاپىتان، سىز بۇ رولنى قاملاشتۇرالمىدىڭىز...

ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە يېرىم يىلىلا بولغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزىدىن ئايرىلغىنىغا كەم دېگەندە بىرنەچچە يىل بولغاندەك قىلاتتى. ئۇلار تۇرلۇك قىزىقارلىق ئىشلارنى ۋە شىمالدا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ناھايىتى ئاددىي ۋە ئادەتتىكى ئىش دەپ ھېچقايسىسى تىلغا ئالمىغان ئىشلارنى تەپسىلىي ئەسلەشتى. بۇنىڭغا ئىككى شىماللىقنىڭ موسكۋادا ئۇچراشقانلىقى، يەنە كېلىپ ھەر

ئىككىسىنىڭ تۇساتتىن قايتىشقا تەقەززا بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولغانىدى.

— ۋېنىيا ھاۋا تۇتۇلۇپ قېلىپ بازنايا كەنتىدە قونۇپ قالغان كۈنى ئۇنىڭ ئايروپىلانى بور بىلەن بويىۋېتىلگەنلىكى ئېسىڭدىمۇ؟

— ئېسىمدە بولمامدىغان! كىمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنىمۇ بىلىمەن: بۇنى ۋۇتىلىخىننىڭ چوڭ قىزى كاتېرىنا قىلغان. ئۇ ئايروپىلانغا بور بىلەن: ۋېنيا بىلەن نادىيانىڭ قوشۇلمىسى مۇھەببەتكە تەڭ دېگەن خەتنى يازغان... كېيىن كىمدۇر بىرى بىر يۈرەكنى سىزىپ قويغان... ۋېنىيا لاتا بىلەن بىر سائەت سۈرتۈپ ئاران ئۆچۈرۈۋەتكەن.

— بۇ ئىش مېنىڭمۇ ئېسىمدە، — دېدى نىنا، — ۋېنيا خېتىدە ماڭا يېزىپتىكەن.

نىنا ئىشىك تۈۋىدە كاللەكبەسەي غولىنى چاپاپ تۇردى.

— ۋېنيا سىزگە ئەھۋالنى ۋاقتى-ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغان ئوخشايدۇ-ھە، — دېدى ۋالگ تەبەسسۇم بىلەن، — قانداق، سەي تەييار بولدىمۇ؟

— تەييار بولۇپ قالاي دېدى... قولۇمدىكى كاللەكبەسەي غولىنى يەپ بولاي، ئاندىن ئىككى تەخسىگە تۇزلانغان كاللەك-بەسەينى سېلىپ، سۈيىگە ئازراق تۇز سېلىپ ئاچچىقىنى يوقىتاي، شۇنىڭ بىلەن تەييار بولىدۇ...

— مەن بىر ئىشتىن قاتتىق خىجىل بولۇۋاتىمەن، — دېدى ۋالگ نىنا ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، — مەن بۇرۇنلا ۋېنيانىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاپ كېلىشنى ئويلىغانىدىم... سەن نىنا بىلەن بۇرۇنلا تونۇشقانمۇ؟

— تېخى بۈگۈن تونۇشتۇم.

— سەنمۇ بۈگۈن تونۇشتۇڭمۇ. ئىلگىرى ۋاقتىڭ چىقمىغانمىدى؟!

— ئالېكساندىر كاسمووۋىچ، پەندى-نەسىھەت قىلىش سىزگە ياراشمايدىكەن. — دېدى پاۋېل قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— بۇ گېپىڭىزغۇ راست. ماڭا ياراشمايدۇ. ئەمما سەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن نىنانى يوقلىغىلى بارساڭ بولاتتى. ئاۋۋال نىنا بىلەن، ئاندىن باشقىلار بىلەن كۆرۈشسەڭ بولاتتى.

پاۋېل ئىچىدە: «بۇ گەپ چەكتىن ئېشىپ كەتتى» دەپ ئويلىدىيۇ، ئۆزىنىمۇ ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان بىر ئېغىز گەپنى ئىختىيارسىز دەپ سالدى:

— شۇنى دېمەمسىز، خەقلەر بۇ قىز ناھايىتى ئوماق ئىكەن، پۈتى بەك چىرايلىق ئىكەن دېيىشىۋاتىدۇ.

— ھەي ئەخمەق، — دېدى ۋالگ پەس ئاۋازدا تىللاپ، — پۈتىمۇ... تانىياڭنىڭ پۈتى ئۇنىڭكىدىنمۇ چىرايلىقتۇ... مېنىڭ بىلەن ئېتىشما، بۇنى ساڭا ئېيتىپ قوياي. شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، بىز ئەرلەر قاۋۇل كېلىمىز، شىمالىي قۇتۇپتا ئۇچالايمىز، جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىپ ياۋلارنى قىرالايمىز، لېكىن جىددىي پەيتتە، يالغۇز پالۋانلىق ۋە قارا كۈچ ئەمەس، قورقماس روھ كېرەك. شۇنداق چاغلاردا سېنىڭ كۈچلۈكلەردىن بولالىشىڭ ناتايىن... نىنانىڭ چىرايلىق بېزەلگەن كىچىك قولىنى ئالايلى، بۇ قول رايال چېلىشقىلا ئەمەس، كىشىلەرنى خەۋپ-خەتەردىن قۇتقۇزۇش ۋە تىك يار لېۋىدىن قايتۇرۇپ كېلىشكىمۇ يارايدۇ...

پاۋېل قاتتىق تەئەججۈپلىنىپ ۋولگىغا قاراپ قويىدى، كاپىتان ھېچقاچان بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ باقمىغانىدى.

— بىر مۇنچە ئىشلاردىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوق، پاۋېل.
ئەمەلىيەتتە، ئىلگىرى مېنىڭمۇ خەۋىرىم يوق ئىدى... ۋېنىيا يالغۇز
نادياغىلا ئېيتىپ بېرىپتىكەن. ۋېنىيا پاراشوت بىلەن سەكرەپ
يارىدار بولغاندىن كېيىن، ھەتتا دوختۇرلارمۇ، ئۇ ئۆمۈر بويى
ئاقساق بولۇپ قالىدۇ، شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ تەلىيى يامىنىغا
تارتسا، ئۆمۈر بويى پالەچ بولۇپ كارىۋاتتىن چۈشەلمەيدۇ دەپ
ئاشكارا ئېيتىقانىكەن. سەن ئويلاپ كۆر، ئۆمۈر بويى ئاقساق
ئۆتسە، ئۇنىڭ كۆڭلى نېمە بولۇپ كېتەر؟ مەڭگۈ ئاقساپ مېڭىش،
پەلەمپەيدىن چۈشكەندە ھاسام پەلەمپەينى تاراقشىتىۋەتمىسۇن دەپ
پۇتىغا قاراپ ئاۋايلاپ مېڭىش ئۇنىڭ ئۈچۈن نەقەدەر قورقۇنچلۇق
ئەھۋال - ھە.

مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، بىر مۇنچە باتۇر - ئەزىمەتلەر
بەرداشلىق بېرەلمەي ۋاي دەيدۇ... ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك
دېگەندەك، بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ئۇنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن
ئۆتكەن، ئانىسى يۈرەك كېسىلى بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ
قالغانىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولغۇدەك ئىش
قالمىغانىدى.

دەل شۇ پەيتتە تېخى ئون ئالتە ياشقا كىرمىگەن ھەم ئورۇق،
ھەم كىچىك مۇشۇ قىز ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى، ئۇنى
نۇرغۇن جايلارغا ئاپىرىپ داۋالاتتى، ئاتاقلىق دوختۇرلارنىڭ ئالدىغا
ئاپاردى؛ ئۆزى يالغۇز روستوۋقا بېرىپ، سۆكەكنى ئورنىغا
چۈشۈرىدىغان بىر ئاتاقلىق مىدىتسىنا پروفېسورىنى زىيارەت
قىلدى... ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ ۋېنىيانى قايىل قىلدى، شۇنىڭ
بىلەن ۋېنىيادا يېڭىباشتىن كۆك ئاسمانغا چىقمەن دەيدىغان ئىشەنچ

بارلىققا كەلدى. چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇ ۋېنىيانى ئۆزىنىڭ بالىلىق ئىشەنچى ۋە چوڭلارنىڭكىدەك قورقماس روھى بىلەن قايىل قىلدى. مېنىڭ ئىپتىقانلىرىم پۈتۈنلەي راست، پاۋېل، بۇنىڭغا يوق نەرسىنى قوشۇپ قويغىنىممۇ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى چىقىرىۋەتكىنىممۇ يوق... مەن قىزىممۇ شۇنداق ئادەم دەپ قارايمەن، ئۇنىڭ شۇنداق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋالگ جىم بولۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا پاۋېل نىنانىڭ ۋېنىيا ياتىدىغان كارىۋاتىنىڭ بېشىغا ئېسىلغان سۈرىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، سۈرەت ئۈستىگە: "بۇ... ئەبىدىي ئۆچمەس مۇھەببەت" دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى؛ پاۋېل ۋېنىيانىڭ بىر تونۇش ئوۋچى بىلەن قاتتىق سودىلىشىپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ بىر ئايلىق هارىقىغا تېگىشكەن ۋە قار ئۈستىگە يېيىپ خىيلىغىچە قېقىشتۇرۇپ ساۋىغان، تۈكى چۈشۈپ كەتكەن يەرلىرى بولۇپ قالمىغىدى دەپ سىنچىلاپ قاراپ چىققان ئېيىق تېرىسىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇ چاغدا ۋېنىيا شارپا ۋە چىش چوتكىسىنىمۇ سېتىۋالمىغانىدى. ئۇ ئۆمرىدە ئۆي ئىشىنى بەك يامان كۆرەتتى، شۇنداق تۇرۇپ ئۇ...

— نىنا ئەنە شۇنداق قالتىس قىز، پاۋېل... — دېدى تۇساتتىن ئۆيدە ئۇ يان-بۇ يان مېڭىپ ۋە ئۇششاق خاتىرە بۇيۇملىرىنى ئويىنىتىپ تۇرغان ۋالگ يەنە، — ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋال شۇ... قاچان قايتىسەن؟

پاۋېل ۋالگنىڭ "ئىچكى ئۆلكىدە" تۇرۇۋاتقىنىغا بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالغانلىقىنى شۇ چاغدىلا ئېسىگە ئالدى، شۇڭا ئۇنىڭ تانيانىڭ شىمالدىن كەتكەنلىكىدىنمۇ، پاۋېلىنىڭ لېنىنگرادقا يۆتكىلىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. باياتىن ۋالگ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز

بولغاچقا، ئۇنى داچا ۋە كەلگۈسى تۇرمۇش توغرىسىدا گەپ ئېچىپ شاگخو قىلغانىدى. ئۇ شۇ سۆزلەرنى قىلىشتا ھەقىقەتەنمۇ بارلىق شىماللىقلارنىڭ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن كەلگۈسى تۇرمۇشى ئۈستىدە ئويلانماي قالمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقانىدى.

— دەم ئېلىش ۋاقتىڭ قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟ — ۋالگ يەنە سورىدى، دەل شۇ چاغدا نىنا ئۇنى ئاشخانىغا چاقىردى.

— دەم ئېلىش ۋاقتىڭ قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئۆزىدىن پاۋېل، — ئاخىرلاشتى. ھەممە ئاخىرلاشتى. تۈگەشتى. ئەمدى يازدا ئالتە ئايلىق دەم ئېلىشىڭ يوق. بۇنىڭدىن كېيىن ئادەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەردەك...

بىراق ئۇ ۋالگقا گەپنىڭ راستىنى ئېيتالمايتتى. ئېيتسا زادى بولمايتتى. "بۇنى سوراپ يۈرگىچە ئىشنى قىلسىچۇ، ئۇ داۋاملىق نىنا توغرۇلۇق سۆزلىسە ئوبدان بولاتتى. مەن ئۇنىڭ نىنا توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاشنى خالايتتىم، ئۇ نىنانى ماختىسا، مەن ناھايىتى خۇشال بولاتتىم..."

— قېنى، ھۈنىرىڭنى بىر كۆرۈپ باقايلى، — دېدى نىنانىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرگەن ۋالگ، — كېلە، پاۋېل، سەن بۈگۈن ھاراق ئىچمىسەڭمۇ ئىككىمىزگە بېلىق كۆزى قىلىپ ئىككى رومكا ھاراق قۇيۇپ بەر.

قىسقا پەرتۇق — نادىيانىڭكى بولسا كېرەك — تارتىپ، يەڭلىرىنى تۈرۈپ، پەتنۇس كۆتۈرۈپ تۇرغان نىنانىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان خۇش خۇي چىرايى ناھايىتى يېقىملىق كۆرۈندى.

— سەلەر نومۇر قويۇشتا بەك قاتتىق قوللۇق قىلىپ كەتمەڭلار،...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىنا شۇنداق دېدى.

پاۋېل ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن پەتنۇسنى ئالدى. شۇ تاپتا پاۋېلدا تۇساتتىنلا پەتنۇسنى يەرگە بىر ئاتاي، شۇ بولمىغۇر ھەرىكىتىم بىلەن ھوشۇمنى تېپىپ، رېئاللىققا يۈزلىنەي دېگەن ئوي پەيدا بولۇپ قالدى. دېرىزە سىرتىدا پىكاپ توختىتىلغان، يانچۇقىغا يۆتكىلىش ئۇقتۇرۇشى سېلىنغان، نىنا ئەتە توي قىلىدىغان، لېنىنگرادتىكى ئۆيىدە — ئۆزى تالىلىۋالغان قىز شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان — ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان رېئاللىق ئەنە شۇ ئىدى؛ چۈنكى نىنا ئۆيگە كىرگىچە بولغان بىردەملىك ۋاقىتتا، ئۇ نىنانىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى قولىدىن تۇتقان پېتى ئېلىپ كېتىشنى، مەڭگۈ ئېلىپ كېتىشنى، ئۆزىگە باقىۋەندە قىلىۋېلىشنى ئويلىغانىدى. ئۇ نىنانى ۋالگقا قارىتىپ تۇرۇپ ئەكەتسىمۇ، ۋالگ ئەجەبلەنمەيتتى.

— ئوسيوتو بېلىقىنىڭ كىچىك ئۆستەكىدە ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرسىڭىز، ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆرەتتىڭىز-دە، نىنا! — ۋالگ نىنانى ئۆزى چۈكۈتىسكىدىن ئەپكەلگەن قۇرۇق ئوسيوتو بېلىقىنى يىپىشكە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ سۆزلەپلا كەتتى. — بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. ئويلاپ بېقىڭچۇ...

— كاپىتان، — دېدى پاۋېل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ، — بۇنى نىناغا بىردەمدىن كېيىن يولدا سۆزلەپ بېرەي، بىزنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى. قوڭغۇراقمۇ چېلىندى.

ئۇ چاقچاق قىلىپ چاس بەردى.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق! — دېدى ۋالگ تىت-تىت بولۇپ، — يەنە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن...

— راستلا ماڭىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى، — دېدى نىنا، — مەن

ئەمدى سىزنى پات-پات يوقلاپ تۇرىمەن، ئالېكساندىر كاسموۋىچ، قارشى ئالامسىز؟

— ئەلۋەتتە قارشى ئالىمەن، نىنا! سەنچۇ؟ — دەپ سورىدى پاۋېلغا قاراپ، — سەن بىلەنغۇ پات ئارىدا كۆرۈشىمەن. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىۋەتتىم، بىلەمسەن. پېنسىيىگە چىقىشىمغۇ چىقتىم، لېكىن قېرىقىز بېسىپ كەتكەن بۇ ھويلىدا تۇرۇۋېرىپ نېمە قىلاتتىم؟ مەن پات ئارىدا قايتىپ كېتىمەن، لېكىن بۇدو پورتتا كاپىتانلىق قىلىمەن.

ۋالگ ئۇلارنى پىكاپقا چىققىچە ئۇزىتىپ قويدى.

— پاۋېل، شىمالغا قايتمايدىغانلىقىڭىزنى نېمە ئۈچۈن كاپىتانغا ئېيتمايسىز؟ — دەپ سورىدى نىنا پىكاپ قوزغالغاندىن كېيىن.

— ئېيتىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم.

— ياق! سىز كاپىتاننىڭ كۆڭلى يېرىم بولارمىكىن دەپ ئەنسىرىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ ئۇ پات ئارىدا قايتىپ كېتىدىغان بولغاندىكىن، پەمىچە، ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولۇپ كەتمەس. لېكىن سىزچۇ، لېنىنگرادقا بارمىسىڭىز بولمامدۇ؟

— "بارمىسىڭىز بولمامدۇ" دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بۇ سوئالنى قىزىق سورىدىڭىزغۇ...

— بۇ سىزنىڭ قاچاقلىقىڭىز! سىزنىڭ پېشانىڭىزگە شىمالدا ئىشلەش پۈتۈلگەن، لېكىن سىز بۇنى تېخى تونۇپ يەتمەپسىز.

— نىنيۇك! — دېدى ئۇ نىناغا بۇرۇلۇپ، — ئوبدان قىزچىقىم، نېمە بولدىڭىز، ھېكايىنى تولا ئاڭلاپ بېشىڭىز ئايلىنىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ رومانتىك تۇس ئالغان ۋەقەلەرنى تولا ئاڭلاپ شۇنداق بولۇپ قالدىڭىزمۇ يە؟ بۇلار ئېسىڭىزدىن بىردەمدىلا

كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەتە ئەتىگەندە ئويغانغان ۋاقتىڭىزدا، ئىشىلنى ئۇنتۇپ قالىسىز، چۈنكى سىزنىڭ ئىشىڭىز كۆپ، ئۆز ئىشىڭىز بىلەن بەنت بولۇپ كېتىسىز. ھەممە ئىش نورمال ئىزغا چۈشىدۇ. ھېكايە كىتابلىرىنى كىتاب جازىسىغا تىزىپ قويىسىز-دە، يېڭى تۇرمۇشىڭىزنى باشلىۋېتىسىز.

— سىزچۇ؟

— مەن... مەنمۇ بىرەر ئىشنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىمەن-دە.

— دوستلىرىڭىزدىن ئايرىلىسىز، تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈللۈك ئۆتمەسمىكىن... ئەگەر...

— نىنا! بەزى ياشلار تىراللىبوسقا ئېسىلىپ، سۇپىدا ئۆرە تۇرۇۋالسا، خەق ئۇلارنى ھەيدەپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ، چۈنكى بۇ خەتەرلىك. لېكىن بەزى چوڭ ئادەملەر تىراللىبوس سۇپىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇلاردا تۇساتتىنلا ئەگەر سەكرەپ چۈشسەم قانداق بولار؟ دېگەن غەلىتە ئوي پەيدا بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ئاشۇنداق "ئەگەر" بىلەن باشلىنىدىغان قالايمىقان خىيال بىلەن تولغان بولىدۇ.

پاۋېل ئۆزىنىڭ قوپال گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى بىلەتتى، ھازىر ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئىككىسى تىراللىبوس سۇپىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. پاۋېل ئۇنىڭغا ئەگەر... كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزگە موھتاج بولۇپ قالسا، چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى. مەيلى ئۇ قەيەردە بولسۇن...

— نىنا، — دېدى پاۋېل، — ئەگەر كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە...

— بولدى، ئېيتماڭ. پاۋېل، — دېدى نىنا ئۇنىڭ قولىنى

تارتىپ، — مەن پۈتۈنلەي چۈشەندىم. سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىز توغرا. تۇرمۇشتا ھەممىدىن مۇھىمى — قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش، سۈپىدا تۇرۇپ ئىرادىلىبوسقا ئېسىلىشقىمۇ، سۈپىنىڭ قىرىغا بېرىشقىمۇ بولمايدۇ. بۇنىسى راست. پىكاپىنى توختىتىڭ، كۆزلەنگەن يەرگە كەلدۇق. مەن چىقماقچى بولغان پويىز بىردەمدىلا كېلىدۇ.

— ئېمىشقا... ئېمىشقا پويىزغا چىقىسىز؟ مەن سىزنى پىكاپ بىلەن ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي.

پاۋېل خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىدەك ھودۇقۇپ قالدى.

— مېنىڭ تېخى بوش ۋاقتىم بار.

— لېكىن مېنىڭ بوش ۋاقتىم يوق. — دېدى نىنا سالماق ھەم خاتىرجەم قىياپەتتە ئۇنىڭغا قاراپ، — بولدى، مەن سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. دېگەندەكلا كەلدىڭىز. كەلگىنىڭىزنىڭ ئۆزى ياخشى ئىش. بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇكەممەل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. توغرىمۇ؟

نىنا كىشىلەر ئارىسىدا غايىب بولدى.

پىكاپىنىڭ ئەينىكىگە ئېسىپ قويۇلغان تۆۋىت توشقان مىدىرلىغىلى تۇردى، بۇ تانيانىڭ سوۋغىسى ئىدى. ئېمىدېگەن ئۇماق توشقان، ھە... ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ تانيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدەكلا ئاددىي ھەم ئوچۇق ئىدى.

ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ ھازىرقىدەك پىكاپتا پېشانىسىنى ئەينەككە چاپلاپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى، شۇ تاپتا قۇياش نۇرىنىڭ ياخپېيىپ قالغان قويۇق چاچلىرىنى ئويىنىتىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە، ئۈمىد، سوئال ۋە بىئاراملىق بىلەن تولغان كۆزلىرىگە سانچىلىدىغان-

لىقىنى ئۈيلىغانىمدى، كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇ قولى ىنانىڭ بارمىقىغا تەگكەن چاغدىكى سىزىمىنى تېخىچە يوقاتمىغانىدى، ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ ئۆزى چۈشەنمەيدىغان بىر خىل ھېسسىيات پەيدا بولغانىدى ــ بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ماتور تېخىچە پەس ئاۋازدا گۈركىرەۋاتاتتى. پاۋېل ئورۇنىدۇققا يۆلىنىپ، كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم ئولتۇردى، ئاندىن پىكاپنى كەينىگە ياندۇرۇپ، باغچىنىڭ ئايلانما يولىنى بويلاپ تېز ھەيدەپ ماڭدى، ئۇ يولدا قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلدى بولغاي، بىر قاتناش ساقچىسى پىكاپنىڭ كەينىدىن ئۈشتەك چالدى ۋە ئۇنىڭغا قول پۇلاڭشىتتى...

## 9

... ئېسىمدىكەن قىزىق، ھە. يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ئالېكسېي روگوزىن ىنانىڭ ئۆيىگە سۆيگىنى سۈپىتى بىلەن كېلىدۇ، ئەتە ئۇنىڭغا ئەر بولىدۇ. ئالېكسېي روگوزىن دېڭىزچى بولۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان كىشى ئىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن ھەر قېتىملىق دېڭىز سەپىرىگە قاتناشتۇرۇلمىغاندۇ؟ ياكى ئۆزى قاتناشماسلىق قارارىغا كەلگەنمىدۇ؟ بۇ ئېسىمدە يوق... بىراق ئۇ تاغار يوتقانىغا قولىنى ئىشقا سالمايلا كىرىشنى تېز ئۆگىنىۋالغان ھەمدە گىئولوگىيە-لىك چارلاش كەسپى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ئادەملەرنى تىللاپ رەسۋاسىنى چىقارغانىدى.

باغچىنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى، دەل-دەرەخلەرمۇ قارا ئىدى. ىنا سائىتىگە قارىدى: ئېلېكتىرو پويىز ۋوگزالىغا كىرەي

دەپ قالغانىدى. ئۇ ئالېكسېي بىر توپ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىدۇ، قىستا-قىستاڭدا ئۆيدە پۇت پاتقىدەكمۇ يەر قالمايدۇ. ئالېكسېي ياڭيۇ پىشۇرىدۇ ۋە شامالدا بىردانە ياڭيۇنىڭ باھاسى ياڭيۇ بىلەن تەڭ ئېغىرلىقتىكى ئالتۇننىڭكىگە تەڭ كېلىدۇ دەيدۇ، باشقىلار توختىماي ۋارى-ۋارى قىلىشىدۇ. ئۇلار ۋارى-ۋارى قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇدۇلدىكى ئۆيلەردە چىراقلار ئۆچۈرۈلىدۇ، دېمەك، قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئاياللىرى بالىلىرىنى ئۇخلاتقاندىن كېيىن چاي ئىچكىلى كېلىدۇ دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ھەممە ئىش ئۆز پەدىسىدە داۋاملىشاتتى: ئېلېكتىرو پويىز دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلەتتى، ئۇدۇلدىكى ئۆيدىمۇ چىراغ ۋاقتىدا ئۆچۈرۈلەتتى، لىدا ھەر قېتىم چاي ئىچكىلى كەلگەندە چۇرۇك ماخار ئەكەلمەي قالمايتتى — ئۇ چۇرۇك ماخارنى مومىسى ئۆگەتكەن ئۇسۇل بويىچە پىشۇراتتى.

نىنا بۈگۈن ۋالگىنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا، خۇددى ۋېللىسنىڭ① رومانىدىكى ھېلىقى ئوغۇل بالىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بولىدى، ئۇ تامدىكى تىلسىمات ئىشىكنى ئېچىپ، بىر سىرلىق دۇكانغا كىردى. لېكىن دۇكاندا خىلمۇخىل، ئاجايىپ-غارايىپ ماللار يوق ئىدى، ئۇ پەقەت باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغانىدى، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسىمۇ باشقىچە ئىدى: بۇ ۋېنيا، پاۋېل ۋە كاپىتان ۋالگىلار ياشىغان دۇنيا ھەم شۇلار نەپەس ئالغان ھاۋا ئىدى.

نىنا بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتۈشكە قارىماي،

---

① ئەنگلىيىلىك ئىلمىي فانتازىيىچى (1866 — 1946).

www.uyghurkitap.com

ھاياتىدا ھەرقانچە زور ئۆزگىرىش بولۇشىغىمۇ قارىماي، ئۇزاق داۋام قىلغان مۇشۇ بىر كۈننى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايتتى، مۇشۇ بىر كۈن بولمىغان بولسا، تەقدىرىنىڭ ئۆزىگە قانداق قاتتىق ئادالەتسىزلىك قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى...

رىشاتكا سىرتىدىن كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. "بۈگۈن كېچىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم، — دەپ ئويلىدى نىنا، — ئۇلار كېچىچە قاينىشىدىغان بولدى..." ئۇ بۇنداق ئولتۇرۇشتىن بىزار ئىدى، ئۇلار نېمە قىلسا قىلىشىۋەرسۇن، ۋاقىتنى بىر ئامال قىلىپ ئۆتكۈزمەي بولمايتتى. ئەتە، ئەتە بالدۇرراق كەلسۇن...

ئالېكسېي ئاي ئىنىغا چىقىپ، چىراغنى ياندۇردى.

— قاراڭغۇدا بۇ يەردە ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ، نېمە بولدۇڭ؟

— ھېچنېمە. ئالېكسېي، ئېيتقىنچۇ، پانا قۇيرۇق چايكىنى كۆرگەنمىدىڭ؟

— كۆرگەن.

— ئۇنىڭ رەڭگى قانداق؟

— ئاچ قىزىل. بۇ قۇشنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ.

— مېنىڭ يۈزۈمنىڭ رەڭگى شۇ قۇشنىڭكىگە ئوخشامدۇ؟

— نېمە؟

— ھېچنېمە. ۋېنيا ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

— ھەي... بىچارە، بۈگۈنكىچە ياشىغان بولسىچۇ.

— قايسى كۈنگىچە ياشىغان بولسا دېدىڭ؟ بىز توي قىلىدىغان كۈنگىچىمۇ؟ ئەپسۇسكى، ئۇنىڭغا ھەتتا ئۆزىنىڭ توي قىلىدىغان كۈنگىچە ياشاشىمۇ نېسىپ بولمىدى!

ئالېكسېي ئۇنىڭغا ئالاقزادە بولۇپ قاراپ تۇردى.

— جېنىم ئىنا، نېمە بولدۇڭ؟ مەن سېنى چۈشىنىمەن. سەن چارچاپ قاپسەن، ئۇنداق قىلما. مەن ئىلدىيا ئالېكسېيېۋنا بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇ ماڭا بۈگۈن ۋېنىيا ئىشلىگەن جايدىن بىرسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ كۆڭلۈڭ بۇزۇلۇشى تۇرغان گەپ.

— كېرەك يوق، ئالېكسېي، بىز چىقايلى، مېھمانلار...

ئالېكسېي ئىنانىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئۇنى ئىككى قولى بىلەن مۇرىسىدىن تۇتۇپ قۇچاقلىدى. ئىنانىڭ كۆزى يۇرۇلدى-دە، تۇساتتىن سەسكىنىپ كەتتى. تۇنۇگۈن ئۇنىڭدا تېخى بۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولمىغانىدى... ئەتە... ئەتە ئۇ ئالېكسېيغا خوتۇن بولاتتى.

— قويۇۋەت مېنى، ئالېكسېي، بۇنداق قىلما. خەقلەر...

"ئەتە ئۇ ماڭا ئەر بولىدۇ. ئۇ باشقا ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان دۇرۇس ئادەم. ئۇ مېنى قىستىمىدى، پۇرسەتتىن پايدىلىنايمۇ دېمىدى، خۇداغا شۈكۈر! ئۇ ھەرقاچان ئەدەبلىك ئىدى، ماڭا قاراپ تۇرغان چاغلىرىدا ھېسسىياتىنى بىرەر قېتىم بىلىندۈرۈپ قويغانلىقىمۇ ئېسىمدە يوق... ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ-دە. بۇنىڭدا شەك-شۈبھە يوق. مۇھەببەت بابىدا ئۇنىڭدەك كۆيۈمچان ۋە پىداكار ئادەم يوق، بولسىمۇ ئېسىمدە يوق، ھەتتا ئۇنىڭدەك ئادەمنى ئەتراپىمدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۇچراتقىنىممۇ يوق... ئۇ بوينۇمغا، ئاغزىمغا سۆيگەن چاغلىرىدىمۇ خۇددى گۈلنى سۆيۈۋاتقاندەك قاتتىق ئاۋايلايتتى. ئۇ — مېنىڭ ئالېكسېيېم، ئەنە شۇنداق بەلەن ئادەم..."

ئىلدا ئاشخانىدا كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

— ھەي، سالات يېغىنلار قەيەردە؟ يوق؟ نېمىشقا بالدۇرراق

دەپ قويمايسىلەر. سالات يېغى بولمىسا، سالاتنى قانداق ئېتىمەن... مەن ئۆيۈمگە بېرىپ ئەكىلەي.

— قېرى مىكياننىڭ ئۆزى-دە، — دېدى ئالېكسېي، — كاكاكلاپلا يۈرىدۇ. سالات ئۇنى مەپتۇن قىلىۋاپتۇ.

كېيىن كۆپچىلىك ئادەتتىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، ھەركىم ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغىلى تۇردى؛ ئادەتتە ئالېكسېينىڭ قارىشى قانداق توغرا بولغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق توغرا ئىدى، توغرا بولغاندىمۇ ھەممىدىن توغرا ئىدى.

— بۇ ناتوغرا ۋە زىيانلىق چۈشەنچە. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا ئەقىل دۇنياسى، شۇڭا، بىز ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئادەملەردىن بولۇشىمىز كېرەك، يەنە بىر تەكىتلەپ قوياي، ئەمەلىي ئىشلىشىمىز كېرەك. بولمىسا، ۋەيران بولۇپ كېتىمىز. ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇپ كېتىمىز، ھەتتا ئەخلاقىي جەھەتتىمۇ ۋەيران بولۇپ كېتىمىز.

رومانتىك روھ، دون-كىخوت، پىلتىلىق مىلتىق دېگەنلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ھەننىۋاسى ئىنسانىيەتنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ۋە پارلاق بالىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ، بۇنى مەن بىلگەن يەردە. بالىلىق دەۋردە، شۇ نەرسىلەرگە بېرىلسەك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ھازىر ۋاقىتنى كەلسە-كەلمەس زايا قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئادەملەرنى قالايمىقان ئىشقا قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

بۈگۈن بىر يىگىت مىنىستىرلىككە مېنى ئىزدەپ كەلدى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا قالتىس نوچى ئەزىمەت ئىدى! ئۇ ئەڭ جاپالىق، ئەڭ چەت جايغا بارىمەن دەپ قەتئىي تەلەپ قىلغان، مەردانىلىق بىلەن، بارمىسام بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالغانىدى. ئەپسۇسكى، مەلۇم

ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇ يەردە تۇرغۇسى كەلمەي قالدى. ھازىر يۈتكىلىشىنى تەلەپ قىلدى. مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندىم، ئۇ تالانتلىق گېئولوگىيە خادىمى، ئالىم بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدىغان يىگىت. بىز ئۇنىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئەرزىمەس ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويۇپ تۇرالايمىزمۇ؟ بىزنىڭ يول قويالمايدىغانلىقىمىزنى ئۇمۇ بىلگەن يەردە. بەزىلەر، ئۇ ئىسسىق يەرگە يۆتكىلىۋاپتۇ دېگەنگە ئوخشاش ئۆسەك گەپلەرنى دەپ يۈرىدۇ، بۇ كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان چاكىنىلارنىڭ قارىشى — دە! ئىسسىق جايدا تۇرۇۋاتقانلار ئىچىدە پېقىرمۇ بار. بۇ جاي مېنىڭ قېنىم ئۇچۇن ئېيتقاندا، دالىغا قارىغاندا زىيانلىق، بىراق بۇ يەردە مەن تېخىمۇ زور خىزمەت كۆرسىتەلەيمەن. شۇڭا بىز مەسىلىگە چاكىنا رومانىستك-لارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قارىماسلىقىمىز، بەلكى ھەربىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئورنىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەيدان بىلەن ئويلىنىشىمىز كېرەك!

"توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى نىنا ئىچىدە، — شۇڭىنىسى، گەپلىرىڭ بەك تېتىقسىز."

بولغۇلۇق بولدى... قىزچاقىلىق دەۋر كەلمەسكە كەتتى. پاۋېلچۇ؟ ئۇ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ بۈگۈن كاۋاپ ئېتىشنى بىلىمەن دەپ چوڭ گەپ قىلدى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەپتى نېمىدېگەن قىزىق-ھە.

ئۇ ئۆيگە كېتىشنى زادى خالىمايتتى. ئاخىر كەتتى. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەنلىكىگە قارىماي قورقتى. لېكىن نىنا چۈشەنگەندى. ئۇ پاۋېلنىڭ ئوتتۇز يىلدىن بېرى پىكاپىنى بۇ تەرەپكە، ئۆزىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن پاۋېل مۇشۇ يەرگە

www.uyghurkitap.com

كەلگەندىن كېيىن ھوشىنى تىپىۋالالمىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئازراق بولسىمۇ چۈشەنگەنمىدۇ؟ ئۇ ھوشىنى تاپقاندەك قىلاتتى، شۇڭا، شۇنداق باتۇرلۇق كۆرسىتىشكە مۇۋەپپەق بولدى. شۇڭا، ئۇ كەتتى. مەڭگۈگە كەتتى. نىنانى تاشلاپ كەتتى...

ئەتىچۇ...

نىنا ئۆزىنىڭ ھازىرلا قاتتىق يىغلىۋېتىدىغانلىقىنى، ھۆكۈرەپ يىغلىۋېتىدىغانلىقىنى، تىلىقىپ قالغۇدەك يىغلىۋېتىدىغانلىقىنى، خۇددى يېزا ئاياللىرى ئۆلۈم ئۇزاتقان ۋاقىتتىكىدەك ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ھەممە ئۈچۈن، بەختسىز تۇرمۇشى ئۈچۈن، ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇلغۇسىز بۇگۈنكى بىر كۈن ئۈچۈن، مەيۈسلەنگەنلىكى، قورقۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن يىغلايتتى...

دېرىزە سىرتىدا پىكاپنىڭ سىگنالى ياڭرىدى. نىنانىڭ قولىدىكى چەينەك يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ دەسمالنى سىقمىدىغان پېتى تالاغا يۈگۈردى.

تالانى تۇن قوينىغا ئالغانىدى.

ئۇ ئايۋانغا قايتىپ كېلىپ، بۇلۇڭدا بىردەم تۇردى، ئاتىسىنىڭ كونا مىس سائىتى شۇ يەردە چىك-چاك قىلىپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇ ئەينەكلىك رامكىنى سىلاپ قويدى، ئاندىن چاپىنىنى كىيىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. تالانىڭ ھاۋاسى ساپ ئىدى، سېرىنگۈل ئۈستىدىكى شەبنەم ئۇنىڭ بەدىنىگە چاچرىدى. تار كوچىدىكى يول چىرىغىنىڭ تۇۋىدە قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئىككى يوغان ئىتى تۇراتتى، بۇ ئىتلار ئۇخلاش ئالدىدا ھاۋا يېيىش ئۈچۈن چىققانىدى.

## 10

تار كوچىدىن چىقىپلا، نىنانىڭ كۆزى كوچىدا توختىتىلغان بىر پىكاپقا چۈشتى، پىكاپنىڭ ئالدى چىرىغى ئۇيان-بۇيانى يورۇتۇپ، كىرمەكچى بولغان تاركوچىنى ئىزدەۋاتاتتى.

نىنا پىكاپنىڭ يېنىغا كېلىپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئۇ پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

— ماڭغان يولۇڭنى نېمىشقىمۇ ئوبدان بىلىۋالمىغانسەن، — دېدى نىنا، — قايتىپ كېلىشىڭ ئېسىڭدە يوقمىدى.

— ئاستا گەپ قىل! ساراڭ قىز. بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— سېنى ساقلاپ تۇردۇم.

— خەق ئىتلىرىنى قويۇپ بېرىپ بىزنى چىشلەتمەس؟

— بۇ يەردىكى ئىتلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئوبدان تونۇيدۇ.

— نەگە بارىمىز!

— بىلمەيمەن. ئىختىيار سەندە. ۋاقتىڭ كۆپمۇ؟

— ناھايىتى كۆپ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇدۇل ھەيدەۋېرىمەن.

ئۇلار ئۇزاققىچە گەپ-سۆز قىلىشماي سۈكۈت قىلىپ ماڭدى، چۈنكى، ئۇلار بىرپەس شاد-خۇرام پاراڭلىشىش ئىمكانىيىتى بارلىقىغا قارىماي، پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن قىلغىلى گەپ تاپالماي قالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارغانسېرى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— قاچان قايتقۇدك كەلسە، شۇ چاغدا دە، — دېدى پاۋېل، بۇ چاغدا پىكاپ موسكۋاغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

— ماقۇل، چوقۇم دەيمەن... مۇنداق بىر ئويۇم بار، بىز بىر يەرگە بېرىپ تاماق يېسەك قانداق؟ مەن تېخى كەچلىك تاماق يېمىدىم...

ئۇلار ئاشپۇزۇلغا بارىدىغان يولغا چىقتى، يول بويى ئاۋالقىدەكلا گەپ قىلىشماي جىم ماڭدى، كىچىك تاماق ئۈستىلى يېنىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، كۈتكۈچى قائىدە بويىچە رەسمىيەتلەرنى ئۆتىدى، رومكىلارنى ئېرتىپ تازىلىدى ۋە چاك-توزانلارنى قېقىشتۇردى. ئاندىن ئۇلار كەچلىك تاماق بۇيرۇتتى. كۈتكۈچى بىرمۇنچە ئېسىل سەي-تائاملارنى ئېلىپ كەلدى، شامپان ھارىقى، پاتلىنىپ خۇرۇمدەك قاتۇرۇۋېتىلگەن لۆڭگە ۋە ھۆسنىخەت ئويۇلغان پىچاق، ۋىلكىلارنىمۇ ئېلىپ كەلدى.

— كەچلىك تامىقىمىز تازا مول بولىدىغان بولدى، — دېدى نىنا.

— تازا ئوبدان بىر كۆڭۈل ئاچايلى... بۇ بىزنىڭ ئىختىيارىمىز-دىكى ئاخىرقى بىر كۈن.

— پاۋېل!

— نېمە؟

— ھازىر ھەر ئىككىمىز قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمىزغۇ، شۇنداقمۇ؟

— بولدى، سۆزلىمە...

ھازىر سۆزلەشكە ئورۇن قالمىغانىدى. ھەر ئىككىسى قىلمىش-ئەتمىشلىرىنىڭ بىمەنىلىكتە قانداق دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەك ئىدى. بۇلار نېمىدېگەن بىمەنە-ھە، سەن شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭمۇ؟ سەن بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟

نىنا نېمە دەپ كەلدى... ھەر ئىككىلىك چوپچوك ئادەم، لېكىن ھازىرقى ئىشلىرىڭغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

لېكىن سەن بۇلارنى ئويلاشنى خالىمايۋاتىسەن، نىناغا قاراپ تۇرۇشنىلا راۋا كۆرۈۋاتىسەن. نەدىندۇر كېلىپ قالغان بۇ قىزغا قاراپ ئولتۇرىسەن، تۈنۈگۈن ئۇنى تېخى زادىلا تونۇمايتتىڭ، ئەمما بۈگۈن ئۇنى شۇنچە چۈشىنىپ كەتتىڭ... ئەھۋال شۇنداق، پاۋېل. سەن ئۆزەڭگە، بۇ ھېچكىم قىلىپ باقمىغان، ھېچ بولمىغاندا، قىلمايدىغان ھەم بىمەنە، ھەم ئەخمىقانە ئىش دېگەن. ئەمما، بىر سائەتتىن كېيىن بۇلار ئاخىرلىشىدۇ-دە، ئۆزەڭ يالغۇز قالىسەن، يالغۇز قالغاندا، قانداق قىلىسەن؟ ئادەمنى تېنىدىن جۇدا قىلىدىغان سېھرىي كۈچتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يەنە بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكىدەك موسكۋانىڭ كوچىلىرىدا پىكاپىڭنى ئايلاندۇرۇپ يۈرەمسەن؟

بۇنداق ھېسسىيات قانداق پەيدا بولغاندۇ؟ قاچان پەيدا بولغاندۇ؟

بۇ ھېسسىيات بەلكىم نىنا باغچىدا قىزىل يوپۇرماقلارنى قۇچاقلاپ تۇرغاندا پەيدا بولغاندۇ؟ ياكى كاپىتان ۋالگىنىڭ ھويلىسىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا نىنا كۆزىنى چەكچەيتىپ، ئۇنىڭ پېشقەدەم كاپىتان ۋالگ توغرىسىدا ئېيتقان ھېكايىسىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان چاغدا پەيدا بولغاندۇ؟ ۋەياكى ئۆزى نىناغا قارىغان، نىنامۇ ئۆزىگە ئالاقزادە بولۇپ، نېمە ئۈچۈن ئەمدى كەلدىڭ؟ دەپ سوراۋاتقاندەك قىياپەتتە ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن تىكىلگەن بىر دەقىقە ئىچىدە پەيدا بولغاندۇ؟ بەلكىم بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزى ئولېگ بىلەن شىمالدا تۇرغان چاغلىرىدىلا پەيدا بولغاندۇ؟ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن، مەكتەپتە بىر قىزنى سۆيگىنىدە، دۇنيا پىررىدە پىرقىرىغان چاغدا پەيدا بولغاندۇ؟...

www.uyghurkitap.com

ئۇ قولىنى ئىنانىڭ قولىغا تەككۈزۈپ قويدى.

ــ يېمەيسەنغۇ؟ قارىغىنا، قەغەز ئەتىر گۈللەرنىڭ ئۇتتۇرىسىغا تىزىلغان گۆش نان ئېمىدېگەن پەيزى ئېتىلگەن ـ هە.

ــ ئالدىراپ نېمە قىلىمىز... پاۋېل، سەن بۈگۈن ماڭا يېڭىباشتىن بىرەر نەرسە ئۆگىنىمەن دېگەنىدىڭغۇ... شۇنداق قىل. مەنغۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. شۇ تاپتا مەن باشقا ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن. ئۆزەمنى ئويلاۋاتىمەن... مەن بوتانىك بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ هەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، ئۆز قولۇم بىلەن بەزى ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، لېكىن ئارزۇيۇمنىڭ ئەكسىچە، كۆن بويى ئالاقە بىلەن هەپىلىشىۋاتىمەن. مەن رومانىڭ تۇرمۇشقا ئىنتىلىمەن. سەن كۈلمە. بۇ پۈتۈنلەي راست. رومانتىك تۇرمۇشقا، قوش تىرناققا ئېلىنمىغان رومانتىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىمەن. ۋېنىيا مېنىڭ قەلبىمدىكى قەهرىمان، لېكىن مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ هەممىسى بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمىگەن، خاتىرجەم ۋە راھەت ياشاۋاتقان ئوغۇل ـ قىزلار... مەن مۇهەببەتكە ئىنتىزار، بىراق، مەن... ئۇچۇنلا ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋېتىمەن، قىزلار بەرىبىر ياتلىق بولىدۇ ـ دە. مېنىڭ قەددىمىم هەر قېتىمدا ئازراقتىن قىڭغىر تاشلىنىپ كەلدى. تاشلانغاندىمۇ ناهايىتى كىچىك تاشلاندى. ئاخىرچۇ، ماڭغان يۆنىلىشىمنىڭ بۇرۇنلا خاتا بولغانلىقىنى سەزدىم. قەددىمىمنىڭ ئۆزەم كۆزلىگەن نىشانغا تاشلانمىغانلىقىنى سەزدىم. شۇڭا، چىقىم تارتىشقا مەجبۇر بولىۋاتىمەن... قايتىش يولىنىڭ بېلىتىنى ئېلىش ئۈچۈن... هازىر ماڭا هېچنېمە دېمە. دېيىشىڭنىڭمۇ هاجىتى يوق. بىز كەچلىك تاماق يېگىلى ۋە ئوينىغىلى كەلگەن.

ــ ماقۇل، گەپ قىلماي، ــ پاۋېل ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى

ۋە ئىچىدە:

"... سەن مۇھەببەتكە ئىنتىزار بولۇۋاتىسەن، ئەمما، 'قىزلار بەربىر ياتلىق بولىدۇ'، شۇڭا مەنمۇ ياتلىق بولىمەن دەيسەن. ننا، ھەي ننا... ۋېنيا قەلبىمدىكى قەھرىمان دەيسەن. شۇنداق دەپ تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن راھەت-پاراغەت ئۈۋىسىنى ماكان تۇتۇش قارارىغا كېلىسەن؟" دەپ ئويلىدى.

شامپان ھارىقىنىڭ كۆپۈكى يوقالدى. كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولدى.

"... يېرىم سائەتتىن كېيىن، چىراغلار ئۆچۈشكە باشلايدۇ. بىز بۇ يەردىن كېتىمىز. ھەر ئىككىمىز ئۆز ئۆيىمىزگە كېتىمىز. نېمىدېگەن بىمەنىلىك-ھە..." دەپ ئويلىدى ننا ئىچىدە.

"... بۈگۈن سەن تۇرلۇك-تۈمەن ئۆزگىرىپ تۇردۇڭ، بەزىدە خۇشال بولساڭ، بەزىدە كۆلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ، بەزىدە غەمدىن باش كۆتۈرەلمىدىڭ، بەزىدە بىئارام بولدۇڭ. ھازىر بىئارام بولۇۋاتىسەن: كېيىن نېمە بولۇپ كېتەرسەن. ئەندىشە قىلما. ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ قالىدۇ..." دەپ ئويلىدى پاۋېل ئىچىدە.

— پاۋېل... سەن ھازىرغىچە مېنىڭدىن ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز دەپ سوراپ باقاي دېمەيسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ننا.

— ئەمدى سېنى ئۆيۈڭگە، ئاپاڭنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويىمەن. ئەتە سەن مېھمانلىرىڭغا تېلېفون بېرىپ، بېشىم بەك ئاغرىۋاتىدۇ دەيسەن، ئاندىن دورا دۇكىنىغا بارىسەن، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، تېخىمۇ بىتاپ بولۇپ قالغاندەك قىلىمەن دەيسەن-دە... يەنە بىر گەپ تاپىسەن.

— توغرا ئېيتتىڭ، ماڭايلىمۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار سوكۇت ئىچىدە پىكاپ بىلەن بالىچىنىڭ ئايلانما يولىنى ئايلىنىپ ماڭدى، ئۇدۇلدىن كەلگەن ئاپتوموبىللارنىڭ ئالدى چىراغلىرى ۋە ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ ئارقىسىدىكى توختاش بەلگىسى بېرىدىغان كىچىك قىزىل چىراغلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا يالت-يۇلت قىلىپ يېنىۋاتاتتى. ئۇلار بۈگۈن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن بىر قېتىم مۇشۇنداق قىلغانىدى. ئەمدى پىكاپنى توختىتىدىغان ۋاقىت بولدى.

"يانچۇقىمدا ئەتىنىڭ پويىز بېلىتى، يۆتكىلىش ئۇقتۇرۇشى، باھالاش قەغىزى (ئۇنىڭدا ماڭا مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دەپ باھا بېرىلگەن)، مۇھىم ئەربابلارغا تونۇشتۇرۇپ يېزىلغان خەتلەر، تانيادىن كەلگەن خەت (ھەربىر جۈملىسىدە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرسەن دەپ بىشارەت بېرىلگەن خەت) تۇرۇپتۇ — بۇلار يانچۇقىمدىكى كاتتا بايلىق، بۇ بايلىقنى مەن باشقىچە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۆزەم توپلىغان، بىر-بىرلەپ توپلىغان؛ مۇبادا تۈنۈگۈن بىرى ماڭا، نىنانى بىرنى سۆيۈۋالساڭلا بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن شەكسىز كېچىسەن دېگەن بولسا، قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن بولاتتىم. ئەمدى باشقىلار قاتتىق چۆچۈپ كەتسۇن" دەپ ئويلىدى پاۋېل ئىچىدە .

— سەن ئۇنىڭ يېنىغا بارسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى نىنا، — ھېلىقى... ئۆزگەن گۈلۈكنى بېرىدىغان قىزنىڭ يېنىغا بارارسەن؟...

پاۋېل پىكاپنى پىيادىلەر يولىنىڭ يېنىدا توختاتتى-دە، پىكاپ ئىچىدىكى چىراغنى ياندۇردى.

— سەندە ئىككى كوپېيك بارمۇ؟ يوق؟ توختاپ تۇر. — پاۋېل

يانچۇقنى بىرپەس ئاختۇرۇپ ئىككى كوپېك تاپتى-دە، نىناغا بەردى، — ئاۋۇ يەردە بىر ئاپتوماتىك تېلېفونخانا بار. تېلېفون بەرگىن. ئاپاك تېخى ئۇخلىمىغاندۇ.

— ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟

— بىلمەيمەن.

پاۋېل پىكاپتا ساقلاپ ئولتۇردى. بۈگۈنكى بىر كۈن بىر يىلدىنمۇ ئۇزۇن تۇيۇلغانىدى، ئەمما بىر مىنۇتتەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. شۇ تاپتا پىكاپتا تېلېفونخانىغا قاراپ ئولتۇرغان پاۋېل ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈشىنى تىلەۋاتاتتى. نىنا ئۇزاققىچە قايتىپ كەلمىدى. شۇڭا، پاۋېل تېلېفونخانىنىڭ يېنىغا باردى-دە، ئىشىكنى ئاچتى. نىنا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تۇتقان پېتى كۈلۈپ تۇراتتى، تۇرۇپكىدىن دۈدۈت-دۈدۈت قىلىپ ئاۋاز چىقىۋاتاتتى.

— تېلېفون بەردىڭمۇ؟

— ياق... تېلېفون بەرمىسەممۇ ئاپام چۈشىنىدۇ.

پاۋېل ئۇنىڭ قولىدىن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ ئېسىپ قويدى.

— ئەگەر سەن ھازىر مېنى سۆيسەڭ، — دېدى نىنا، — مېنى ئەكەتمىسەڭ بولمايدۇ. ھەممىنى دەڭسەپ كۆردۈڭمۇ؟...

## 11

مەن سېنى ئېلىپ ماڭدىمغۇ، تېخىچە چۈشەنمىدىڭمۇ؟ مېنىڭ ئۈيلىنىپ باقاي دەپ باش قاتۇرۇشۇم ھاجەتسىز. بۇنىڭدىن يامان ئاقىۋەت چىقىشىمۇ تايىنلىق. چۈنكى، ھازىرغىچە يۈز بەرگەن ئىش-

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ ھەممىسى چۈشەنگىلى بولمايدىغان، چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايدىغان ئىشلار، بۇنداق ئىشلارنى ھەتتا ئويلاشنىمۇ خالىمايمەن.

قارا، تېخى بايىلا يامغۇر ياغقانىدى، ئاسفالت يول پىكاپ چىرىغىنىڭ نۇرىدا يالتىراپ تۇرۇپتۇ. مەن پىكاپنى ئاستا ھەيدەي. بولمىسا پىكاپ تېيىلىپ كېتىپ ئۆرەككە چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. پىكاپ ئاستا ماڭسا، جىمجىتلىق ئىچىدە تەنھا خىيال سۈرۈشۈمگە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ — پىكاپتا سۆزلىشىپ ماڭمىساقمۇ بولىدۇ، لېكىن مېنىڭ ئۆزەمگە قىلىدىغان بىرمۇنچە گېپىم بار، ئۆزەمدىن سورايدىغان — ئۇزاقتىن بېرى ئۆزەمنى قاچۇرۇپ كەلگەن سوئاللىرىم بار.

مەن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىم كېرەك. دوستلۇقنى مۇھەببەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولىدۇ دېگەندەك گەپلەرگە شۇنچە يەڭگىللىك بىلەن ئىشىنىپ كەتسەم بولامدۇ؟

ئوتتۇز نەچچە يىللىق تۇرمۇش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىمگە قارىماي، قاراپ تۇرۇپ تۇرمۇشۇمنى ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ تېلېفون بېرىش بىلەن ئۆتكۈزسەم بولامدۇ؟ روگوزىنىنىڭ ئورگانىزمىنىڭ ئوكسىدلىنىش جەريانى ئاجىزلىشىدۇ دېگەنگە ئوخشاش قالايمىقان گەپلىرىگە چىن پۈتسەم بولامدۇ؟

شۇ تاپتا بۇلۇتلارنىڭ ئايۋون ئارىلىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدە قۇياش نۇرىدا ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى، ئولېگنىڭ تۇندىرانىڭ مەلۇم يېرىدە تۇنجى تاماكىنى ئەمدىلا چېكىپ بولۇپ، تاش ئۈستىدە كىيىم ياماپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، لېنىنگرادتا كۈنلەر ۋە تۈنلەرنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەلەيمەنمۇ؟ مەن بۇ يەردە مېھماندارچىلىققا كېلىپ تۇرۇپ قالغانلا ئادەممەن، مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇ، چۈنكى مېنىڭ ئۆيۈم ناھايىتى يىراقتا،

ۋەھالەنكى، كىشلەر ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇڭا مەن كوچىلاردا، مەيدانلاردا ئايلىنىپ يۈرەلمەيمەن، ئېلېكترو پويىزغا ۋە كىرا پىكاپىغا چىقىشنى راۋا كۆرمەيمەن.

بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمىساممۇ بولار.

ئەمدى پىكاپنى توپىلىق يېزا يولىغا سالاي. يەنە ئازراق ماڭساق، كىچىك دەريا بويىغا بارىمىز-دە، پىكاپنى توختىتىمىز. دەريانىڭ ئىككى قېشىدا بۈك-باراقسان مويىل ۋە بۈزۈن دەرەخلىرى بار. مېنىڭ باللىق دەۋرىم شۇ يەردە ئۆتكەن.

بىر بۇ يەردە گۈلخان يېقىپ تاڭ ئاتقىچە ئولتۇرىمىز.

## 12

يېرىم كېچە سائەت ئىككى بولغاندا، نىنا:

— قارا، پاۋېل، ماۋۇ پېشكەللىكنى، قورسىقىم ئېچىۋاتىدۇ. ھازىر بايىقى يەپ بولالمىغان گۆش نانىنى يېگىم كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ تەمى تېخىچە ئاغزىمدىن كەتمەيۋاتىدۇ، — دېدى.

ئۇلار پىكاپ يېنىدىكى چىملىقتا گۈلخانىغا شاخ-شۇمبىلارنى تاشلاپ ئولتۇردى. لېكىن، شاخ-شۇمبىلار ھۆل بولغاچقا، يانمايۋاتاتتى.

— بىرنەرسە يېمىسەكمۇ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى پاۋېل.

— بۇ يەردە يېگۈدەك نېمە بولسۇن... ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلخانمۇ يالقۇنجاپ كۆيمەيۋاتسا.

— مەن گۈلخاننى ئىس چىقىرىپ پاشا قورۇش ئۈچۈن يالقۇنجاتمىغانىدىم.

— ھازىر سەككىزىنچى ئاينىڭ ئاخىرى تۇرسا، پاشا نېمە ئىش قىلسۇن!

— سەن ھەممىنى بىلىدىكەنسەن جۇمۇ، بۇ ياققا كەل، يەيدىغان نەرسە راسلايلى. مەن ساڭا ئۆگىتىپ قوياي. مەندە تۇز بار، تۇزلانغان چوشقا مېيىمۇ بار، پىيازمۇ بار. بۇلار ئۆتكەندە سەھرا سەيلىسىگە چىققاندا ئىشىپ قالغان نەرسىلەر. ياڭيۇ ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ.

ئۇلار ياڭيۇلۇقنى خېلىغىچە ئارىلىدى، ياڭيۇنىڭ ياپيېشىل غولىلىرى قاراڭغۇدا خۇددى ياغاچ قوزۇقتا تارتىلغان سىم توساقتەك كۆرۈنەتتى. نىنا قىرغا چىقىپ، قولى بىلەن تۇپىنى سىلىدى.

— نېمىدېگەن ئىللىق تۇپا — ھە. تۇپلىيىمىنى سىلىغۇيتەي... ھەي، سىڭىلچە، ئۇلار بىزگە ئوق چىقىرارمۇ؟ بۇ كولخوزنىڭ ياڭيۇلۇقىدۇ؟

— ئوق چىقىرىشى مۇمكىن، تۇز ئوق ئاتىدىغان بولسا، كەلگىنىمىزگە تويىمىز — دە.

— بۇرۇن ئاتقانمىدى...

— ئاتمامدىغان...

ئۇلار پىكاپ يېنىغا كېلىپ، يانچۇقىدىن يۇمىلاق تاشقا ئوخشاش سېپىسلىق ۋە ئاپئاق ياڭيۇلارنى ئالدى. پاۋېل قۇرۇق شاخ — شۇمبىلارنى تېرىپ، گۈلخان يېقىشقا تۇتۇش قىلدى.

— توختا، مەن ياقاي، — دەپ تەلەپ قىلدى نىنا.

— سەن يېقىشنى بىلمەيسەن.

— كېرەك يوق. قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن تۇتاشتۇرارمەن...، ئاڭلا، بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى؟ بېلىقلار سۇدا پولتۇڭلاۋاتامدۇ نېمە؟
— بېلىقلار پولتۇڭلاۋاتقان ئوخشايدۇ... بۇ يەردە بېلىق بەك جىق... لېكىن قېرىلار بۇ يەردە بېلىق يوق دېيىشىدۇ.
نىنا پىكاپتىن يوپۇقنى① ئېلىپ، يەرگە سالدى، ئاندىن نەدىنىدۇر بىر ۋاراق گېزىت تېپىپ كەلدى-دە، كەچلىك تاماقنى تۇتۇش قىلدى. ئۇ پىيازنى خۇددى نىمون توغرىغاندەك يالپاقلاپ ئۇششاق توغرىدى. تۇزلانغان چوشقا مېيىنى قولىغا ئېلىپ، بىرھازاغىچە تېرىسىنى ئېلىۋەتسەم ياخشى بولارمۇ، ئېلىۋەتمىسەم ياخشى بولارمۇ، دەپ تەمتىرەپ تۇردى. ئۇ شۇنداق دىققەت تۇرۇپ كەتتىكى، بۇ ھالنى كۆرگەن پاۋېل كۈلۈۋەتتى.
— نېمە بولدۇڭ؟
— ھېچنېمە...
نىنا بىرپەس سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا:
— ۋېنيا "ئاننوشكا"نى ھەيدىگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھەئە، "ئاننوشكا"نى ھەيدىگەن. ۋېنيانىڭ ئايروپىلانى خالىغان يەرگە قوندۇرغىلى بولىدىغان، ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ كەتسىمۇ ھېچنېمە بولمايدىغان ئوبدان ئايروپىلان ئىدى. بىركۈنى ۋېنيا ئۇنى ھەتتا پىلدىرلىغۇچسىزلا ھەيدەپ كەلگەنىدى.
— بۇنىزە قارىسىغا توقۇدۇڭ.
— ھەئە، قارىسىغا توقۇدۇم!... كېيىن ۋېنيا كىرا ئايروپىلانىدا

---

① سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەھەرلىرىدە ماشىنىلارنىڭ تولىسى تالادا توختىتىلىدۇ، ئۈستىگە يوپۇق يېپىپ قويۇلىدۇ.

ئىشلەيدىغان بىر خېنىمنى ئوغرىلاپ كەلگەندى.

— بۇ قانداق گەپ... ئوغرىلاپ كەلگەندى؟

— بۇ مۇنداق گەپ. سەن ئاكاڭنى چۈشەنمەمسەن؟ شۇ ئىش توغرۇلۇق ئۇچقۇچىلار ئاكاڭنىڭ تازا ئەدىبىنى بەرگەندى، بەرگەندىمۇ تازا ئورۇنلۇق بەرگەندى. ئۇ شۇ قېتىمدا خابارووسكىدىن قايتىپ كەلگەندى. ئۇ ئايروپىلاندا بىر خىزمەتچى خېنىم بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ-دە، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قاپتۇ، كۆيگەندىمۇ ئەس-ھوشىنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە كۆيۈپ قاپتۇ. ئۇ خېنىمچۇ، ئۇمۇ ئاكاڭغا شۇنداق كۆيۈپ قاپتۇ. ۋېنيا ئەزەلدىن كەسكىن ئىش قىلاتتى: ئۇ ھېلىقى خېنىمغا ئايروپىلاندا ئىشلەيدىغان مۇددىتىڭ توشقاندا، ئۆيۈمگە يوشۇرۇپ قويىمەن، گېپىمىز شۇ بولسۇن دەپتۇ.

قېرىشقاندەك شۇ چاغدا ھاۋا تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ھېلىقى خېنىم ئايروپىلان باشلىقىدىن ئىككى سائەت رۇخسەت سوراپتۇ. لېكىن ئۇ ۋېنيانىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەردە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان خىلمۇخىل ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن... قىسقىسى، ئايرودروم قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قېلىپتۇ: ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قاپتۇ، لېكىن ئايروپىلان قانداق ئۇچالىسۇن، بىر ئۇچقۇچى خىزمەتچى خېنىمنى بۇلاپ كەتكەن تۇرسا.

ئولېگ بىلەن ئىككىمىز بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە دەرھاللا يەتتۇق-دە، ۋېنيانىڭ ياتىقىغا باستۇرۇپ كىردۇق — ئالدىمىزدا بىر رومانتىك ئاسايىشلىق مەنزىرە زاھىر بولدى: ئۇ ئىككىسى دۇئا قىلىۋاتقاندەك قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ، كۆزلىرىدىن چەكسىز بەخت نۇرى چاقناۋېتىپتۇ...



www.uyghurkitap.com

— نادياچۇ؟

— بۇ ئىش ۋېنيا نادىيا بىلەن تونۇشۇشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن. بىز ئىككىسىنى ۋارقىراپ-جارقىراپ تازا تىللىدۇق. ئاندىن تۆتىمىز بىرلىكتە قانداق قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ مەسلىھەتلەشتۇق، چۈنكى، ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بېرىلگەن، ئايروپىلاننىڭ ئۇچىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى، ئەمما ھېلىقى خېنىم ۋېنياسىز ياشىيالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن تۇرسا، ئايروپىلانغا قانداق چىقالىسۇن! ۋېنيا ئۇچۇن ئۇنىڭسىز ياشاش تېخىمۇ تەس ئىدى...

كېيىن بۇ قىز كەتتى. ئۇ ۋېنياغا خەت يېزىپ، ئىككىمىز ئۇچراشقان مىنۇتلارنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقارمايمەن دەپتۇ. لېكىن ئۇلار تەلەيلىك ئىدى: ھېلىمۇ ياخشى، ھاۋا رايىدىن دەل ۋاقتىدا مەلۇمات بېرىلگەنىدى.

— قاراڭ، ھاۋا رايىدىن ۋاقتىدا مەلۇمات بېرىش نېمىدېگەن مۇھىم-ھە. — دەپ كۆلۈپ قويدى پاۋېل قىزىقچىلىق قىلىپ، — ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بەرگۈچى خادىم: ئۇلارنىڭ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويۇشىغا ھاۋا رايى شارائىتى يار بەرمىدى دېيىشى مۇمكىن.

— بۇ قىز زادى نېمىدىن قورققاندۇ؟ — دەپ سورىدى نىنا، — ئۇ ئىككىسى بىرەر ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويارمىدى؟

پاۋېل كۆلۈپ كەتتى:

— ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويماي قالامدۇ، ئىشقىلىپ...

— ھە، مۇنداق دەڭ! سىز بىلەمسىز، مېنىڭچە، ئۆزىدىن قورقۇش ئۆزىنى كەمسىتكەنلىكنىڭ ئالامىتى. لېكىن، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھېلىقى خېنىمنىڭ قورقىنى بۇ ئەمەس. ئۇ گېزىت-ژۇرنال كۆرۈپ تۇرىدىغاندۇ. ئۇ گېزىت-ژۇرناللاردىن بىچارە كاتيا

ياكى نيۇرالار ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، بىر لوكچەك ئەر ئۇنى ئالداپ كېتىپتۇ دېگەنگە ئوخشاش خەۋەرلەرنى كۆرۈپ تۇرىدىغاندۇ. ئۇنى ئالداپتۇ دېگەن گەپ بەك سەت ئاڭلىنىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن چېچەنرەك بول، تۇرمۇشتا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى قايسى باش قەھرىمانىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئەر خەققە بەك يېقىنلاشما... ئەر كىشىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلگەن ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن روھىي جەھەتتىكى ئورتاقلىقىڭنى تۇيغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەن ۋاقتىڭدا ھەممە ئىش كۆڭلۈڭدىكىدەك بولۇپ چىقىدۇ، شۇنداق چاغدا ئەر خەقنى سۆيسەڭمۇ زىيىنى يوق دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

— ياھ، ماۋۇ گەپلەرنى! — دېدى پاۋېل، — كارامەت قاملاشتۇرۇپ دەۋەتتىڭغۇ.

— ئۇنداق دېمە، كارامەت قاملاشقان كەتتى دېگۈچىلىكى يوق. سىلەرنىڭ ئايروپىلاندا ئىشلەيدىغان ھېلىقى خېنىملار بۇ داۋلىنى ئوبدان چۈشەنگەن، شۇڭا قورققان. ئۇ، ۋېنياغا ئۇشتۇمتۇت كۆيۈپ قالدىم، خۇدا ساقلىغاي، ئۇنداق قىلماي، يا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلمىسەم، بۇ تۇرمۇشتا ئاقمايدىغان ئىش، مەن كەم دېگەندە ئۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك دەپ ئەندىشە قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىدىن قورققان. مەيلى، ئۇ كەتسە كېتىۋەرسۇن. بۇنىڭ ئەپسۇسلانغۇدەك يېرى يوق... ئەمدى سەن ۋېنيانىڭ پوزىتسىيىسىنى دەپ بەرگىن.

— ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ئەقلىنى يوقاتقان چېغىدا، قېنىڭنىڭ قىزىپ كېتىشىدىن ساقلان دېگەندەك قىلىدۇ.

ــ ئۇنداق دېمىگەندۇ! بۇ ئۇنىڭ گېپىگە ئوخشىمايدۇغۇ!
ــ ھە، سېنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرا، ئۇ ئەندىشە قىلىش، قورقۇش ھاجەتسىز دېگەنىدى.
بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.
پاۋېل گۈلخانىنىڭ كۈلىنى ئېچىپ ياغىيۇ كۆمىدى. گۈلخانىدىن ئېتىلىپ چىققان كىچىك يالقۇن ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۇرۇۋالغان پاۋېلنىڭ قاپقارا كۆلەڭگىسىنى يورۇتۇۋەتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىكى بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن، بېشىدىكى چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەنىدى.
ــ ئەمدى ئىككىمىز نېمە قىلىشاق بولار؟ ــ دېدى نىنا ئويلىنىپ، ــ ھازىر بىزگە ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بېرىدىغان ئادەم يوق... سېنىڭ كۆمگەن ياغىيۇرۇڭ قاچان پىشار؟ سەن قاچان، ئەمدى ئۆيگە قايتايلى دەرسەن، بىز ئىككىمىزنىڭ تېخى قىلىدىغان بىرمۇنچە ئىشىمىز بار.
ــ ئىككىمىزنىڭ تېخى بىرمۇنچە ئىشىمىز بار، ــ دېدى پاۋېل ياغىيۇنى ئاۋايلاپ كۈلگە كۆمۈۋېتىپ، ــ ئالدى بىلەن پىكاپنى يۇيىمىز، ئۇنىڭ ئۈستى توپا بولۇپ كېتىپتۇ.
ــ شۇنداق قىلايلى، ــ دېدى نىنا، ــ بۇ پىكاپ ئىگىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش، يەنە نېمە ئىش بار؟
ــ يەنە نېمە ئىش بار؟... مېنىڭ بۇ يەرگە بىكاردىن بىكارغا كەلمىگەنلىكىمنى سەن بىلىسەن. يۈر، سېنى بىر يەرگە ئاپىراي. مەنمۇ شۇ يەرنى كۆرۈپ كېلەي دەۋاتاتتىم. ئۇ يەردە بەزى نەرسىلەر قېپقالغان بولسا ئەجەب ئەمەس...يۈر!
پاۋېل نىنانىڭ قولىدىن تارتتى.

www.uyghurkitap.com

ــ توۋا خۇدايىم، ساراڭلىقلىك تۇتتىمۇ نېمە؟ قاراڭغۇدا نەگە بارىمىز؟

ــ ئەمەلىيەتتە قاراڭغۇ ئەمەس، سەن گۈلخان يېنىدا ئولتۇرغاچقا، ئەتراپ قاراڭغۇ كۆرۈنگەن گەپ. يۇر... ئۇرۇش مەزگىلىدە، مەن ئاپام بىلەن مۇشۇ ئەتراپتا تۇرغان، بۇ يەرنى مەن بەش قولدەك بىلىمەن. ئورمان يېنىدىكى چىراغ نۇرىنى كۆردۈڭمۇ؟ هازىر ئۇ يەر ساناتورىيە. ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرخانا ئىدى، ئاپام شۇ دوختۇرخانىدا سېسترالىق قىلاتتى. دۈشمەن ئايروپىلانلىرى هەر كۈنى كېچىسى كېلىپ بومباردىمان قىلاتتى، بىزمۇ هەر كۈنى كېچىسى هاۋا مۇداپىئە لەخمىسىگە كىرىۋالاتتۇق...

ئۇ ئىككىسى باشتا قېيىن دەرەخلىرى شالاڭ ئۆسكەن ئورمانلىقتا بىرپەس ماڭدى، ئاندىن دەرەخلىرى كېسىۋېتىلگەن كونا ئورمانلىققا كەلدى. سۈپسۈزۈك ئاي نۇرى پور كۆتەكلەرنى يورۇتۇۋەتكەنىدى، بىرنەچچىلا كۆلچەكتە ئەكس ئېتىۋاتقان ئاي شولىسى پارچە-پارچە بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى...

ياندا ساناتورىيىنىڭ يېڭى سېلىنغان بىناسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بىنادىكى چىراغ نۇرلىرى چاقناۋاتاتتى. لېكىن يېقىنقى يىللار مابەينىدە بۇ يەردە هېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغاندەك قىلاتتى. كونا ئورمانلىقنىڭ يېنىدا ئۈستىگە چىرىپ كەتكەن مايماق ياغاچلار قالايمىقان بېسىلغان، ئوت ئۆسۈپ كەتكەن كېسەك ۋە لايلار يېپىلغان قاپقاراڭغۇ هاۋا مۇداپىئە لەخمىسى بار ئىدى...

ئۇلار ئۈن-تىنسىز گۈلخان يېنىغا قايتىپ كەلدى.

ــ پاۋېل، ــ دەپ قىچقاردى نىنا.

ــ نېمە؟

— مىجەزىڭىنىڭ ئەسكىلىكىنى تۇساتتىن سېزىپ قالارمەنمۇ؟
— مېنىڭ مىجەزىم يامان ئەمەس.
— كېچىدە خورەك تارتامسەن؟
— تارتمايدىغاندەك قىلىمەن...
— مەن سېنىڭ ئەيىبىڭنى تاپىمەن. ۋېنىيانى ئالساق، ئۇنىڭ تۇندە تالاغا چىقىپ كېتىدىغان كېسىلى بار ئىدى.
— ئۇنىڭ ھەرگىز ئۇنداق كېسىلى يوق.
— ياق، ئۇنىڭ شۇ ئەيىبى بار. دەرۋەقە، كىچىك ۋاقتىدا، ئۇ ئومۇمەن تۇندە تالاغا چىقىپ كەتمەيتتى. لېكىن ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ تۇندە چىقىپ كەتكەندى. ئۇ ئىرادەمنى چېنىقتۇرىمەن دەپ قۇرۇق خىيالغا بېرىلىپ بىر چارە تاپقاندى: كېچىسى ئۆگزىگە يامىشىپ چىقىپ، لەمپىنى بويلاپ ماڭاتتى. كېيىن ئاتام ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئەدەبلىگەندى. ۋېنياچۇ، ئۇ: مەن ھېچنېمىنى سەزمەيۋاتىمەن، تۇندە تالاغا چىقىپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، مېڭەمنىڭ نېرۋا سىستېمىسىدىن چاتاق چىقتىمىكىن تاڭ دەپ جاۋاب بەرگەندى. ئاتام چېچىلىپ: سەندەك كاللىسى چاتاق ئادەمنى ھاۋا ئارمىيىسى ئالمايدۇ، قارامىلىقىنىڭ قىممىتى بولۇشى كېرەك، نېرۋاڭنى غىدىقلاش ئۈچۈنلا قارامىلىق قىلساڭ بولمايدۇ، دېگەندى. ۋېنيا ئاتامنىڭ نەسىھىتىنى ئوبدان ئاڭلىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمايمەن دەپ ۋەدە بەردى.
— قانداق، ۋېنيا يارامىلىق يىگىتمىكەن.
— گېپىمنىڭ داۋامىنى ئاڭلا. ئۇ چاغدا، بىز ئاتام ھەربىي خىزمەت ئۆتەيدىغان بىر كىچىك ناھىيىدە تۇراتتۇق. بىركۈنى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ئۆتكۈزۈلدى، ئاتام ماڭا ئۆزۈن بىر

تىزىق شار ئېلىپ بەردى، مەن قالتىس خۇشال بولۇپ كەتتىم — ھازىرمۇ بايرام بولغاندا شار سېتىۋېلىشقا ئامراقمەن. ئاتام ئېلىپ بەرگەن شارلار ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. ئاتام بۇ شارلارغا يالتە-يۇلت قىلىپ تۇرىدىغان لېنتىلەرنى باغلاپ قويۇپتىكەن، بۇ لېنتىلەر چاقنىسا، شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتەتتى. لېنتىلەرنىڭ بىرىگە پوكرىشكىننىڭ① سۈرىتى ئېسىلغانىدى. قىسقىسى، ئاتامدىن باشقا ھېچكىم مۇنداق قىلمىغانىدى. مېنىڭ قىز دوستلىرىم بۇنى كۆرۈپ ھەم ھەيران قالدى، ھەم زوقلاندى. ئويلاپ باق، شۇ چاغلاردا ئاتام بىلەن بىللە مېڭىش مەن ئۈچۈن نەقەدەر بەختلىك ۋە ئىپتىخارلىق ئىش ئىدى-ھە: ئاتام ھەربىي كىيىم كىيىپ يۈرەتتى، مەيدىسىگە بەش يۇلتۇزلۇق قەھرىمان ئوردېنى ۋەباشقا ئوردېنلارنى ئېسىۋالاتتى. ھەممە ئادەم ئۇنى تونۇيتتى، ئۇنىڭغا سالام بېرەتتى...

مەن چەكسىز بەختكە چۆمگەن ۋاقتىمدا، باشقا نەرسىگە قاراپ خىيالغا كېتىپ، يۈتىلىشىپ كەتكەنىدىم، شۇنىڭ بىلەن شارلار قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ، ئۇچۇپ كەتكەنىدى...

شۇ چاغدا... شارلار زاۋۇتنىڭ تۇرخۇنىغا ئېسىلىپ قالغانىدى. ۋېنىيا بىردەمدىلا تۇرخۇننىڭ تۆمۈر شوتىسى بىلەن تۇرخۇن ئۈستىگە چىقتى. شۇ چاغدىكى ئەھۋال ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جىم بولۇپ قالغانىدى، ھەتتا ئوركېستىرمۇ مۇزىكا چېلىشنى توختاتقانىدى.

ۋېنىيا شارنى ماڭا ئەكىلىپ بەرگەن چاغدا، ھېچكىمنىڭ ئۇنى

---

① سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مارشالى (1913 — 1972)، ئۈچ قېتىم دۆلەتلىك ئوردېن ئالغان.

قەھرىمان ئىكەن دېمىگەنلىكى، ئەكسىچە، بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ بۇ قاملاشمىغان ئىش قىلىدىغان چاتاق بالا ئىكەن دېگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

كېيىن ئۆيگە كېلىۋېتىپ، ئەمدى ۋېنيا ئاتامدىن تىل ئىشتىدىغان بولدى دەپ قورققانىدىم، بىراق ئاتام ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى.

ۋېنىيا بىرھازاغىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جىم تۇردى، ئاخىر چىداپ تۇرالماي: بايانقى ئىشىم توغرا ئەمەسمۇ دەپ سورىدى. ئاتام بىر ئويلىنىۋېلىپ، ۋېنيا بىر تەرەپتىن قارىغاندا، توغرا قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، توغرا قىلمىدى دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن شۇ تاپتا ئاتام قايسى قاراشنىڭ تېخىمۇ توغرا ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئايرىۋالالمىغانىدى...

— بۇ گەپ ۋېنياغا قاتتىق تەسىر قىلىپتۇ، — دېدى پاۋېل.

— سەن قانداق بىلىۋالدىڭ؟

— كېيىنكى چاغلاردا، بەزىلەر ۋېنيانىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئۇچۇشى مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ دېگەندە، ئۇ: بىر تەرەپتىن قارىغاندا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ گەپنى تازا توغرا دېگىلى بولمايدۇ دېگەنىدى. قانداق قارىغاندا توغرىراق بولىدىغانلىقى ھازىرمۇ ئېنىق ئەمەس.

— ۋېنيا بۇ گەپنى ”ئىسسىق كۆل“ ئىزدەپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا دەپ بەرگەن بولغىيتتى؟ ”ئىسسىق كۆل“ ئىزدەپ يۈرگەن ۋاقىتلاردىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگىنە.

— ماقۇل، سۆزلەپ بېرەي، ئاڭلاپ تۇر...

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 13

شۇ ىرغان ھامان ئۇشتۇمتۇت چىقاتتى.

دەسلەپكى بىرنەچچە كۈندە، ھەممەيلەن دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن بارا-بارا بىئارام بولدى. چۈنكى، خىزمەت قانات يايدۇرۇلمىغانىدى. ئۇلار ھاۋا رايى پونكىتىغا تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتە قىلغاندا، ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بەرگۈچىلەرگە ھەم سوئال قويغان، ھەم كايىغانىدى. ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن، ئۇلار دېڭىز بويىدا ئۈچ ھەپتە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى، ئۇلار دېڭىز بويىدىكى تېپتىنچ بىر كىچىك بازارغا چۈشكەنىدى...

بازارنىڭ نېرىسىدىراق، ئېھتىمال، تاغنىڭ ئۇ قېتىدا بىر "ئىسسىق كۆل" بار ئىدى، ئۇ يەرگە بىردەمدىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ كۆلنى خەرىتىدىن تاپقىلى بولمايتتى. قىش كۈنلىرى كۆلنىڭ ئۈستىنى تۇمان قاپلاپ كېتەتتى، ياز كۈنلىرى كۆل بويى پاتقاق بولۇپ كېتەتتى-دە، نەچچە ئون چاقىرىم، ھەتتا نەچچە يۈز چاقىرىم يەر لۆمشۈپ، "ئىسسىق كۆل"گە بارىدىغان يول ئۈزۈپ تاشلىناتتى.

كۆلنىڭ قېشى قۇم-شېغىللىق ئىدى. كۆلدە دۇمبىسى قاسىراق-لىق، رەڭگى قاپقارا سۇ ھايۋاناتلىرى بار ئىدى. ئۇلارمۇ بەزىدە قاشقا ئۆمىلەپ چىقىپ، ھۆل قۇملۇقنى ئازگال قىلىۋېتەتتى.

بۇ ئەلھەق راست ئىدى. بۇ دېڭىز مەخلۇقىنىڭ بويىنىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلۇقىنىمۇ ھەممەيلەن بىلەتتى. بۇ مەخلۇق كىچىككىنە ياپىلاق بېشىنى چىقىرىپ سۇ ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەندە، بەئەينى سۇ يىلىنىغا ئوخشايتتى.

دېگىنز بويىدا بۇ ئىشنىڭ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگىنىگە خېلى يىللار بولغانىدى...

شىۋىرغان توختىمىدى. ھاۋا رايى پونكىتى سۈكۈت قىلىپ تۇردى.

ئۇلار يىگىرمە كېچە ـ كۈندۈز بەرداشلىق بەردى. ئۇلار كۆڭلىدە "ئىسسىق كۆل" توغرىسىدا رەسمىي كۈچ تەشكىللەپ چارلاش ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلمىغىچە سۆز ئاچماسلىق قارارىغا كېلىشكەنىدى. ئوبيېكتىپ شارائىت يار بەرمەيتتى، لېكىن كۆل ئۇلارنى قاتتىق جەلپ قىلىۋالغانىدى. بازاردىكى بىرنەچچە بوۋايمۇ، بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىسسىق كۆلدە ئوينايدىغان دېڭىز ھايۋاناتى بار دەپ بەرگەنلىكى ئېسىمىزدە، دېگەنىدى...

كېچىدە شىۋىرغان توختىدى. ئەتىگەندە پاۋېلنى قار تازىلاش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ ئالدىراش كىيىنىپ تالاغا چىقتى. ئولېگ بىلەن ۋېنيا ساندۇقتا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ۋېنيانىڭ ھەم سىرلىق، ھەم سۈرلۈك چىرايى ئادەمنى تەئەججۈپلەندۈرەتتى. پاۋېل ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ۋېنيا:"ئاغىنىلەر، بۇنداق پۇرسەتنىڭ چىقمىقى تەس. كۆلنىڭ قېشىنى بويلاپ ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا، بۇ ياقتىن ـ ئۇ ياققا بىرنەچچە رەت ئۇچامدۇق. بىزگە... ئىختىيوساۋۇر ياكى باشقا سۇ ھايۋاناتى ئۇچراپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. سىلەرچە ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالى بارمىدۇ..." دېدى، ئۇلار:"ھەئە، ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالى بار" دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھاللا يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا چۈشتى.

ۋېنيانىڭ ئايروپىلانى شۇنداق كۆركەم ۋە چىرايلىق ئىدىكى، ئۇنى

كۆرگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭ يۇپيۇمىلاق بېشىنى ئىختىيارسىز سىلىغۇسى كېلەتتى. ئايروپىلاننىڭ دىرىلدەۋاتقان قاناتلىرى گويا جىلۋىلىك شوخ كۆزلەرگە ئوخشايدىغان يان كۆزنەكلەردىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھاۋادا ۋېنىيا بىلەن ئۇنىڭ ئايروپىلانى تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان دوستلاردىن ئىدى. ئۇلار كۆكتە پىرقىراپ پەرۋاز قىلاتتى، ئۇنى كۆرگەن يېڭى ئۇچقۇچىلار ھەيرەتتە تىنىقىنى چىقىرىشقىمۇ پېتىنالمايتتى. لېكىن يەردە ۋېنىيا ئۇنىڭغا بىرئاز داخۇئگەيلىك قىلىپ قوياتتى:

”سەن سافا جېنىڭدىمۇ ئاسمانغا چىققىمەن دەيسەنا، — دەيتتى ۋېنىيا ئايروپىلان ئىچىدىن سىرتقا تاماكا قالدۇقىنى تاشلاۋېتىپ، — رومانتىك رومانلارنى كۆپ ئوقۇپ كەتتىڭمۇ نېمە، قېرىشقاندەك ئاسمانغا چىقىمەن دەپ تۇرۇۋالغىچە شۈكۈر-قانائەت قىلىپ مۇشۇ يەردە جىم تۇرساڭ بولمامدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ھالھە...“

يېرىم سائەتكىچە ھەممە ئىش نورمال داۋام قىلدى. پاۋېلمۇ قولى بوشاپ بىرئاز ئۇخلىۋالدى، كېيىن ئايروپىلان تېز بۇرالغاندا، ئۇ ئويغىنىپ كەتتى-دە، ئورنىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

— نېمە قىلغىنىڭلار بۇ، سېرك ئويناۋاتامسىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى پاۋېل، — شۇنچە كەڭ ئاسمان تارلىق قىلىۋاتامدۇ!

ۋېنىيا بېشىنى ئېگىپ تۆۋەنگە سەپسالدى. ئايروپىلان پەس ئۇچۇۋاتاتتى. پاۋېل چوكوتسكىلىقلارنىڭ قار ئۈستىگە كېيىك تېرىسىدىن تىكىلگەن چېدىرلىرىنى ۋە ئەتراپتا ئالاقزادە بولۇپ تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ يۈرگەن ئادەملەرنى كۆرگەنىدى.

— نېمە ئىش بولغاندۇ؟ — دېدى ئولېگ، — ئۇلار ناھايىتى تېز

يۇگۇرۇۋاتىدۇغۇ، بىزگە قوللىرىنى پۇلاڭشىتىۋاتقاندەكمۇ قىلىدۇ...

ۋېنيا ئايروپىلانىنى يەنە قاتتىق بىر ئايلاندۇردى-دە، ئۇلار چۈشكەن يەرنىڭ ئۈستىدىن پەس ئۇچۇپ ئۆتتى. يەردە ئۆرە تۇرغان بىرمۇنچە كىشىلەر ئەمدى ئوچۇق كۆرۈندى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ قوللىرىنى پۇلاڭشىتىۋاتاتتى، بىرنەچچە كىشى ئايروپىلاننىڭ چۈشۈشىنى قارشى ئالماقچى بولدى بولغاي، مۇز تۇتقان دەريا ئۈستىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۇ يەردە بىر گەپ باردەك قىلىدۇ. بىرەر چاتاق چىققىنىمۇ نېمە. — دېدى ۋېنيا ھەمراھلىرىغا قاراپ، — ئايروپىلانىنى قوندۇرسام بولغۇدەك...

— قوندۇرساڭ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئولېگ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— قاراڭلار ئاۋۇ ياقتىكى ئادەمنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان نەرسىگە. — ۋېنيا بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇپۇقنى كۆرسەتتى: تاغلارنىڭ كەينىدىن تۇمان كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى، بۇ شۇرغاننىڭ شەپىسى ئىدى.

— كەينىمىزگە يانمىساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ... بوپتۇ، ئاۋال ئايروپىلانىنى يەرگە قوندۇراي، يەرگە چۈشكەندىن كېيىن بىر ئامال قىلارمىز.

ۋېنيا ئايروپىلاننىڭ شوتىسىنى تاشلاپ تۇرۇشىغا، بىرنەچچە چۈكوتسكىلىق ئايروپىلاننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋېنيا دائىم ئايروپىلانغا چىقىرىپ تۇندىراغا ئاپىرىدىغان مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ مۇدىرى، كازاكچە بۇرۇت قويۇۋالغان دارازا ياشمۇ بار ئىدى.

— پاھ، يارايسەن! — دېدى مۇدىر ۋېنيا بىلەن قول ئېلىشىپ، —

ئايروپىلاننى سىنىڭ ھەيدەۋاتقانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، ئۇنچە پاتىپاراق بولۇپ كەتمەيتتۇق... قارا، ئۇلار: شۇۋىرغان چىقتى، شۇۋىرغان چىقتى! دەپ توختىماي تووۋلاۋاتىدۇ. لېكىن سىنىڭ ئالدىڭدا شۇۋىرغان دېگەن نېمىتى!

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن! — دېدى ۋېنيا ئۇنىڭ گېپىنى چۇشەنمەي، — بىز ھېچ يەرگە بارمايتتۇق. سىلەرنىڭ پاتىپاراق بولۇپ كەتكىنىڭلارنى كۆرۈپ... بۇ يەردە بىرەر ۋەقە تۇغۇلمىغاندۇ؟

— بىزنىڭ بىر ئايال ئىشچىمىز تۇغالماي ئۆلۈپ قالغىلى تاس قالدى، — دېدى مۇدىر، — ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى ئەمكول، سەنمۇ تونۇيسەن... ئۇ بىر ھاماقەت ئايال! — دېدى ئۇ بىردىنلا ئاچچىقلىنىپ، — كۆپچىلىك ئۇنىڭغا دوختۇرخانىغا بېرىڭ، ئاسان يەڭگىيسىز دەپ نەسىھەت قىلسا، گەپكە كىرمىدى... ئۇنىڭدىن قان كۆپ چىقىپ كېتىپ... بالىنىمۇ تۇغالمىدى...

— چۈشەندىم، — دېدى ۋېنيا، — رادىئو ئارقىلىق جىددىي مۇراجىئەت قىلمىدىڭلارمۇ؟

— ئەلۋەتتە مۇراجىئەت قىلدۇق... باياتىن دوختۇر چوكان بىلەن بارمىغان يېرىمىز قالمىدى، لېكىن ئۇمۇ ئامال قىلالمىدى. دوختۇرلار: ئامال قىلىپ باقايلى، بىراق بەك زور ئۈمىد باغلىماڭلار، چۈنكى شۇۋىرغان چىقىۋاتىدۇ... دېدى.

— ئۇ يەردە شۇۋىرغان چىققانلىقى راست، — دېدى ۋېنيا بېشىنى لىڭشىتىپ.

ئۇ ئۇپۇققا كۆز تاشلىدى. قويۇق تۇمان تاغ قىرىدىن ئۆتۈپ، بۇلۇت پارچىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، كاللەك-كاللەك بولۇپ سايغا چۈشۈۋاتاتتى، يەردىن كۆتۈرۈلگەن قويۇن قارنى ئۇچۇرۇۋاتاتتى،

"يەنە يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەرنىمۇ شۋېرىغان باسـ-
دىغان بولدى، خۇدا ساقلىغاي بىزنى،— دېدى ئىچىدە ئۇ.— بۇ
ئەسكى جىلغا بەئەينى كارنايغا ئوخشايدىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئالـ-
ۋاستى جىلغىسى دەيتىكەن."

چۇكوتسكىلىقلاردىن ياشانغان بىرى ۋېنيادىن:

— ۋېنيا، ئېيتقىنا، قىزىم ئامان قالارمۇ؟ ئۇنىڭ قېنى ئېقىپ
بولاي دەپ قالدى. ئۇنى تېز ئەكەت. قانداق دەيسەن؟ ۋېنيا! —
دەپ سورىدى.

ۋېنيا ئولېگقا قاراپ قويدى. ئولېگ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— تېز بولۇڭلار! قۇرۇق گەپنى ئازراق قىلىڭلار! دوختۇرنىمۇ
ئېلىۋالايلى، ئۇنىڭغىمۇ ئىش چىقىدۇ.

— رادىئو ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ باقايمۇ؟ — دەپ سورىدى
ئولېگ.

— سەن نېمە دەيسەن؟

— مەن جىددىي ئەھۋال يۈز بەردى، دەرھال ئۇچىمىز... دەيـ-
مەن.

ۋېنيا ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى-دە:

— دەرھال ئۇچىمىزمىش... ئۇچالمايمىز ئاغىنىلەر. ھەرگىز
ئۇچالمايمىز. ئىشەنمىسەڭلەر، ئۆزەڭلەر قاراپ بېقىڭلار. — دېدى.

دۆڭلەر كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى. بۇلۇت بارغانسېرى تۆۋەنلەۋاـ-
تاتتى، جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۇلۇتقا يانداشقان قويۇق تۇمان
كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئەھۋالنى تېخىچە چۈشەنـ-
مىگەن پاۋېل.

— مەن ئېيتمىدىممۇ، ئۇچۇش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئايرو-پىلاننى قۇرۇقلۇقتا ھەيدەپ ماڭساق بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەيدەپ مېڭىشمۇ تەس، لېكىن باشقا ئامال يوق...شۇنداق قىلامدۇق ئاغىنى-لەر، قارارىمىز شۇنداق بولسۇن. ئايروپىلاندا جىددىي ئەھۋال بار.

كىشىلەر ئەمكۇلنى كۆتۈرۈپ تېرە ئۇستىگە چىقارغاندا، مەدەنى-يەت پونكىتىنىڭ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان مۇدىرى:

— ۋېنىيا، سەن قانداق قىلماقچى؟ — دېدى.

— بولدى، گەپ قىلما! ئايتوكى، بۇ ياققا كەل، — دېدى ۋېنىيا ئەمكۇلنىڭ ئاتىسىنى يېنىغا چاقىرىپ، — سەن جىلغىنى بەش قولدەك بىلىسەن، دەريانىمۇ بەش قولدەك بىلىسەن، شۇنداقمۇ؟ بىز بىلەن ئايروپىلانغا چىقىپ يول باشلاپ ماڭساڭ قانداق؟

— ماقۇل، يول باشلاپ ماڭاي، — دېدى ئايتوكى دەرھال ماقۇل بولۇپ ۋە ئىككىنچى ئۇچقۇچىنىڭ ئورنىغا چىقىپ، — ھەئە، مەن دەريانىمۇ، جىلغىنىمۇ بەش قولدەك بىلىمەن.

— ئوبدان سەپسىلىپ ماڭ، — دېدى ۋېنىيا، — مېڭىش سۈرئىتىمىز تېز، سەللا بىخەستىلىك قىلساڭ، دۆڭگە ياكى دەريانىڭ قېشىغا ئۇسسۇۋالىدۇ. گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم. ئوبدان سەپسىلىپ ماڭاي.

ۋېنىيا ماتورنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. ئايروپىلاننىڭ گەۋدىسى بىرنەچچە قېتىم سىلكىندى-دە، چاڭغا مۇز يۈزىدىن ئاجرىدى، ئايرو-پىلان ئاستا-ئاستا قوزغىلىپ ئالغا ماڭدى. پاۋېل ئايروپىلاننى نېمە ئۈچۈن بۇنداق ھەيدەيدىغاندۇ؟ دەپ گاڭگىراپ قالدى. ھەممە يەرنى ئاپئاق قار قاپلىغانىدى. بىرنەچچە مېتىر نېرىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ پىلدىرلىغۇچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ماڭىدىغان چاننى

ھەيدەپ باققاچقا، بۇنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى بىلەتتى: قار ئىچىگە، ئويمانغا ياكى يېرىققا كىرىپ قالسا چاتاق بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چانا دېگەن بەرىبىر چانا-دە، چانا دېگەن قار ئۈستىدە ماڭىدۇ، ئەمما ئايروپىلاندا مېڭىپ باقمىغان يولدا قارىسىغا تېز مېڭىش...

ئايروپىلاننىڭ بېقىنىدىكى كۆزنەك قار ئىچىدە قالدى، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئايروپىلانىمۇ خۇددى بوراندا تىترەك بېسىپ تولغۇلۇۋالغان ئادەمدەك پات-پات تەۋرىنىپ تۇراتتى، ماتورنىڭ ئاۋازى گاھىدا خۇددى ئادەم پىچىرلاشقاندىكىدەك بوش چىقسا، بەزىدە تۇساتتىنلا قولاقنى يېرىۋەتكۇدەك دەرىجىدە قاتتىق چىقاتتى، ئايروپىلان بەزىدە ئۇشتۇمتۇت بىر تەرەپكە ئاغاتتى. پاۋېل يۇقىرىدىكى خىلمۇخىل ئەھۋالغا قاراپ، شۇۋىرغاننىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

ئۇلار دەريانى بويلاپ بازار تەرەپكە قاراپ ماڭدى: يول تۈز بولغان بولسا، ئارىلىق ئاران سەكسەن نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى، لېكىن دەريا تاغ ئارىسىدا ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ئەگىپ ئاقاتتى. قانچىلىك مۇساپە قالغاندۇ: بىر يۈز ئەللىك كىلومېتىر قالغاندىمدۇ، ئىككى يۈز كىلومېتىر قالغانمىدۇ؟ پاۋېل ھەتتا بۇنىمۇ مۆلچەرلىيەلمەي قالغانىدى.

دەريانىڭ بىر قېشى تىك يار ئىدى، دەريا سۈيىنىڭ زەربىسى بىلەن دۆڭنىڭ ئاستىدىن بىر يول ئېچىلغانىدى؛ دەريانىڭ يەنە بىر قېشى بىپايان تۈزلەڭلىك ئىدى. ئايروپىلاننىڭ شۇ يەردىمۇ قاتمۇقات دۆڭلەردىن ھاسىل بولغان ئېگىزلىككە ۋە قار دۆۋىلىرىگە سوقۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر يۈرگۈزۈۋاتقان پاۋېلنىڭ پىكىر يىپلىرى بىردىنلا ئۈزۈلدى: ئايروپىلان ئىلاستىكلىق يۇمشاق بىرنەرسىگە سوقۇلۇپ كەتكەندەك قىلدى، ئەمەلىيەتتە ئايروپىلان ھېچنېمىگە سوقۇلمىغان، بەلكى ئۈشتۈمتۈت تورموز قىلىنغانىدى. ماتور قاتتىق گۈركىرەپ نەرە تارتتى. ئايروپىلان يانغا تېز بۇرالدى. پاۋېل ئايروپىلاننىڭ دەريادىن تۇندىراغا چىققانلىقىنى سەزدى. بۇ ئاقىلانىلىق ئەمەسقۇ! نېمىشقا تۇندىراغا ھەيدىگەندۇ؟ لېكىن، ئۇ بۇ يەرنىڭ ئانچە يانتۇ ئەمەسلىكىنى، دەريانىڭ دۆڭ ئارىسىدا خېلى ئۈزۈنغىچە ئەگىپ ئاقىدىغانلىقىنى دەرھاللا بايقىۋالدى. تۈز يول بىلەن مېڭىش مۇمكىن بولغىنىدا، مۇشۇ يەردە دەريادىن ئۇدۇللا تۇندىراغا چىققىلى بولاتتى، بۇنداقتا مۇساپىنىڭ يېرىمى قىسقىرايتتى.

پاۋېل ئەسۋاب ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە چىقتى-دە، ۋېنىيا بىلەن ئايتۇكنىڭ كەينىدىن كابىنانىڭ كۆزنىكى ئەينىكى ئارقىلىق سىرتقا قارىدى: شۇۋىرغاننىڭ كۈچى ئاجىزلاشقانىدى، ئىككى دۆڭ ئوتتۇرىسىدا شۇۋىرغان ھەيۋىسىنى كۆرسىتەلمەي قالغانىدى. بۇ يەردە خېلى يىراقنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. پاۋېل: "شۇنداقتىمۇ ۋېنىيانىڭ ئالدىدىكى يول مېڭىش تەس يول ئىدى، ئاپتوموبىل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان يولمۇ تەسلىكتە ئۇنىڭ ماڭىدىغان يولىغا زادىلا تەڭ كېلەلمەيتتى" دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئايروپىلان سائىتىگە قىرىق-ئەللىك كىلومېتىر تېزلىك بىلەن مېڭىۋاتاتتى. بۇنداق تېزلىكتە كېتىۋاتقان ئايروپىلان سەللا بىخەستىلىك قىلىنسا كۇكۇم-تالقان بولۇپ كېتەتتى... ئۆزىنىڭ ئەزىز ئايروپىلانىنى تۇندىرادا ناچار دالا ئاپتوموبىلى ئورنىدا مۇشكۇللۇك بىلەن قارىسىغا ھەيدەۋاتقان ۋېنىيا شۇ تاپتا نېمە تۇيغۇدىدۇ؟...

پاۋېل ئىچىدە "قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قاپتۇ" دېدى. ئۇ شۇ تاپتا يۈنىلىشنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدىن قالغان، كۆزلەنگەن جايغا يەنە قانچىلىك يول قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالغانىدى. "بىردەمدىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشىدۇ-دە، ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالىدۇ، ئۇ چاغدا بىزنىڭ سەپىرىمىزمۇ توختار..." دەل شۇ چاغدا، ئايروپىلان يېنىككىنە بىر سىلكىندى-دە، ماتور گۈركىرىگىلى تۇردى. ماتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ئاستىلاشقا باشلىدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇلېگ.

— ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشايلى. ئۇلار ئاپتوموبىلنى توپتوغرا قاش تۈۋىگە ھەيدەپ كەلسۇن. بىز ھازىر دەريا ئەگىمىسىنىڭ مۇز تۇتقان يېرىدە، ئۇ يەرگە يەنە ئون بەش كىلومېتر قالدى، بىردەمدىلا بارىمىز.

ۋېنيا سۆزلەپ بولۇپ، ئايتۇكىنىڭ قولىدىن ئەمدىلا تۇتاشتۇرۇلغان تاماكىنى ئېلىپ، بىرنەچچە شورىدى-دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئەمدىزە تاناۋىمىز تارتىلىدىغان بولدى! ئالدى بىلەن مېنىڭ تاناۋىمنى تارتىشى تۇرغان گەپ. لېكىن، ئۇلار مېنىڭ تاناۋىمنى تارتقاندا: بىزنىڭ ۋېنيا قالتىس ئۇچقۇچى جۇمۇ، دېيىشى مۇمكىن!...

ئۇلار ئەتىسى ئۇيقۇسى قېنىپ ئويغانغاندا، ۋېنيا:

— يامان ئەمەس بولغاندۇ، يىگىتلەر! ھېلىقى ئىختىيوساۋۇر ساۋابلىق ئىش قىلدى. بولمىسا ئەمكۈلىنىڭ ئوغلى ئالەمگە كۆز ئاچالمايتتى، ھازىر ئۇ ئاپىرىدە بولدى. بىز تېخى ئايروپىلان بىلەن ئىختىيوساۋۇرنى يوقلىغىلى بارىمىز. چوقۇم بارىمىز-ھە، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 14

— ئۇ يەردە راستىلا ئىختىيوساۋۇر ۋە دېڭىز ھايۋاناتى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى نىنا.

— بىلمەيمەن. ئەمما بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

نىنا خىيالىغا كەتتى: "ئۇ يەردە ئۆملىگۈچى قاسىراقلىق قۇرۇتسىمان دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ يوقلۇقى توغان گەپ. ۋېنىيا ئىلگىرى يازغان خېتىدە ئاللىقانداق كۆمۈش تاغنىڭ يوقلۇقىنىمۇ ئېيتقان. ئەمما ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىشنىڭ نېمە ھاجىتى. ئىزدىنىش، ئىنتىلىش ھېچقاچان يامان ئىش دەپ قارالغان ئەمەس. كىشىلەر ئىلگىرى ئالتۇن قوشقار① بىلەن ئالتۇن تاشنى②، ئابىھايات بىلەن مۇتلەق ھەقىقەتنى ئىزدىگەنىدى. كىشىلەر ئاخىر كورخىدا③نى تاپتى، «ئىلىيادا»، «ئودېيسا» داستانىنى ئىجاد قىلدى. كىشىلەر ئىزدەنسۇن. كەڭ زېمىندا، بىپايان ئالەم بوشلۇقىدا ئىزدەنسۇن."

ئۇ پاۋېلنىڭ يېڭىنى ئاستا تارتىپ قويدى-دە:

— ئېيتقىنا، ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇپ چىقىشنى خالامسەن؟ — دېدى.

---

① بۇ يەردە يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئالتۇن يۇڭلۇق قوشقار كۆزدە تۇتۇلغان.

② ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىمياگەرلەر ئالتۇن تاشنى تاۋلاپ ئالتۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، ئۇ ھەممە كېسەلگە شىپا قىلىدۇ دەپ قارىغان.

⑧ گرۇزىيىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ يۇنانچە ئاتىلىشى.

— خالىمايمەن! — پاۋېل كۈلۈپ كەتتى، — يول بەك يىراق، ئادەم زېرىكىپ قالىدۇ.

— سەن كۈن پاتىدىغان يەرگە بارغانمۇ؟

— كۈن پاتىدىغان يەر؟ سەن نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسەن؟ كۈننىڭ تاغ ئارقىسىغا پېتىشى بىر خىل ھادىسە...ھوي...

— بىركۈنى ۋېنىيا ماڭا ئۆزىنىڭ خىيالىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇ: تۇندىرادا ھاۋا تۇتۇلغان كۈنلىرى كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئۇپۇقتا قىپقىزىل بەلباغ پەيدا بولىدۇ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئۆزەڭنى ئاتساڭلا، قىپقىزىل ھاۋا بوشلۇقىغا كىرەلەيسەن...شۇ يەردە بىر سېكۇنت تۇرۇۋالدىڭمۇ، مۇرادىڭغا يەتكىنىڭ شۇ...دېگەن. ئۇ يەنە، ئۇنى ھاۋا بوشلۇقى دېيىش توغرا ئەمەس، ئۇ يەردە شەپەق نۇرى ئەكس ئېتىدىغان ھاۋا بوشلۇقى يوق. ئۇ يەردە شايى-ئەتلەس توقۇشقا ماتېرىيال بولالايدىغان، پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خىل ماددا باردۇر بەلكىم؟ دېگەن.

نىنا يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ قويدى.

— مەن ۋېنىيانىڭ فانتازىيىچى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. كىشىلەر گۈزەللىككە تەبىر بەرگەندە، ئۇ قاتتىق نارازى بولاتتى. ئۇ، ئالىملار ئەقىللىقراق بولسا ئىدى، كىشىلەرگە ھەرگىزمۇ ئالماس بىر خىل كۆمۈر دېمىگەن بولاتتى، دەيتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى پاۋېل، — كىشىلەر مىس قوڭغۇراقنى بۇزۇپ، ئېشەك تۇتقىسى ياساتقاندا، ئۇنىڭ كەيپى قاتتىق ئۇچقاندى. بىزنىڭ مىس قوڭغۇرىقىمىز توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ؟

— ئاڭلىمايچۇ! مېنىڭدە تېخى مىس قوڭغۇراقنىڭ رەسىممۇ بار.

www.uyghurkitap.com

مسس قوڭغۇراقنى نادىيا تاپقاندۇ؟ ئېسىمدە شۇنداقتەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىچۇ...ماڭا تەپسىلىي سۆزلەپ بەر...

— ۋېنىيا فورلىي تۇمشۇقىدىن ① كەلگەن كۈنى نادىيا بالدۇرلا كەلگەنىدى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ، جۇگىسىنىمۇ سىيلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، مسس قوڭغۇراقنى تاپتىم، دېدى. بىز خېلى ئۇزاقتىن بېرى ئىزدەپمۇ، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى تاپالمىغانىدۇق. كېيىن كاپىتان ۋالگ...بولدىلا، بۇ ھەقتە سۆزلىگۈم يوق...

پاۋېل جىم بولۇپ قالدى...شۇ تاپتا ئۇ ھەممىنى نىناغا سۆزلەپ بېرىشىم كېرەك، ئۆزەممۇ تۇرمۇشۇمدا ئەڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئاشۇ چاغلارنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشۈم كېرەك دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. شۇنداق قىلسا، روگوزىنىنىڭ يۈزىدە جىلۋە قىلىدىغان خەيرىخاھلىق كۈلكىسى، ئولېگنىڭ ئايرودرومدا ئۆزىگە كەينىدىن قاراپ تۇرغان چاغدىكى قىياپىتى ئۇنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى...

ئۇ ناھايىتى تېز سۆزلىدى: بىردەم باشتىن سۆزلىسە، بىردەم ئاياغتىن سۆزلىدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەيلا نىنانىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سىقىمداپ تۇردى. نىنانىڭ خىيالى ئاللىقاچان ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشكە كەتكەنىدى: گويا ئىككىسى ئولېگنىڭ تويىغا قانداق سوۋغات ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتقاندەك، گويا ئىككىسى بىرلىكتە مىڭ بىر جاپا مۇشەققەتتە شىمالىي قۇتۇپ پونكىتىغا بارغاندەك بولدى — شۇ چاغدا ئۆپكىسى يەلدەپ كەتكەن

① چۇكوتسكى دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىرغىقىدىكى دېڭىز تۇمشۇقى.

ۋېنيا شۇ يەردە توپتوغرا بىر ئاي يېتىپ قالغانىدى،

ھەتتا ئۇلار ئاپئاق قار ئىچىدە قالغان كيۇئەر تۇمشۇقىنىڭ چوق-
قىسىغا چىققاندا، ئىنامۇ شۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك، ناديا بوران
سوقۇپ، يامغۇر يالاپ پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن ئۆيىما خەت-
لەرنى — دېڭىزچىلارنىڭ تۇل قالغان ئاياللىرىنىڭ چىن قەلبىدىن
ئېتىلىپ چىققان ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئوقۇۋاتقاندا، ئىنامۇ شۇ يەردە
ئاڭلاۋاتقاندەك بىلدى. ئۇلار ئەتىيازدا ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەت-
كەنلىكىگە قارىماي، قىرغاق يېنىدىكى تاغ چوققىسىغا (ھېچكىم
بىلمەيدىغان يەرگە) چىققاندا، ئىنا مۇشۇلار بىلەن بىرلىكتە سەكرى-
شىپ تەنتەنە قىلغاندەك بولدى...

ۋېنيا فانكالىمدىن① قايتىپ كەلدى، ئولېگ شمىت تۇمشۇقىغا②
بېرىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى، پاۋېل ماگادانىغا③ چاقىرتىلغا-
نىدى. ئۇلار ئانچە كۆپ كۆرۈشەلمەيتتى. لېكىن بۇنىڭ ئۇلار
ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيىتى قالمىغانىدى، چۈنكى ئۇلار مۇشۇ ئورتاق
زېمىندا ياشايتتى، ئۆزلىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ئورتاق
يولدا ماڭاتتى.

ئۇلار ئولېگنىڭ ئامگۇيېما④ دەرياسى بويىدىكى تۇندىرادا

① چۇكوتسكى يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالى قىسمىدىكى دېڭىز
تۇمشۇقى.

② سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماتېماتىكى، يەر شارى فىزىكى، شىمالىي قۇتۇپ
تەتقىقاتچىسى شمىتنىڭ (1891 — 1956) نامى بىلەن ئاتالغان دېڭىز
تۇمشۇقى.

③ سوۋېت ئىتتىپاقى ماگادان ئوبلاستىنىڭ مەركىزى.

④ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي شىمالى قىسمىدىكى چۇكوتسكى دېڭىزىغا
قۇيۇلىدىغان دەريا.

سەيلى قىلىۋاتقانلىقىغا، ۋالگىنىڭ كىچىك ياغاچ ئۆيدە روسىيە كىمە
ئەترىتىنىڭ تارىخىنى يېزىۋاتقانلىقىغا، ئۆزىنىڭمۇ نىنا بىلەن بۇ
يەردە — تۇندە موسكۋا سىرتىدىكى ئورمانلىقتا تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارى-
ماي ھازىرمۇ ئايرىلمىغانىدى. ئەگەر نادىيا ماياك ئۈستىدە تۇرۇپ
چاقىرسا ياكى مىس قوڭغۇراقنى چالسا، ئۇلار چوقۇم ئاڭلايتتى...
ۋېنيالا يوق ئىدى...

پاۋېلنىڭ كۆز ئالدىدا نادىيانىڭ چىرايى زاھىر بولدى — بۇ ئۇلار كيۇئەر دېڭىز تۇمشۇقىغا ئاخىرقى قېتىم بارغان چاغلار ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ قولىنى سىقىمداپ تۇراتتى. ئۇ لېۋىنى چىشلىگەن پېتى يىراقتىكى دېڭىز قىرغىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان تىك قىيالارغا نەزەر تاشلاۋاتاتتى. كۆكۈش غۇۋا تۇن پەردىسى دېڭىز بويىدىن بۇ ياققا يېيىلىۋاتاتتى — ۋېنيانىڭ ئايروپىلانى شۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ يىغلىمىدى...

پاۋېل سۈكۈت قىلىپ جىم تۇردى. ئۇ نىناغا ھەممىنى دەپ بەردى، لېكىن ئۇنىڭغا يېرىمىنىمۇ دەپ بولالمىغاندەك تۇيۇلۇۋا-
تاتتى.

— تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالدى، — دېدى نىنا، — تاڭ سەھەر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ... بىراق تۈنۈگۈن تاڭ سەھەردە سەن يوق ئىدىڭ، تۈنۈگۈن كۈندۈزدىمۇ سېنىڭ ئورنۇڭ يوق ئىدى. كۈندۈزى بىر مېھمان — پاۋېل پېتروۋىچلا كەلگەنىدى، خالاس؛ شۇ چاغدا مەن تۇرمۇشتىن قاتتىق بىزار بولغانىدىم. چۈشەنىدىڭمۇ، — شۇ چاغدا ئالەمدىكى ئەڭ ناھەق بىر ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

— يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.



www.uyghurkitap.com

— يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى مەنمۇ بىلەتتىم.

پاۋېل نىنانىڭ لاي چاپلىشىپ قالغان سوغۇق قوللىرىغا سۆيۈۋاتاتتى.

نىنا ئېغىشىپ پەس ئاۋازدا:

— مەن سېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. سېنى ئۆمۈرۋايەت سۆيىمەن، — دېدى.

پاۋېل يۈزىنى نىنانىڭ ئالقىنىغا يېقىپ، سۈكۈت قىلىپ جىم تۇردى... ئۇ يەنە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، شۇ تاپتا پۈتكۈل دۇنيامۇ، ئۇنىڭ بارلىق پىكىر-ھېسسىياتىمۇ شۇ ئالقان ئىچىدە قالغانىدى، ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەنىدە، يەنە بىئارام بولدى، بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىندۇر...

— قولۇڭ بەك سوۋۇپ كېتىپتۇ، — دېدى پاۋېل، — توڭلاپ كەتكەنسەن؟ گۈلخانغا ئوتۇن سالاي.

— سال، مەن ئوتنىڭ يالقۇنجاپ كۆيۈشىنى ياخشى كۆرىمەن... توختا! قۇلاق سال، كاككۇك سايراۋاتامدۇ نېمە؟ قۇلىقىمىزنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ باقايلى، قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەرمىزكىن①!

— مەن بۇ گەپكە چىن پۈتمەيمەن. كاككۇك دېگەن ساراڭ قىز. كاككۇك بۈگۈنكى كۈنىنىڭ تۈنجى كۈنىمىز ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن...

ئۇلار گۈلخاندىن يېرىمى كۆيۈپ كەتكەن ياغىچنى ئالدى. پاۋېلنىڭ ئالدىدا كىچىك كۈمۈش تۇغدا مۇزلىتىلغان شامپان ھارىقى،

---

① سوۋېت خەلقى ئارىسىدا كاككۇك قانچە قېتىم سايرىسا، ئادەم شۇنچە يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ دەيدىغان گەپ بار.

www.uyghurkitap.com

پاتلانغان داستىخان ۋە كەچتە ئاشپۇزۇلدا خىزمەت كىيىمىنى كىيىپ قېتىۋالغان كۇتكۇچىلەر زاھىر بولدى. ئۇ بۇگۇندىن باشلاپ ئوتتا پىشۇرۇلغان مۇشۇ ياڭيۇنىڭ تەمى مەڭگۇ ئېسىمدە قالىدۇ دەپ ئويلىدى.

نىنا توساتتىن پەس ئاۋازدا كۇلۇپ تاشلىدى.

— نېمە بولدۇڭ؟

— ھېچنېمە، بىرئاز ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. مەن ھازىر مېنىڭ دوستلىرىم كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزلىرىگە چاي ئەكىلىپ بېرىدىغان ئادەم يوقلۇقىنى سەزسە، قانداق ھالغا چۇشۇپ قالاركىن دېگەننى ئويلاۋاتىمەن!

— قىزىق-ھە، ئۇلار ساقچى ئىدارىسىگە تېلېفون بېرەرمۇ؟

— قانداقلا بولمىسۇن، بىز بەك بەڭۋاشلىق قىلدۇق جۇمۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمدى ئەقلىڭنى تېپىپسەن.

— مەن ئەقلىمنى يوقاتقىنىم يوق. مەن سەل قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. رەھبىرىم بىلىپ قالسا، چوچۇپ نېمە بولۇپ كېتەركىن-تاڭ!

ئۇلار ئۇچۇن ھەممە نەرسە ھاجەتسىز ئىدى. بىر-بىرىنىڭ كوڭلىنى چۇشىنىپ، نېمە دېگۇسى كەلسە، شۇنى دەپ، نېمىنى ئويلىغۇسى كەلسە، شۇنى ئويلىسا، تازا پەيزى بولاتتى.

— جېنىم نىنا، — دېدى پاۋېل، — بۇرنۇڭغا بىر چۇمۇلە چىقىۋاپتۇ، كوزۇڭمۇ پۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. بىردەم ئۇخلىۋال. ئاستىڭغا پۇركەنچەمنى سېلىپ بېرەي. پىكاپىنىڭ يوپۇقىنى يىغىۋېتەيلىمۇ.

— پۇركەنچەڭنى سېلىپ بەرسەڭ ئوبدان گەپقۇ، لېكىن، مېنىڭ ئۇخلىغىم يوق. مەن ئۇخلاشنى ياخشى كورمەيمەن...ئادەم ئۇخلاپ

قالسا، ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ، ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىيالمايدۇ.

نىنا بىر دۆۋە قارىغاي شاخلىرى ئۈستىدە ئوتتۇرىسىدا ئازراق چوغلا قالغان گۈلخانغا قارىغان پېتى ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇراتتى، چوغنىڭ ئەتراپىنى كۆل بېسىپ كەتكەندى. پاۋىلمۇ چوغقا قاراپ ئولتۇراتتى — بۇ چوغ ئۇپۇقتىكى قىزىل رەڭلىك بەلباغقا ئوخشايتتى — ۋېنيا شۇ يەرگە بېرىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم دېڭىزدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، شۇ يەرگە بارغاندۇر بەلكىم.

## 15

ۋېنيا بىپايان دېڭىز ئۈستىدە ئۇچۇۋاتاتتى.

دەرۋەقە، دېڭىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى، يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن يېشىل قۇم تۇمشۇققا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئۇ تەپەككۇر ئوكيانىنىڭ ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، بىر سائەتنىڭ ئالدىدا، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ھاۋادا بىر مىليون كىلومېتىرلىق مۇساپىنى بېسىپ بولغانىدى.

بۈگۈن كۆپچىلىك شۇ خۇشاللىقنى تەبرىكلىمەكچى بولدى. ئالدى بىلەن مول كەچلىك تاماق راسلىناتتى، ئەلۋەتتە. ئاندىن... ئۇلار مىس قوڭغۇراق ئېسىلغان يەرگە، ماياك يېنىغا بېرىپ بىردەم ئولتۇراتتى. ئاخىرىدا ۋېنيا مەن ئۈچۈن مۇشۇ قەدىمىي مىس قوڭغۇراقنى بىر چالساڭلار دېگەن ئارزۇسىنى مەلۇم يول بىلەن بىلدۈرەتتى. بۇنى ھەر ھالدا ئارتۇقچە تەلەپ دېگىلى بولمايتتى — ھەر نېمە دېگەن بىلەن، ئۇ ھاۋادا بىر مىليون كىلومېتىر ئۇچتى-دە،

بۇ بوش گەپ ئەمەس. قوشغۇراقنى مایاك مۇھاپىزەتچىسى، قوشغۇراقنىڭ ۋەسسى نادىيا چالاتتى.

ئاغىنىلەر ئۇنى ئاۋئاتسىيە پونكىتىدا مۇبارەكلەيتتى، بۇنىڭدا گەپ يوق، تونۇگۈن ئۇ لېنىن ئۆيىدە① كىشىلەرنىڭ "تېز خەۋەرلەر" گېزىتى چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىشۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى. گېزىتتا ئۇنىڭ سۈرىتى ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر بېسىلاتتى. قىزىق ئىش، ماقالىدا ئۇنىڭغا جازا بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار يېزىلارمۇ؟ بەلكىم يېزىلار، ئۇ ئايغا ئۈچ قېتىم چىقىشقا كېتىدىغان مۇساپىگە تەڭ مۇساپە باستى دېگەن گەپلەرمۇ يېزىلار. بۇنىڭغا ھەممە ئادەم قىزىقاتتى! ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى ھاۋا بوشلۇقىدا ئۆتكۈزگەنلىكىگە دائىر ئەھۋاللار يېزىلسا بولاتتى. بۇ شىماللىقلارنىڭ چىن مەنىدىكى دەم ئېلىشى ئىدى، ئۇنىڭدا قايتىش مۇساپىسىمۇ ھېسابلىناتتى.

ئىختىيۇساۋۇرغا دائىر ئىشلارمۇ تىلغا ئېلىناتتى، ئەلۋەتتە...

نادىيا ئۇنى ئايروپىلان ئورۇنلاشتۇرۇش بۆلۈمىدە كۈتەتتى. ھازىر ئۇ ھەر دودا دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇلار دەم ئېلىشقا باراتتى. جەنۇبتىكى مەلۇم جايغا، سوچىغا ياكى يالتاغا باراتتى ــ نەگىلا بارسا ئوخشاش ئىدى. ئۇلار ئاق كاستۇم-بورۇلكا كىيەتتى، كاۋاپ يەيتتى،

---

① بۇ يەردە لېنىن نامى بىلەن ئاتالغان مەدەنىيەت ـ كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ساپ ئۇزۇم هارىقى ئىچەتتى. ئۇ يەردىكى ئاسفالت يوللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پالما دەرەخلىرى بار ئىدى.

ئاندىن ئىككىسى قايتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ دوستلىرى — يىراق شىمالدا ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈر بويى ھالاۋەتتىمۇ، جاپادىمۇ بىللە بولىدىغان دوستلىرى ئىككىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالغىلى چىقاتتى.

...بىرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئايروپىلان ئورۇنلاشتۇرۇش خادىمى: "ماتوردىن چاتاق چىقتى، ئايروپىلاننى يېشىل قۇم تۈزلەڭلىككە قوندۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن، يەرگە قوندۇرۇش ئىنتايىن تەس. ئايروپىلاننى قۇشلار ماكانىغا قوندۇرىمەن" دېگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى.

— ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ نېمە ئۇ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئايروپىلان ئورۇنلاشتۇرۇش خادىمى، — ئايروپىلان ئىككى ئاپتوموبىلنىمۇ ئۆتكۈزگىلى بولمايدىغان ئالقانچىلىك يەرگە قانداقمۇ قونالىسۇن!

قاش قارايىغاندا، ئاۋىئاتسىيە قوماندانلىق شتابىدىكى پىئونېرلار يېتەكچىلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تۆۋەندىكى ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى:

"ۋەقە شۇنداق تەسادىپىي ۋە شۇنداق دەھشەتلىك يۈز بەردىكى... بىز قاش قارايىغاندا قاش تۇۋىگە كېلىپ چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشتۇق، سەل نېرىدىمىزدا رودىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جاي بار ئىدى. شۇڭا ئېكسكۇرسىيە قىلىپ كېلەيلى دېگەن يەرگە كەلدۇق. كۆپچىلىك تىزىلدى، بالىلارنىڭ بىر قىسمى ئالدىدا كەتتى، يەنە بىر قىسمى قاراڭغىدا قالدى.

توساتتىن دېڭىز يۈزىدىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر ئايروپىلاننى
كۆرۈپ قالدىم...شۇ چاغدا مەن تاغ باغرىدا ئەمەس، يار ئۈستىدە
ئىدىم — مەن ئېگىزدە تۇرۇپ تۆۋەندىكى يولنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش
ئۈچۈن بىر توپ قىز باللارنى باشلاپ يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىۋاتات-
تىم. ئايروپىلان ناھايىتى غەلىتە ئۇچۇۋاتاتتى. باشتا نېمە بولغان-
لىقىنى بىلەلمىدىم، كېيىنچە ئايروپىلاننىڭ سەكتۈرۈلۈپ تۆۋەنگە
چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئايروپىلاننىڭ زۇۋانى تۇتۇلغان-
ىدى. ماتوردىن چاتاق چىقىپتۇ دەپ ئويلىدىم...شۇنىڭ بىلەن
ئايروپىلاننىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىردىنلا چۈشەندىم.
قاچماقچى بولغانىدىم، لېكىن قېچىپ نەگە بېرىشىم كېرەك؟
بىر كەمگىچە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم. ئايروپىلان ئالدىنى تىك
يارلار توسۇۋېلىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەچكە، دېڭىز يۈزىدىن ئۇچۇپ
ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانىدەك قىلاتتى. ئايروپىلان تىك يارلارنى
ئەگىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئوتتۇر يانتۇلۇققا قاراپ ئۇچتى، ئۇنىڭ
نىشانى ئىنتايىن ئېنىق ئىدى...شۇ چاغدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى
بولغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى دەرھاللا كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم-دە،
قورقىنىمدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم — ئايروپىلان ئۇچۇپ كەلسە،
ھەممە ئادەم بەختسىزلىككە ئۇچرايتتى. ئۇ يەردە بىر توپ باللار
بار ئىدى، بۇ باللار تېخى ھېچنېمىنى سەزمىگەنىدى...

توساتتىن قىز باللار چىرقىرىشىپ كەتتى، مەنمۇ ۋارقىراپ كەت-
تىم — ئۇچقۇچى نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئاخىرقى بىر دەقىقىدە
بايقىغان بولسا كېرەك، ئايروپىلاننى دەررو كەينىگە ياندۇردى-دە،
دېڭىزغا تىك موللاق چۈشۈپ كەتتى..."

"يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ساڭا دېگۈم يوق، — دېدى پاۋېل

ئۈچىدە، — مەن ئۇنىڭ رولىنى بۇراپ دېڭىزغا ئېتىلغاندا، بۇنىڭ قانداق قەھرىمانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

ھازىرچە ساڭا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايمەن، چۈنكى ھازىر سۆزلەيدىغان پەيت ئەمەس. يەنە بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن تاڭ سۈزۈلىدۇ، بىز ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىش ئەنە شۇ. بۇ ئەتىگەن ئىككىمىزگە خاس ئەتىگەن بولۇپ قالىدۇ.“

نىنا پاۋېلنىڭ پۈركەنچىسىدە تۈگۈلۈپ ياتاتتى، ئۇنىڭ ئەپتىدىن ھارغىنلىق، كۆل قونۇپ كەتكەن يۈزىدىن باللارچە خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى، بىر يەرگە تېگىپ كەتكەن چېكىسىدە ئازغىنا يارا قالغانىدى، ئۇچۇش كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى، خەيرلىك چۈش كۆردى بولغاي، كۆزىمۇ، يۈزىمۇ لىپ-لىپ قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ مىسىقى بىرنەچچە قېتىم ئىختىيارسىز ئاستاغىنا لىپىلدىدى-دە، تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

تۇنجى قاتنىغان ئېلېكترو پويىزنىڭ گۈدۈكى يىراقتىنلا ئاڭلاندى. بىردەمدىن كېيىن، مەھەللىدىكى خورازلارمۇ چىللاشقا باشلىدى. دەريا بويىدىن لەرزان تاڭ شامىلى ئۇچۇپ كەلدى. دەريادىكى بېلىقلارمۇ سۇنى پولتۇڭلىتىۋاتاتتى. پاۋېل ئىچىدە ”بېلىق تۇتۇشنىڭ تازا ئوبدان پەيتى كەپتىكەن“ دەپ قالدى. ئۈستى شەبنەمدە ھۆل بولۇپ كەتكەن پىكاپمۇ چاتقاللىقتا بېشىنى تىقىپ ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى. تاڭ بارا-بارا سۈزۈلدى.

پاۋېل ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى خاسىيەتلىك كۈننىڭ ئورنىنى ھەرقانداق نەرسە باسالمايتتى.

نىنا چۈشىدە ئەندىكىپ كەتتى. پاۋېل ئۇنى مۈرىسىدىن ئاستا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىتتىردى ـ دە:

ــ ھەي، ئۇيقۇغا قانمايدىغان ھۇرۇن! قوپ، چاي ئىچىمىز، ــ دېدى.

ــ نەدە ئۇخلايمەن، ــ دېدى نىنا غۇدۇڭشۇپ، ــ شۇنداقلا يېتىۋاتاتتىم... ــ ئۇ قولىنى يەرگە تىرەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كۆزىنى پۇرۇشتۇردى ــ قۇياش ئورمان ئۈستىگە چىققانىدى، قۇياش نۇرى توپتوغرا ئۇنىڭ كۆزىگە چۈشىۋاتاتتى، ــ ياخشىمۇ سەن! ماڭىدىغان ۋاقىت بولدىمۇ؟

ــ ھەئە، لېكىن ئالدى بىلەن ناشتا قىلىۋالايلى. ئەمدى ماڭا سۇ كېچىپ قاشقا چىقىپ ئولتۇرۇشقا پۇرسەت چىقماس، ياكى يېگەچ ئىتنىڭ قاۋاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرايلى.

نىنا كۈلۈپ كەتتى:

ــ چۈشلۈك تاماقنىمۇ مۇشۇ يەردە يەيلى. نېمىگە ئالدىراپتىمۇق؟

ــ چامادانلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇۋالمىساق بولمايدۇ تېخى، ــ دېدى پاۋېل.

نىنا پاۋېلنىڭ بوينىغا ئېسىلدى ـ دە، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ بىرنى سۆيدى.

پاۋېل بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمىدى، بىرەر نېمە ئۈستىدە ئويلىنىشقىمۇ پېتىنالمىدى، چۈنكى ئۇ بۇرۇن "مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن" دېگەن گەپنى قىلغانىدى، ئەينى ۋاقىتتا كۆڭلىدىمۇ شۇنداق ئويلىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ جىمجىتلىقنىڭ داۋام قىلىشىنىلا ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ نىنانىڭ سوغۇق ئاغزىغا ۋە قوللىرىغا سۆيدى...

ــ چامادانلىرىمىزنى تېز يىغىشتۇرايلى، كېيۈئەر قولتۇقىدا كاپىـ

تان ۋالگىنىڭ ئالدىغا چىقىشىمىزغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن يەنە،

— شۇنداق قىلايلى، — دەپ قوشۇلدىغانلىقىنى بىلدۇردى نىنا، — ۋاقىتنى چىڭ تۇتايلى، خەقلەر كىيۇئەر تۇمشۇقىدىكى مىس قوڭغۇراقنى ئەسكى-تۈسكىلەر پونكىتىغا ئەكەتمىسۇن يەنە...

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 2 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **چۇبەيچىڭ**

تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: **رېيىمجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پۇلنىڭ كاساپىتى

## ي. ئاستراخانتسېۋ

**ئاپتور ھەققىدە** ي. ئاستراخانتسېۋ 1938 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئاپتورنىڭ «ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن بۇرۇنقى بىنا» دېگەنگە ئوخشاش پوۋېست ۋە ھېكايىلەر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. ئاپتور ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

### 1

بۇ ۋەقە يېڭى يىلغا يېرىم ئاي قالغاندا ــ بىرىنچى ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاۋانس پۇل بەرگەن چاغدا يۈز بەردى. بۆلۈمدە بۆلۈم باشلىقىلا ئەر كىشى بولۇپ، دەرپەردە بىلەن ئايرىقلىق ئىشخانىدا يالغۇز ئىدى، بۆلۈمنىڭ قالغان ئەزالىرى ئاياللار ئىدى. بۇ ئاياللار قولىغا پۇل كىرىش بىلەنلا پۇلنى چىقىم قىلىشقا باشلىدى: بىر ـ بىرىدىن ئۆتنە ئالغان ئازغىنا پۇلنى ئىگىلىرىگە قايتۇردى، "ھەمكارلىق فوندى" ئۈچۈن بىرى ئون رۇبلىدىن تاپشۇردى، يېقىندا كۆزى يورۇغان كاتىپاغا سوغا ـ سالام ئېلىش ئۈچۈن ئۈچ رۇبلىدىن يىغىش قىلىدى، كۈندىلىك چاي پۇلى دەپ ئۈچ رۇبلىدىن تاپشۇردى، يېڭى يىل ھارپىسىدا ئولتۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بەش رۇبلىدىن چىقىرىشتى.

بۇ "باج ـ سېلىقلار"نى يىغىش يەنە شۇ ئېگىز بوي، روھلۇق، تېتىك دىنائىدا ۋاسىلىيېۋنانىڭ ئىشى ئىدى، ئۇ بوستان چېچىنى سېرىق بويىۋالغان، قاپقارا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان، بۇرۇتلۇق چوكان ئىدى.

ـــ نادېژدا، ئانىسىغا قارىلىق تۇتۇۋاتقان ئادەمدەك سالپىيىپ ئولتۇرسەنغۇ؟ پۇلنى بېرىۋەتمەمسەن! ـــ دېدى دىنائىدا بوغۇلدىغان ئاۋازدا نادېژدا ئاناتولىيېۋناغا. نادېژدا چېچى ساغۇچ، ئۆزى ئورۇق ئايال ئىدى، مىس رامكىلىق چوڭ كۆزەينەكى ئۇنى سۇرلۇك كۆرسىتەتتى.

تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ ئۆزىگە گەپ قىلدۇۋاتقان بىراۋنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆيدە پۇل چىقىم قىلىدىغان ئىشلارنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئويلاۋاتقان نادېژدا دىررىدە تىترەپ كەتتى، ئۇ پۇل خىراجەت قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارغا كېتىدىغان پۇلنى ھېسابلاۋاتاتتى، بىراۋدىن يىگىرمە بىر رۇبلى، يەنە بىراۋدىن ئون بەش رۇبلى قەرز ئالغان، بۇ ئوتتۇز ئالتە رۇبلىنى ھېلىلا قايتۇردى! ئاۋانس ئالغان ئىش ھەققىدىن بىر تىيىنمۇ ئاشمىدى. يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئېرىگە يارىشىملىق ۋە قېلىن شارپا، ۋانيۇشكاغا "پەۋقۇلئاددە" مۇز توپ ئايىغى ئېلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى، ئەمما بۇ قۇرۇق پىلان بولۇپ قالدى...ۋانكا① "پەۋقۇلئاددە" مۇز توپ ئايىغى كىيەلمەيدىغان بولدى. نېمە ئالسام بولار؟ ۋانكا ئويۇنچۇقتىن چىقىپ قالدى. ھەببەللى، كىچىك ھەرە ئېلىش كېرەك؛ كىچىك ھەرە ئەرزان، يەنە كېلىپ ئىشلەتكىلىمۇ

① ۋانكا، ۋانيۇشكا ـــ ئىۋاننىڭ كىچىك ئېتى.

بولدۇ، ئېلىپ بەرسەڭ بولاتتى، دېگەنتىڭغۇ...نادېژدا نېمىشقا ئۈچ رۇبلىدىن چاي پۇلى تاپشۇرىدىكەنمىز؟ چاي ۋاقتىدا بولكا ۋە كەمپۈتلەرنى يېمىسەمچۇ...ئولتۇرۇشقىمۇ بەش رۇبلىدىن يىغقان بارمۇ؟ پۇل خەجلەپ ئۈستەلنى لىق توشقۇزىمىزۇ، بۇ نەرسىلەر تۈزۈك يېيىلمەي، ئەخلەت قاچىلىرىدا تاشلىنىدۇ...دەپ چېچىلماقچىمۇ بولدى. ئۇ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋاتىلداپ سۆزلىشىۋاتقان ئىشداشلىرىغا ئۆزىچە ئاچچىقلىناتتى: بۇلار شۇنچە پۇلنى نەدىن تاپىدىغاندۇ؟ بەش رۇبلى، ئون رۇبلىلاپ خەجلەۋېرىدۇ، ئىككى گەپىنىڭ بىرى بولسىلا كىيىم-كېچەكلىرىنى ماختىشىپ كېتىدۇ، ئەمما مەن...ئازراق پۇل خەجلەشكىمۇ بىرمۇنچە باش قاتۇرمىسام بولمايدۇ،...ئۇ بىردىنلا ھوشىنى تاپتى: ياپىر، نېمە بولغاندىمەن؟ قانداق بولۇپ بۇنداق كۈنگە قالدىم، نېمە ئىش بۇ؟ ئۇ بۇ ھەمراھلىرىغا ھېچنېمە دېمەيتتى، ھېلىمۇ بۇ ئاياللارنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى تازا كەلتۈرگەندى، ئۇ بۇ ئاياللارنىڭ تۈگىمەس گەپلىرىگە قۇلاق سالمىدى، باشلىقنىڭ گېپىنى قىلىشقىمۇ تىلى بار-مىدى، ئۇ كۆپرەك ئىشلەشنىلا ئويلايتتى؛ ئۇنىڭ بۆلۈمگە كەلگىنىگە بىر يىلدىن كۆپرەكلا ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، دىنائىدا بىلەن ماگارىستادىن ئېشىپ چۈشۈپ، مەسئۇل ئىنژېنېر بولغانىدى.

— ۋوي، يەنە ئولتۇرىسەنغۇ؟ قولۇڭ ئارام ئالىدىغان كۈنمۇ بولمايدىكەن، — دىنائىدا بۇدرۇققىنە ئېغىر قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى، — چاققان بول، پۇل بەرگىن، — دىنائىدانىڭ قولى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن سىيرىلىپ دۈمبىسىگە چۈشتى.

— بولدى قىلغىنا دىنائىدا، ئادەمنى دائىم مۇشۇنداق تارتقۇش-لايدىكەنسەن! — نادېژدا تېنىنى شارتتىدە يانغا ئېلىۋىدى، دىنائىدانىڭ

قولى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن چۈشۈپ كەتتى.

— دۈمبەڭ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدۇ-دە، ئەركىشى بولغان بولسام، ئۇنداق ئاسان قۇتۇلۇپ كېتەلمەيتتىڭ. قانداق قىلىپ بۇنداق زىلۋا تۇرۇۋاتىسەن؟ مەندىن بىر ياشلا كىچىك بولغىنىڭ بىلەن قىزدەك تۇرىسەن تېخىچە.

— نادىژدا ئاناتولىيېۋنا تاتلىق بولكا يېمەيدۇ، يۈگگا گۈمپىسىنى مەشق قىلىشنى تاشلىمايدۇ، موللاق ئاتىدۇ، — دېدى ئېۋدوكىيا ئېگوروۋنا تۈزلۈك قىلىپ. بىراق، نادىژدا ئۇنىڭ بۇ تۈزلۈك قىلىپ ئېيتقان گېپىنى مەسخىرە دەپ قارىدى.

— ھە، مۇنداق ئىش دەڭلارچۇ؟ — دىنائىدا قولىنى يەنە نادىژدانىڭ يەلكىسىگە قويدى؛ نادىژدا بۇ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بۇرۇنلا پەيدا بولغان بۇ توپنىڭ ئادىتىگە تېخى دېگەندەك كۆنۈپ كېتەلمىگەنىدى، ئۇنىڭ دىنائىدا بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى، ھەر ھالدا ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بولاتتى، ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى.

— مەن بىلەنلا قالدىڭغۇ. ئاڭلىدىڭمۇ گېپىمنى، — نادىژدا مۈرىسىنى لىكىلدىتىپ قويۇپ، سومكىسىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ يىگىرمە بىر رۇبلىنى ساناپ دىنائىداغا بەردى، قالغان پۇلنى ئۈستەلگە تاشلىدى، — قالغىنى شۇ. مۇشۇنىڭغا گېلىمغا ئاش، يېڭى يىللىق سوۋغا-سالام ئالىمەن، ئۆيدىكىلەرنىڭ يېرىم ئايلىق تۇرمۇش راسخودىنىمۇ مۇشۇنىڭدىن چىقىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — ئۇ بېشىنى چايقاپ، ئىستېھزا بىلەن كۈلدى، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇرۇنقى ھېكايە-چۆچەكلەردە ئېيتقاندەك، كوچىدىن كىرمەي يۈرسەم بولغۇدەك.

— ئولېگنىڭ ئەھۋالى قانداق، كېسىلى تېخى ساقايمىغان ئوخ-

شىمامدۇ؟ — سورىدى دىنائىدا ئۇستەلدىكى پۇلغا ئۈرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ.

— ياق، ئۇ ئىشقا چۇشۇپ كەتكەن، — دېدى نادېژدا جاۋابەن، — بىراق، ھازىر ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك نەرسىلەرنى يەيدىغان ۋاقتى، يازلىقتا ساناتورىيىگە بارمىسا تېخى بولمايدۇ.

— ۋىيەي! ساناتورىيىگە ھەرگىز ئەۋەتمە، — دېدى ماگارىتا، — شىللەڭگە مىنىۋالىدىغان بوپقالىدۇ.

— ئۇنىڭ ئېرى ئۆلىگ ئۇنداقلاردىن ئەمەس، باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ، — دېدى دىنائىدا ماگارىتاغا بۇرىلىپ.

— پەيزىلىك بار-دە سېنىڭ، سەنغۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپتىكەنسەن، بىز تېخى ئۇنىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشمىگەن-دە. ئازراق ۋاقت چىقىرىپ بىزگە بىر تونۇشتۇرۇپ قويساڭ بولاتتى نادېژدا، — ماگارىتا كۆزلىرىنى مۇشۇكتەك چىمىلدىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەقلىي ئەمگەكچىلەرگە مېنىڭ بەك مەيلىم كېلىدۇ!

— ئوھو، ماگارىتا سېمىيونوۋنا، كاللاڭدا ئەركىشىدىن باشقا نەرسە يوق سېنىڭ، — دېدى ئېۋدوكىيا ئېگوروۋنا قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن؛ ئۇ ياشقىمۇ چوڭ، مۇشۇ بىرنەچچەيلەننىڭ ئىچىدە ستاژىمۇ ئۇزۇن ئايال ئىدى، ئۇنىڭغا ئىشمۇ، ھەممەيلەننىڭ ئەھۋالىمۇ بەش قولدەك ئايان ئىدى، بۆلۈم باشلىقى يوق چاغلاردا، ئۇ بۆلۈم باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلاتتى، باشقا ئاياللار بىلەن سالاملاشقاندا، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ياكى فامىلىسىنىلا چاقىراتتى. — ئېرىڭ چىقراق ساۋاپ قويىسدى.

— نېمە؟ ئېرىم مېنى ساۋامىدا؟ ئۇچۇ، مېنى تاك قىلىپ چېكىپ

باققان ئادەم ئەمەس! ماڭا قول تەككۈزۈشنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلمايدۇ! — ئاچچىقلانغىنىدىن ماگارىتانىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى يوغىناپ كەتتى، ئۇ يەنە رەددىيە بەرمەكچى ئىدى.

ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان نادېژدا ئۆزىچە كايىپ كۈلۈپ قويدى-دە، ئويلاپ قالدى: "ھەي، كوت-كوت خوتۇنلىرەي، خەقنىڭ ئىشلىرىغىمۇ چات كىرىۋالىسىلەر، كىشىنىڭ شەخسىي ئىش-لىرىنىمۇ بىلگۈڭلەر كېلىپ كېتىدۇ..." بىراق، ئۇ بۇ گەپلەرنى دېيىش نىيىتىدىن ياندى، گەپنىڭ راستى، ھەممەيلەن كىچىككىنە ئىشخانىدا يۈز تۇرانە ئولتۇرسا، ھەممەيلەننىڭ ئىش ئۈستەللىرى ئوخشاش تۇرسا، ئىشخانىدىكى بىر تېلېفوننى ھەممەيلەن تەڭ ئىش-لەتسە، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە، نادېژدا ھېچنېمىگە قىزىقمىسىمۇ، ئېۋدوكىيا ئېگو-روۋنانىڭ ئېرى چوڭ ئەمەلدار ئىكەن، ئۇلار ئىككى بالىسىنى ئوبدان تەربىيىلەپتۇ، بالىلىرى ئالىي مەكتەپنى ئوكۇشلۇق پۈتتۈرگەندە، ئۇلار بالىلىرىنى ئوبدانلا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ، دېگەنگە ئوخشاش خەۋەرلەرنى ئاڭلىغانىدى؛ نادېژدا يەنە ئېۋدوكىيا ئېگوروۋنانىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى، يەيدىغان نەرسە ئېلىش ئۈچۈن ماگىزىنغا بېرىپ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ يۈرمەيدىغانلىقى،... چېچىنى ياسىتىشقا ۋە كىيىم تىكتۈرۈشكە ئېرىنىڭ پىكاپىغا چۈشۈپ بارىدىغانلىقى، مېھمان چاقىرىشقا ئامراق ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ قانداق نازۇ-نېمەتلەرنى يەپ، قانداق ئېسىل ھاراقلارنى ئىچكەنلىكى، نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى بۆلۈمدىكىلەرنىڭ بىلىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى.

ئۇ ماگارىتا سېمىيونوۋنانىڭ ئۆي ئەھۋالىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى:

ئېرى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن شاۋشىياۋ بولۇپ، تۇز سىجەز كەلگەن بۇ شاۋشىياۋ ماگارېتانى ”تويىماس خوتۇن“ دېسە، ماگارېتا ئۇنى ”ئاشپاقا يىگىت“ دەيتتى. ماگارېتا قىرىق ياشتىن ئاشقىنىغا قارىماي، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپ، چېچىنى بۇدۇر قىلىپ، ۋال ـ ۋۇل بېزەك-لەرنى تاقاپ، ياشانغىنىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپمۇ قويماي يۈرەتتى، ھەر يىلى ”ئاشپاقا يىگىتى“دىن دەم ئېلىش كىنىشكىسىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزى يالغۇز ساناتورىيىگە كېتەتتى، ئاشىق تۇتۇشنى بەك ياقتۇراتتى، ئاندىن بۇ ئىشنى ”مەخپىيەتلىك“ قاتارىدا ھەممەيلەنگە دەپ بېرەتتى. نادېژدا ماگارېتانىڭ ئىككى كۈندە بىر ئاشنا تۇتىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى، يېقىندا ئۆزىدىن نەق يەتتە ياش كىچىك ئاشنىسى ماگارېتانى تاشلاپ كېتىپ قالغانىدى، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك تېلېفون بېرىپ، بىر كۆرۈشەيلى دەپ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ يۈرەتتى.

ئۇ دۇنيادا ۋاسىلىيېۋنانىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى: دۇنيا-دا قابىلىيەتلىك چوكان ئىدى، كۈن بويى ئالدىراشچىلىقتا ئۆتەتتى، ئېرى قابىل كىشى بولۇپ، مەلۇم بىر چوڭ زاۋۇتتا سېخ مۇدىرى ئىدى. بۇ شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ يېرىمى دۇنيادا بىلەن تونۇش ئىدى، ئۇ كىشىلەرنى ياراشتۇرۇش ـ ئاجراشتۇرۇش، كىشى-لەرگە گىلەم ۋە ئالىي ئەينەك قاچا تېپىشىپ بېرىش، كىشىلەرنى مەشھۇر دوختۇرغا تونۇشتۇرۇش، يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار ۋە ماددىي ئەشيا تارماقلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغانلار بىلەن ئالاقە قىلىش ئىشلىرىغا چاققان ئىدى.

نادېژدا ئۆزىنىڭ ئۆي ئەھۋالىنى ئىشخانىدىكى ئايال ھەمراھلىرى-نىڭ ئوبدان بىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى، ئالايلۇق، ئۇلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، نادېژدالار ئىچكى ئۆلكىلەردىكى رايون دەرىجىلىك

شەھەردىن كۆچۈپ كەلگەن، ئۇ ئېرى بىلەن ئالىي مەكتەپنى پۈت-
تۈرگەندىن كېيىن يېڭى زاۋۇت سېلىشقا شۇ يەرگە تەقسىم قىلىنغان،
ئېرى كەسپىنى ئۆزگەرتىپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا
كەلگەنلىكتىن، ئۇلار بۇ يەرگە يۆتكەلگەن. ئېرىنىڭ ھازىر ياردەمچى
تەتقىقاتچى دېگەن كەسپىي ئۇنۋانى بار، ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا
تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ. نادېژدانىڭ ھەمراھلىرى
مۇنۇ ئىشنىمۇ بىلىدۇ: نادېژدانىڭ ئېرىگە ئۆي بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى،
ئۇلار شەخسنىڭ ئۆيىنى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇمىز دەپ كۆپ يول
ماڭدى؛ قاتراپ يۈرۈپ جىددىيچىلىكتە چارچىغانىمۇ، ياكى پۇل قىس-
لىقىدىن ئاش-تاماقتىن گالنى قىسقانىمۇ، ئەيىتاۋۇر، ئېرى ئاغرىپ
قالدى. نادېژدا ئەسلى ئېرى بىلەن بىللە تەتقىقات ئورنىغا يۆتكەلگە-
نىدى، كېيىن پۇلنى كۆپ تاپقىلى بولىدىغان، مۇكاپات پۇلىنىمۇ كۆپ
بېرىدىغان بۇ ئورۇنغا يۆتكىلىپ كەلدى. بىراق، ئۇ بۇ ھەقتە ھېچ-
كىمگە بىرنەرسە دېمىگەن، تېلېفوندىمۇ بۇ ئىشنى ئېغىزغا ئالمىغا-
نىدى، ئېھتىمال دىنائىدا بىرەر-يېرىم ئېغىزدىن گەپ ئېلىشۋېلىپ
بىلىۋالغان بولسا كېرەك. ئاياللارنىڭ بىرنى ئۇن قىلىپ كۆرسىتىشكە
ئۇستا ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇمغۇ. نادېژدانىڭ ھەمراھلىرى نادېژدا-
نىڭ بىرئاز چوڭچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ئالدىراش ۋە
مەدەنىيەتلىك كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، — شەھەرگە كۆچۈپ
كېلىپ تۆت كۈن ئۆتمەيلا تىياتىرخانىدا نېمە يېڭى تىياتىر قويۇلى-
دىغانلىقى، قايسى كىنونىڭ كۆرگۈچىلۈكى بارلىقى، قايسى مەشھۇر
سازەندىنىڭ مەزكۇر شەھەرگە كەلگەنلىكى، قايسى ژۇرنالغا قىزىق
ھېكايە بېسىلغانلىقى ۋەھاكازالار توغرۇلۇق ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي
سۆزلەپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان ئادەممەن

دەپ ھېسابلايتتى، ئەمما بۇ يەرگە بىرەر تونۇش ئارقىلىق كەلگەنلىكى جەزمەن ئىدى، نېمىشقا دېسىڭىز، بۇ يەردە ئىش ئېغىر ئەمەس، ئىشخانىمۇ ئىسسىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدارە شەھەرنىڭ مەركىزىدە، بۇ ئەتراپلاردا ئولتۇرۇشلۇق ئاياللار مۇشۇ ئىدارىدە ئۇزاقتىچە، ھەتتا پېنسىيىگە چىققۇچە ئىشلەشنى بەك ئارزۇ قىلىد-شىدۇ، شۇڭا، تونۇش-بىلىشىڭىز بولمىسا، بۇنداق ئىدارىگە كىرد-ۋېلىش ئاسمانغا چىقماقتىنمۇ تەس.

بۆلۈمدىكى يەنە بىرەيلەن يەنى بەشىنچى كىشى تۇغۇت مۇناس-ۋىتى بىلەن دەم ئېلىۋاتقان كاتيا ئىدى، بۈگۈن ئۈچ رۇبلىدىن پۇل يىغىش قىلىشىمۇ سوۋغا-سالام ئېلىپ مۇشۇ كاتيانى يوقلاش ئۈچۈن ئىدى. كاتيا قەلبى سۈتتەك ئاق چوكان بولغاچقا، نادېژدا ئۇنى ياقتۇراتتى، ئۇنىڭ گېپىنى يىرمايتتى، ئۇنىڭغا بەك چوقۇناتتى، باشقا ئاياللار ئۇنىڭغا گەپ ئۆتكۈزەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، كىچىك-كىنە كوللېكتىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندەك غەلىتە ئەھۋال كۆرۈلدى، بۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشىگە قەتئىي يول قويۇلمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى، كاتېرىننا① تېز ئارىدىلا تۇغۇت مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشقا كەلمىدى، شۇڭا ھازىر نادېژدا يەككە-يىگانە بولۇپ قالغا-نىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككىنچى ئايدا ئاۋانس ئىش ھەققى بېرىلگەن كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئېۋدوكىيا ئېگوروۋنا بىلەن ماگازىنا سىرتقا چىقىپ كەتتى، دىنائىدا نادېژدانى ئېپقالدى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

---

① كاتيانىڭ رەسمىي ئېتى.

— ماگا قارىغىنا، ئەزىـزىم، سەل قىسىنچىـلىق تارتىۋاتـقانـدەك قىلىسەن. مەن ساڭا ياردەم قىلىدىغاننىڭ ئامالىنى قىلاي دەيمەن. سەن ئارىمىزدا ئەقىللىق ـ زېرەك قىزسەن. ماتېرىيال مېخانىكىسىنى ياخشى ئوقۇغان بولغىيدىڭ؟ ئېسىڭدە باردۇ؟

— ياق، بىلمەيمەن، — دېدى نادىـژدا ئىشەنـچ قىلالـماي، — ئۇنتۇپ قالمىغاندۇرمەن.

— ئادەم جىق يەردە گەپ قىلىشـنى خالىمىـدىم. سەن يىلـلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى يېزىپ بىرمۇنـچە پۇل تاپالايسەن.

— نېمە ئۇ يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى دېگەن؟

— نېمە بولدى ساڭا، ئەزىـزىم، گويا...ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇ-چىلىرى يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى يازىدۇغۇ، هازىر بۇنداق ماقالىلارنىڭ نەرقى ئۇستۇن. بۇگۇنلا ساڭا بىرنى تېپىپ بېرەلەيمەن. تۈنۈگـۈن بىر دوستۇمـدىن تېلېـفون كەلگەنـدى، ئوغـلى يىلـلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىـسىنى ياخـشى يازالمايۋېتىپـتۇ، ئىمـتىهان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانمىش، ماقالىـنى تاپشـۇرۇشى كېرەك ئىكەن، بولمىسا، مەكتەپـتىن چىقىـرىۋېتىدىـكەن، شۇڭـا دوستـۇم بىزنىڭ لېشىنكاغا ياردەم قىلساڭ، سەن دېگەن سانائەت پەنلىـرى داشۆسىدە ئوقۇغان ئەمەسمۇ! دېدى. ئۇ دوستۇم دوختۇرلۇق قىلىدۇ. ماگا قارا، مەن نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن دېگىـنە، ھەممىـنى ئۇنـتۇپ كەتـكەن تۇرسام. مەنمۇ ئوغۇل باللارنىڭ ياردىمىدە ئوقۇغان. خـۇدا ھەققى، بىر ئادەم تېپىپ بەرسەڭ، مەن ھەق بېرەتتىم، دەپ دوستۇم يالۋۇ-رۇپ كەتتى.

— ياردەملەشەمـغۇ ياردەملىشـۋېرىـمەن، بىراق...ھەق ئالسام قاملاشماسمىكىن، — دېدى نادېژدا ئارىسالدا بولۇپ.

www.uyghurkitap.com

— قويە سېنى، كاللاڭ زامانىنىڭ ئارقىسىدا قاپتۇ! ھازىرچۇ، ھەممە نەرسە پۇل بىلەن بولىدۇ، پۇل بولمىسا، مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار دېگەن باي كىشىلەر، سېنى ياردەمگە چاقىرغاندىكىن، ئاز-تولا بىرنېمە بەرمىسىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. ئەمگەك قىلىشىپ بەرگەندىكىن، ھەق ئېلىش دېگەن ھەقلىقتۇ.

— ئانچە قاملاشمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

— سەنزە، ھەي. مۇنداق قىلايلى، خۇدا ھەققى ياردەم قىل، باشقا گەپنى كېيىن دېيىشەيلى. ھەر ھالدا، دوختۇر بىلەن ئالاقە قىلىپ قويغانىنىڭ زىيىنى يوق. يا ئولېگ ياكى سەن، ئىشقىلىپ بىرىڭلار دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغۇدەك بولساڭلار، لازىمى بولىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇنداق ئىشنىڭ بولمىغىنى ياخشى. ئۇنداق بولسا كېلىشتۇق: ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بىزنىڭكىگە بارىمىز، ئاندىن بۇ ئىش توغرۇلۇق كېلىشىمىز. مارىننا مېنىڭ قوشنام.

## 2

دىنائىدانىڭ ئۈچ ئېغىزلىق ئازادە ئۆيى ئادەتتىكىدەك پاك-پاكىز ئىدى. ئۆيدىكى سەرەمجانلارمۇ دىنائىدانىڭ پىلانى بويىچە جايلاشتۇرۇلغانىدى: پولغا گىلەم سېلىنغان، تامغا گىلەم ئېسىلغان، ئىشكاب-جاۋەنگە ئەينەك قاچىلار قويۇلغان، رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا يۈزلىرى كەڭ ئىككى ئوغۇل بالا بىلەن بىر موماي ئولتۇراتتى. دىنائىدا ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، نادىيېژدا بىلەن ئاشخانىدا بىردەم تۇردى-دە، ئۈنچىقماستىن ۋە كۆرەڭلىگەندەك قىلىپ، ئۆيىنىڭ رەتلىك ئىكەنلىكىنى نادىيېژداغا بىلدۈردى. ئاندىن نادىيېژ-

دانى ياغدا ياغلىغاندەك پارقىرىتىۋېتىلگەن ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ، بىر پىيالە ئىسسىق چاي قويدى — دىنائىدا ئىشتىن چوشۇپ ئۆيگە كېلىپ بولغۇچە ھەممە تەقلەپ قويۇلغانىدى — ئاندىن قوشنىسىغا تېلېفون بەرگىلى دالانغا چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپ، قوشنا ئايال كىرىپ كەلدى. نادېژدا نېمىشقىدۇ بۇ ئايالنى ھەيۋەتلىك، ھەممە ئادەم ھېيىقىدىغان ئايال دەپ قىياس قىلغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياراشقان بەدىنىگە قېنىق رەڭلىك رەختتىن كاستۇم كىيگەن، كاستۇمىنىڭ ئۇستىدىن ئېسىل پەلتو يېپىنچاقلىۋالغان، ئاندا-ساندا ئاق سانچىلغان چېچىنى پارقىرىتىپ تارىۋېلىشى بەستىگە تېخىمۇ ھۆسىن قوشقان ئايال تۇراتتى. يەنە كېلىپ، مالىنا نىكولايېۋنا نادېژدانىڭ ئالدىدا خىجىل بولغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇ ئۇزۇن بارماقلىرىنى قارسىلدىتىپ تۇرماقتا ئىدى، بۇ ھالدىكى مالىنانى نادېژدا بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپمۇ قالدى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئوڭايسىز ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، چىرايىدىن بىرەر ئىپادە بىلىندۇرمەي تۇردى.

— ئەپۇ قىلىڭ، ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم، — دېدى مالىنا نىكولايېۋنا، — نېمە قىلىشىمنى، بۇ ئىش ھەققىدە قانداق سۆزلىشىشنى بىلمەيۋاتىمەن، شۇنداقتىمۇ سىزنى بىزگە ياردەم قىلارمىكىن دەپ تۇرۇۋېتىمەن! ئوغلۇم لېشېنكا مەكتەپتىن ھەيدىلىش خەۋپى ئاستىدا تۇرۇۋېتۇ!

— بولىدۇ. مەن سۆزلەپ بېرەي، ئۆزى يازسۇن.

— يازالمايدۇ، چۈلىسى تەگمەيدۇ! — دېدى مالىنا نىكولايېۋنا، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، — ئۇ ئۆيلەن-

www.uyghurkitap.com

گەن، ئالدىراشچىلىقتا بۇ مەۋسۇملۇق ئوقۇشنىمۇ بىكار قىلىدى.

— نېمىشقا ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىسلەر؟

— ئوغلۇم مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ، دادىسى بەك ئالدىراش. دادىسى دوختۇرخانىدا بىر بۆلۈمنىڭ مۇدىرى، تىببىي ئىنستىتۇتتا دەرسمۇ ئۆتىدۇ، كېيىنكى مەۋسۇمدا ئوغلۇمنىڭ ئوقۇشىنى چىڭ تۇتماقچىمىز، ئەمما ھازىر بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش كېرەك بولۇپ قالدى، — ئۇ پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن مېخانىكا دەرسلىكىنى ۋە بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى.

نادېژدا قەغەزنى ئالدى. قەغەزگە سوئال كىچىك بالىنىڭ خېتىگە ئوخشاش مايماق-سايماق يېزىپ كۆچۈرۈلگەنىدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سورىدى:

— بۇ سوئاللارغا ئۆزەم جاۋاب يازىمەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئەزىزىم، — دېدى قوشنىسىغا ۋاكالىتەن جاۋاب بېرىپ دىنائىدا، — سەن ئاسماندىن چۈشكەن قۇتۇلدۇرغۇچىدەكلا پەيدا بولدۇڭ-دە!

— ماقۇل، مەن يازاي، — دېدى نادېژدا ئامالسىزلىقتىن كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، ئاندىن ئۇ بۇنداق زورمۇ-زور تەلەپ قويۇشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئەدەبسىزلىك بولمىسۇن دەپ رەت قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى، — دەرسلىك كىتاب لازىم ئەمەس، مەندە بار. رەسىم سىزىدىغانغا ئازراق رەسىم قەغىزى لازىم.

— ھازىرلا ئېپكىرىپ بېرەي، — دېدى مالىنا نىكولايېۋنا ئۈستىدىن تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندەك خۇشال بولۇپ. — يەنە...ئەپۇ قىلىڭ، سىزدىن بىرنەرسىنى سوراي: سىز ئىنگلىزچىنى تەرجىمە قىلالامسىز؟

— ھەر ھالدا قىلىمەن، — دېدى نادېژدا مۇرىسىنى لىكىلدىتىپ.
— ھازىرلا كىرىمەن! — دېدى مالىنا نىكولايېۋنا روھلىنىپ ۋە بۇرىلىپلا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.
— ...ھىم، — نادېژدا ئاچچىق كۈلگەندەك بولدى-دە، بېشىنى چايقىدى، — ئۇلار ئەمدى ئوغلىغا قانداق تەربىيە بېرەركىن؟
— ھەي، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئوقۇشنى پۇتتۇرسىلا بولدى، — دېدى دىنائىدا قولىنى شىلتىپ، — بۇ لېشكا①دىن چوڭ ئۇمىد كۈتمەيلا قويغىن. ئۇنىڭغا ياردەم قىل، ئۇ تېخى بەك يۇمران، ھەربىيلىككە يارىمايدۇ.
— يۇمران ئادەم خوتۇن ئالامدىكەن؟ — دېدى نادېژدا كۈلۈپ. ئۇنىڭ ھەتتا بۇ غەلىتە يىگىتنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى.
مالىنا نىكولايېۋنا بىر يۈگەم رەسىم قەغىزى ۋە ئىنگلىزچە پەن-تېخنىكا ژۇرنىلىنى كۆتۈرگەن پېتى ھەسىرەپ-ھۆمۈدەپ يېنىپ كىردى-دە، ژۇرنالنى ئېچىپ، تەرجىمە قىلىنىدىغان ماقالىنى ۋە ئىمىر-چىمىر خەت يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— مەن تەرجىمە قىلىپ باقتىم، — دېدى پوكاندەك قىزىرىپ، — لازىم بولۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، ھە؟
— بولىدۇ، — دېدى نادېژدا سوغۇققىلا، ئاندىن ژۇرنالنى سومكىسىغا سالدى.

## 3

ئادەتتە، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئائىلىدىكىلەر بىللە چاي

---

① لېشېنكا، لېشكا — ئالېكسېينىڭ كىچىك ئېتى.

www.uyghurkitap.com

ئۈچىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى، نادىرەدا ئېرى ۋە ئوغلى بىلەن پاراڭلىشىشنى ئەستىن چىقارمايتتى. ئەمما، بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئۆتتى، پاراڭلاشقۇسىمۇ كەلمىدى. ئوغلى قول ئەمگىكى دەرسىدىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلىشى يەنى ئويۇنچۇق ياسىشى كېرەك ئىدى، بۇ ئويۇنچۇق روزدېستۋو بايرىمىدا ئىشلىتىلىدىغان ئارچا دەرىخىنى بېزەشكە لازىم بولاتتى. نادىرەدا ئوغلىنى ئوبدان ياسىيالمايسەن دەپ، ئويۇنچۇقتىن قۇسۇر تاپتى ۋە ئۇنداق قىلساڭ ياخشى بولىدۇ، بۇنداق قىلساڭ ئوبدان بولىدۇ، دەپ ئۆگەتتى، تاماقتىن كېيىنلا ئوغلىنى تاپشۇرۇق ئىشلەشكە بۇيرۇدى. ئۆي چوڭ بولمىغاچقا، بىر-بىرىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھەركىم ئۆزىگە لايىق ئورۇندا ئىشنى قىلاتتى. ئاخىر، نادىرەدا ئېرى بىلەن رەسمىي سۆزلەشتى، ئۇ ئېرىنى بۇنداق قىلىشمىغا قوشۇلمايدۇ دەپ ئويلايتتى.

— ئاز-ماز پۇل تاپاي دەپ ئىش تېپىۋىدىم، ئولېگ، — دېدى ئىشلەيدىغان جاي چىقىرىش ئۈچۈن نادىرەدا ئۇستەلنى ئېرىغدا- ۋاتقاچ. ئۇ بۇ گەپنى ئوغلى چۈشەنمىگۈدەك قىلىپ دېدى.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ئېرى يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، — پۇل تاپقۇدەك بىكىسىڭ بارلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— دىپلوم ئالماقچى بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ماقالە يېزىپ بېرىمەن.

— ھە؟ — دېدى ئېرى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — مۇشۇ ئالدام خالتىغمۇ چۈشكۈلۈكمۇ؟ بۇنداق قىلىشنىڭ، — ئېرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە مەسخىرە ئاھاڭىدا ئۇنىڭغا ئاستا دېدى، — ئۆزەڭنىڭ بىلىمىنى دەستەك قىلىپ ئېپلاس سودا قىلغان-

لىق بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىدىڭمۇ؟

— بولىدىلا. چوكچىلىق قىلمىسىڭىزچۇ. ماڭا پۇل كېرەك. مەن سىلەرگە... — نادىېژدا قولى بىلەن هاۋاغا يىپ باغلانغان قوتىنىڭ رەسىمىنى سىزدى.

— ماڭا يەتمىش-سەكسەن رۇبلىلىق گالىستۇك سوۋغا قىلساڭلا بولىدى. بۇنىڭدىن ئارتۇق سوۋغات بولمايدۇ.

— بىرمۇنچە گالىستۇك سوۋغا قىلدىمغۇ. بەربىر چىگمەيسىز.

— ماكسىچۇ ئاپا، "پەۋقۇلئاددە" ماركىلىقنى سوۋغا قىلغىن، — دېدى ئوغلى ئويۇنچۇقنى پۇشۇلداپ ياساۋېتىپ، — ماقۇل دېلىپ بېرەي، دېگەنتىڭغۇ.

— شۇنداق... ئۆزەڭمۇ سوۋغات ئالماقچىدىم.

— ياق، ساڭا مەن ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى ئېرى.

— ئىككى رۇبلىلىق ئەتىر سوۋغا قىلامسىزا؟

ئېرى بۇرۇلۇپ، نادىېژداغا تىكىلىپ قارىغىنىچە دېدى:

— ناد①، نېمە بولدۇڭ؟ تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپسەنغۇ. بۇ هەقتە سۆزلەشمىدۇقمۇ. ئاساسلىقى ئۇمىدسىزلەنمەسلىك، قەتئىي-قەيسەر بولۇش كېرەك. بۇ جاهان ئۇزاق جاهان، نى-نى ئىشلارنى قىلۋېتىمىز تېخى.

— ئولېگ، مېنىڭ كاللامدىكىنى بىلەمسىز؟ دىپلوم ئېلىۋېلىش يولىغا چۈشكەنلەرنى ئاياپ نېمە كەپتۇ. ئۇلارنى بەربىر تەربىيىلەپ ئەيۋاشقا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. جاۋاب بېرىڭچۇ، نېمە ئۈچۈن خەقنىڭ هەممە نېمىسى تەل، بىزنىڭ هېچنېمىمىز يوق؟

---

① نادىېژدانىڭ كىچىك ئېتى.

www.uyghurkitap.com

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى ئېرى قەتئىي تەلەپپۇزدا ۋە كۆزى بىلەن ئوغلىنى ئىما قىلىپ، دىققەت قىلىشنى ئۇقتۇردى.

— يەنە بىر گەپ، ئۆزىڭىزگە دەم ئېلىش كىنىشكىسى تېپىڭ، — دېدى نادېژدا بىرپەس ئويغا چۆككەندىن كېيىن.

— بىراق، ناتيا①!...

— "بىراق" دەيدىغان گەپ يوق، داۋالىنىش كېرەك ـ تە.

— ساناتورىيىگە بارغۇم يوق. ئويلاپ باققىنا، ئۇ يەردە ئاشنا ئىزدەپ يۈرگەن ئاياللار ساماندەك تۇرسا.

— ئۇغۇ شۇنداق. گەپىڭنىڭ راستى، مېنىڭمۇ سىزنى ئەۋەتكۈم يوق. بىز بىلەن ئىشلەيدىغان ماگارىتا بۇنداق ساناتورىيىلەر توغرۇلۇق كۆپ گەپلەرنى قىلىپ بەرگەن!... ماقۇل دەڭ، كىنىشكىدىن بىرنى تېپىڭ، ئۈچىمىز بىللە بارايلى، ۋانيوشكا ئىككىمىز شۇ يەردىن ئورۇن تېپىپ جايلىشىۋالارمىز. پۇل كىرگۈدەكلا ئىش بولسا، مەن ياق دېمەي قىلىۋېرىمەن، رەنجىسىڭىز رەنجىۋېرىڭ! — ئۇ ئۇستەلنى ئېرىغداپ بولدى، — بولدىلا، ئارتۇق گەپ قىلىشمايلى، ئۆز ئىشىمىزغا كېلەيلى! — ئۇ ئولتۇرغان ئېرىنىڭ ئارقىسىغا يېقىن كېلىپ، كەينى تەرەپتىن ئېرىنى قۇچاقلىدى، — "مەن بىلەن بىرلىك، مەن بىلەن بىللە بىرلىك، مەندەك يۇۋاش ۋە سادىق چاكىرىڭىز بىلەن بىرلىك..." — ئۇ ناخشا ئېيتقانمۇ، گەپ قىلغانمۇ ئوخشىمايدىغان ئاھاڭ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز غىڭشىپ، ئېرىنىڭ چېچىنى مېھرى بىلەن سىلىدى. — بۇ ئىنگلىزچە ماقالىنى سىز تەرجىمە قىلىڭ، تەرجىمىدە مەندىن سىز ياخشى، ھېچ كۆچۈرمەيلا تەرجىمە قىلىۋې-

---

① نادېژدانىڭ كىچىك ئېتى.

تىسىز، بۇ سىزگە گىمناستىكا ئوينىغاندەكلا ئىش.
بۇرۇن ئېرى بۇنداق چاغلاردا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ قويىۋاتتى، ئەمما بۇگۈن ئۇنداق قىلمىدى، ئورنىدىن قىمىر-لىماي ئولتۇرغىنىچە بېشىنى قىيسايتىۋالدى.
— نادكا، مېنى يامان يولغا باشلىغىنىڭغۇ بۇ.
— تەرجىمە قىلىشقا، ئالىك، ماقۇلمۇ؟ — دېدى نادېژدا يەنىلا ئۇنىڭغا قىزغىن بولۇپ، — مېنى دەپ بولسىمۇ ماقۇل دېۋەتكە.
— ماقۇل، قېنى ئەكەل، نېمە ئىكەن ئۇ؟ — ئېرى غۇدۇراپ قويۇپ، كىتابنى بىر چەتكە ئېلىپ قويدى.

## 4

دېمىسىمۇ، ئىككى بەتلىك ماقالىنى تەرجىمە قىلىش ئېرىگە ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى، بىر سائەتكىمۇ قالماي ژۇرنالدىكى ئىككى بەتلىك ماقالىنى تەرجىمە قىلىپ بولدى. لېكىن، ئىرماچ-چىرماچ يېزىپ تەرجىمە قىلغان ئارگىنالنى پاكىز كۆچۈرۈپ چىقىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى.
— بولدىلا، ئۇلار ھۇرۇن ئۆگىنىپ قالمىسۇن، ئۆزى كۆچۈرۈ-ۋالسۇن، — دېدى ئېرى.
نادېژدا ماتېرىيال مېخانىكىسىغا دائىر ماقالىنى يېرىم كېچىگىچە يېزىپ يۈرۈپ ئىككى ئاخشامدا يېزىپ بولدى. بىرىنچى ئاخشىمى ئۇنتۇپ كەتكەن بەزى نەرسىلەرنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ يۈرۈپ تېمىنى چۈشەندۈرۈپ چىقتى. ئەمما، يازغانىسىرى ئۆزىنى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىرنەچچە يىل خىزمەت قىلغان خىزمەتچى ئەمەس،

ئوقۇۋاتقان قىزدەك، ئەتىلككە ئىمتىھان بېرىدىغاندەك ھېس قىلدى،
ئۇ يازغىنىدىن قانائەتلەندى: ئۇنى يەنە تېمىنى چۈشەندۈرۈشتە
يولۇقىقان قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىپ تاشلىشىغا كۈچ بەخش ئەتكەن
بۇرۇنقىدەك بىر خىل تۇيغۇ چۇلغىۋالدى، ئۇ تېمىنى چۈشەندۈرۈپ
يازغانسېرى، پورەكلەپ ئېچىلغان غۇنچە گۈزەللىكىنى نامايان
قىلغاندەك، مەنتىقىدىكى گۈزەللىكنىڭ نامايان بولغانلىقىنى
ھەقىقىي ھېس قىلاتتى. ئىككىنچى ئاخشىمى ئۇ رەسىم سىزدى.
رەسىم سىزىشمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى، ئۇ رەسىم سىزىشقا ئامراق
ئىدى. ئاندىن ئېرى تەرجىمە قىلىپ بەرگەن ماقالىنى كۆچۈرۈپ
چىقتى. ئۇ ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى.
ئۇ ئۈچىنچى كۈنى كېچىتىكە ئورالغان بولاقىنى دىنائىدانىڭ
ئالدىغا قويدى-دە، "پۇتتى" دېدى. ئەتىسى نادېژدا كۇتۇپخانىدىن
بىر قوللانمىنى ئارىيەت ئالغىلى بېرىش ئۈچۈن ئىشخانىدىن چىققاندا
دىنائىدامۇ ئارقىسىدىن چىقتى-دە، كارىدوردا ئۇنى چاقىرىپ
توختاتتى.
— ئىش ھەققىڭنى ئال، — دېدى ئۇ نادېژداغا ئوتتۇز رۇبلىنى
تۇتقۇزۇپ، — ئوتتۇز رۇبلى.
نادېژدا پۇلنى ئېلىپ ھەم خىجىل بولدى، ھەم سوۋغا-سالام
ئېلىشقا پۇل تېپىلغىنى ئۈچۈن يېنىكلەپ قالدى، ئۇ پۇل قولىغا
تەگكىچە بۇنچىلىك پۇل كېلىشىگە ئانچە ئىشەنچ قىلالماي كەلگەنىدى. ئۇ پۇلنى دەرھاللا كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سالدى-دە،
ئىتتىك مېڭىپ كەتتى، بىراق، دىنائىدا ئۇنى چاقىردى:
— توختاپ تۇرغىن، گېپىم بار. ساڭا يەنە بىر ئىش تېپىپ
قويدۇم، ھا-ھا-ھا!

— بولدى بەس، ئەمدى ھېچكىمگە ئىشلىشىپ بەرمەيمەن.
— نېمە بولدۇڭ، ئەزىزىم، ساڭا ياردەم قولۇمنى سوزۇۋاتسام!
— بىرنەچچە كۈندىن بېرى بەك چارچاپ كەتتىم.
— ئىمتىھان باشلانغىچە پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئوبدان ئىشلىۋېلىپ، كېيىن ئارامخۇدا دەم ئېلىۋالماسەن! بۇ قېتىم مەن ئىش تېپىپ قويغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى خېلى ئېغىر-بېسىق ئادەمدەك قىلىدۇ، ئۆزى قىرىق-ئەللىك ياشلاردىكى قېرى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تېخى، ھا-ھا! ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا ئوقۇيدىكەن! ئويلاپ كۆر، نادكا، ئىككىمىز يەر ئاستى شىركىتى قۇرۇۋاتىمىز جۇمۇ! سەن — ئىجراچى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ يەر ئاستى شىركىتىنىڭ مېكىسى؛ مەنچۇ، مەن دېگەن بىر دەللال، توغرا ئېيتتىمۇ، ھا-ھا؟ ئىككىمىز ماقالە يېزىش كەسپى ئاچتۇق! بۇ كەسپتە ئىشلەپچىقىرىش توختىماي ئىشلەش ئۇسۇلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.
— كېيىن بىزنى تۈرمىگە تاشلايدۇ دېگىنە.
— نېمىشقا؟ ئۇنداق قانۇن يوق! ماڭا قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلىۋېتىمەنەي. ۋۇجۇدۇم كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىۋاتىدۇ ماڭا!
— ماڭا قارىغىنا، دېنائىدا، بۇ ئوتتۇز رۇبلىدىن پىرسەنت ئالىراسەن؟ — دېدى نادېژدا سەل ئوڭايسىزلىنىپ.
— ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، مۇشۇنداق قىلىشقا ھەۋەسلىنىپ قالدىم! مەن بىرنەچچە دوست تۇتۇۋالغىنىمغا رازى، كېيىنچە ئۇلار ئەسقېتىپ قالىدۇ. شۇڭا، يەنە بىرنەچچە كۈن جاپا تارتقىن، نادكا، ئوقۇش مەۋسۇمى ئاياغلاشسىلا، تەتىل قويۇپ بېرىمەن سېنى، ھا-

ھا: بۇگۇنچۇ، سەن بىزنىڭكىگە يەنە بىر بارغىن، ھېلىقى ۋىرىنى كۆرسىتىپ قويای!

نادىژدا بىشىنى سىلىپ تۇراتتى... ۋانيوشكىغا تەنتەربىيە كىيىمى ئېلىپ بەرسەمغۇ ياخشى بولاتتى؛ يەنە كېلىپ ياز ۋاقتى چىقىم جىق بولىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ئۇ ئادەم نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

— كىچىك بىر زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەن، ئۇ زاۋۇتنىڭ ئىسمىنى ساڭا دېمەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئادەمنىڭ ئېتىنىمۇ ساڭا دېسەم بولمايدۇ. ئويلاپ باقە، ئۇ ئادەم تىلغا ئېلىنمايدىغان بىر ئورۇندا نۇرغۇن يىل ئىشلەپتۇ، كېيىن ئۇنى بىردىنلا زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ قويۇپتىكەن، ئۆزىنىڭ دىپلومى يوقلۇقى تۈپەيلىدىن ئۇ ئادەمنىڭ ئېسىگە كەپتۇ. ھەممە نېمىسى تەل ئىكەنۇ، دىپلومى يوق ئىكەن. دىپلوم بولمىغاندىكىن ئىشىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىكەن، چىك-چىك گەپ قىلغىلى بولمايدىكەن، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە ئوقۇش ئېسىگە كەپتۇ. ماتېرىيال مېخانىكىسى ۋە مېخانىكىغا دائىر ماقالىسىنى ئۇنىڭ ئىنژېنېر ئوغلى توغرىلاپ بېرىدىكەن، ئەمما ئوغلى نەزەرىيە جەھەتتە ئانچە ئەمەسكەن، شۇڭا ئۇ ئادەم ئىشەنچلىك، ئىشنى پۇختا قىلىدىغان قەلەمكەشتىن بىرنى تېپىپ بەرسىڭىز دېدى. مەن سېنى تونۇشتۇردۇم، ياردەم قىلغىن! سەن ياردەم قىلمىساڭ، باشقا بىرى ياردەم قىلىدۇغۇ، بىراق سەن پۇلغا بەكرەك موھتاج. بىر رۇبلى خەجلىگەندىمۇ قوللىرىڭ دىر-دىر تىترەپ كېتىدىكەن، بۇنداق ھالىڭنى كۆرسەم، ئىچىم بەك سىرىلىپ كېتىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە بۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىم بار دەيسەن؟... تېلېفون بېرىپ قوياي، بولامدۇ؟

— بولدۇ، تېلېفون بېرىپ قويغىن، — دېدى نادېژدا جاۋابەن،

## 5

ئۇ ئادەمنى قېرى دېگىلى بولمايتتى، ئۇ ئوتتۇرا بوي، بۇلجۇڭ كۆشلىرى چىڭ، كاستۇم-بۇرۇلكىسنى رەتلىك كىيگەن، گالىستۇك تاقىغان، ئاق كىرگەن چېچىنى قىسقا ياساتقان ئادەم ئىدى، ئانچە ھېسسياتچان ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. ئۇ نادېژدانىڭ قولىنى چىڭ ۋە ئىشەنچ بىلەن قىستى-دە، ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— گېنادى ستېپانوۋىچ.

ئۇ كەم سۆز ئىدى، گەپنى گويا ئالدىرىماي تېپىپ، ئاندىن بىر-بىرلەپ قىسىپ چىقىرىۋاتقاندەك، سوزۇپ-سوزۇپ قىلاتتى. كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى كەلتۈرۈپ "ئۆھۆ... ئۆھۆ..." دەپ قۇرۇق يۆتىلىپ قويىدى. ئۇ بۇ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆز گېپىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچى ئىدى.

دىنائىدا بۇ مېھماننى دەپ بالىسى بىلەن مومىسىنى تېلېۋىزور كۆرگىلى قويماي مېھمانخانىدىن چىقىرىۋەتتى. دىنائىدا چاي ئېلىپ كىرگەندە، گېنادى ستېپانوۋىچ ئۇنىڭغا:

— دىنوچكا، ئىككىمىزنى ئايرىم ئولتۇرغۇزۇشقا بولامدۇ، نادېژدا ئاناتولىيېۋنا بىلەن پاراڭلىشۋالسام. — دېدى.

— ۋاي بولمامدىغان، ئەلۋەتتە بولىدۇ، گېنادى ستېپانوۋىچ! — دېدى بۇ گەپتىن ھەيران قالمىغان دىنائىدا كۆزىدىن ئوت، چېھرىدىن ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان كۈلكە ياغدۇرۇپ، ئاندىن

بىردەمدىلا غايىب بولدى.

— مەنچۇ، نادىژدا ئاناتولىيېۋنا، ئۆزەمنى ياشىنىپ قالغان ئادەم دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي ۋە ئارىلىقتا يۆتىلىپ قويۇپ نادېژداغا، — ئوقۇپ باقمىغىلى ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كېتىپتۇ، ھازىر ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئوقۇۋاتىمەن. ئوقۇش ئىستاژى بولمىسا، ئىشنىڭ تەس بولىدىغانلىقىنى سىزمۇ بىلىسىز. شۇڭا، ئوقۇشقا مەجبۇر بولدۇم، قارىغۇنى ياردا قىستاڭ، دېگەندەك ئىش بولدى. ئەمەلىيەت قىسمىنى ئۆزەم بىر ئامال قىلىپ يازارمەن. ئۇنى ئۆزەم يازاي. نەزەرىيە قىسمى چاتاق تۇرىدۇ، نەزەرىيىدە پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىسادقا چېتىشلىق جايلار بار. بۇنداق گەپلەرنى بىر يەرگە يىغىپ ئۇلاشتۇرۇشقا تەرتىپ بوشراق تۇرىدۇ. چەت ئەلچىسىنىمۇ بىلمەيمەن. نادېژدا ئاناتولىيېۋنا، سىز مەن ئىزدىگەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنسىز. سىز ماڭا ئۇزاقىچە يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بولسىڭىز. بۇ گەپلەرنى دىنائىدا سىزگە دېگەندۇ؟

— دېدى.

— ماقۇل دەمسىز؟

— ھەئە، كېيىن نېمە بولۇشىغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن. كۆرۈپ باقمايمىزمۇ، — دېدى نادېژدا غۇدۇراپ، ئۇ نېمىشقىدۇ بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا سەل قورۇنغان ئىدى.

— بەك بەلەن بولدى، ئاۋال ئىشنى مۇنداق باشلايلى، — دېدى گېنادى ستېپانوۋىچ كاستۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بىرگە پەلسەپە سوئالى ۋە قانداقتۇر بۇ سوئالغا ئائىت كۆچۈرۈلگەن تىزىس، ھەتتا پايدىلىنىلىدىغان كىتابلارنىڭ ئىسمى قاتار قىلىپ رەتلىك پۈتۈلگەن، يەنە بىرگە نەزەرىيىۋى مېخانىكىغا ئائىت سوئاللار يېزىلغان ئىككى

ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ نادىيژداغا بېرىۋېتىپ.

— ئىشنى كاداڭدىن سوراڭ، دېگەن گەپ بار، ھى-ھى، مەن بەك ئېھتىياتچانمەن، — دېدى گېنادى ستېپانوۋىچ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ چاغدا نادىيژدا ھېلىقى ئىككى ۋاراق قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى؛ گېنادى ستېپانوۋىچ ئىشەنچ بىلەن گەپ قىلغاندى، چىرايىدىن كۈلكە ياغاتتى، ئۇ تېخى شوخلۇق قىلىپ نادىيژداغا قاش ئېتىپمۇ قويدى. — سىز ماڭا يېزىپ بېرىدىغان نەرسىنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزەم قايتا كۆچۈرىمەن. يەنە كېلىپ بىلىۋالمسام بولمايدۇ. بولمىسا، سوراپ قالسا، بىلمەيمەن دەپ تۇرسام چېنىپ قالىدۇ-دە، ھى-ھى. ھە راست... بۇنىڭدىن باشقا، سىزگە قويىدىغان ئۈچ شەرتىم بار. ئۈچ شەرت، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ نادىيژداغا ئۈچ بارمىقىنى كۆرسەتتى، — بىرىنچى، بۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا بولىۋاتقان ئىش، شۇڭا ھېچكىمگە تىنماڭ، ئەلۋەتتە، دىنوچكا ئۆز بولغاچقا بىلىدۇ. ئۇنىڭسىز بىر ماڭدامۇ ماڭالمايدىغانلىقىمنى سىزمۇ بىلىسىز كېرەك. ئىككىنچى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز يۈز كۆرۈشمەيمىز، ئىش بولسا دىنوچكا ئارقىلىق ئالاقە قىلىپ تۇرىمىز. ئۈچىنچى، سىزگە نەق پۇل بەرمەيمەن، پۇل بەرسەم ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، سودىلاشقان بولۇپ قالىمىز، بۇنداق بولسا ياخشى بولمايدۇ، بۇ جەھەتتە مەن تەجرىبىلىك، ماڭا ئىشىنىڭ. مەن سىزگە سوۋغا بېرىمەن، بۇنىڭدىن سىز ئوبدانلا رازى بولىسىزغۇ دەيمەن.

نېمە قىلارىنى بىلمىگەن نادىيژدا "ماقۇل" دەۋەتتى. ئۇ ئەسلىدە: ماڭا ھەممىدىن بەك نەق پۇل لازىم، دېمەكچى ئىدى، ئەمما ئېغىزىدىن چىقىرىش تەس كەلدى. ئۇ: بەلكىم قىممەت ئەتىر سوۋغا

قىلار، ئەرخەقىنىڭ ئەقلىگە يەنە نېمە كەلسۇن؟ دەپ ئويلىدى بىراق، نادىژدا ئەتىرنى نېمە قىلار؟

گېنادى ستېپانوۋىچ نادىژدانىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق سىقتى-دە، تەمكىن ۋە ئېغىر-بېسىق هالەتتە چىقىپ كەتتى. دىنائىدا ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، بىردەمدىلا مېهمانخانىغا كىرىپ كەلدى.

— هەي نادكا، ياردەم قىلغىنا! مالىنا نىكولايېۋنادىن هازىرلا: لېشكا مەكتەپتىن كەلدى، ئىنگلىزچىدىن ئۆتۈپتۇ، ماتېرىيال مېخانىكىسىدىن بەزى نەرسىلەرگە جاۋاب بېرەلمەپتۇ، دەپ تېلېفون كەلدى، بېرىپ باقايلى، سەن بېرىپ سۆزلەپ بەرگىن! — دىنائىدا نادىژدانىڭ قولىدىن تارتىپ دالانغا ئېپچىقتى، ئۇلار كىيىنىشتى.

## 6

مالىنا نىكولايېۋنانىڭ ئۆيىمۇ دىنائىدانىڭكىدەك سەرامجانلاشتۇرۇلغانىدى: تامغا گىلەم ئېسىلغان، پولغىمۇ گىلەم سېلىنغان، شكابىقىمۇ ئەينەك قاچىلار تىزىلغان بولۇپ، ئۆي جاهازلىرىنىڭ هەممىۋاسى ۋاللىداپ تۇراتتى، تېلېۋىزورمۇ بار ئىدى. مالىنا نىكولايېۋنا غۇلچىنى يېيىپ، قىزغىن كۈلۈمسىرىگىنىچە نادىژدانى قەدىناس دوستىدەك قارشى ئالدى. بىراق، ئۇنىڭ كۈلكىسىدە ياخشىچاق كۆرۈنۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، شۇڭا، نادىژدا هەرقانچە قىلىپمۇ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتەلمىدى. مالىنا نىكولايېۋنا ئوغلى لېشىنكانىڭ ئىنگلىزچە ئىمتىهاندىن ئۆتكەنلىكىنى (بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نادىژداغا رەهمەت ئېيتتى)، ماتېرىيال مېخانىك-

سىدىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى، شۇڭا نادېژدانى قىچقىرىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— ئۇنداقتا، ئوغلىڭىز ھازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى نادېژدا پەرۋاسىزلا.

— ھازىرلا چاقىراي، مانا ھازىرلا، — دېدى مالىنا نىكولايېۋنا ئۇنى دەرھال خاتىرجەم قىلماقچى بولۇپ، ئاندىن ئوغلىنى چاقىردى: — لېشا! ھوي لېشېنكا! مايەرگە كېلە!

ئۈچ ئايال زەڭ قويۇپ تىڭشاپ تۇردى، ياندىكى ئۆيدىن پەس مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى، بەزى غاژ-غۇژلارمۇ ئاڭلىناتتى، دېمەك، ئۇنىڭ ئالغۇ قويۇلۇۋاتاتتى.

— ئىززا تارتىۋاتقاندۇ تايىنلىق، بىز چىقايلى، — دېدى مالىنا نىكولايېۋنا نادېژداغا، — دىنوچكا، سەن ئولتۇرۇپ تۇرغىن، ھە.

مالىنا نىكولايېۋنا يەنە بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى چەكتى.

— كىرسەم بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — ئۆيدىن بىر يىگىتنىڭ بوم ئاۋازى كەلدى.

مالىنا نىكولايېۋنا ئۆيگە كىرىپ كەتتى، نادېژدامۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردى.

ئۇزۇن سافادا ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى: بىرى، پايپاقلىق پۇتىنى كېرىپ، ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا چوڭ ئۈنئالغۇنى قويۇۋالغان ئۇزۇن بويۇن، يوغان جۇغدىيەكلىك، ئېگىز يىگىت بولۇپ، سافاغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، ئۈنئالغۇدىكى لېنتا چۆگىلىمەكتە ئىدى. سېرىق چاچلىق، بۇرۇت ۋە ساقىلى ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغان بۇ يىگىت ئانىسىغا ئوخشايتتى. يەنە بىرى، نېپىز ئەترەڭ كوپتا ۋە سۇس كۆكرەڭ تار

شىم كىيىۋالغان پاكار، دوغىلاقىنا قىز بولۇپ، كوپتىسىدىن ئىچىن-
دىكى لىپتىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، پۇتىنىڭ تىرناقلىرىغا لاك سۇرتىۋال-
غان بۇ يالاڭئاياق قىز يىگىتكە چاپلىشىپ، پۇتىنى ئالماپ ئولتۇراتتى،
ئۇ سۇزۇك ۋە قىزىل يۇزىگە ئۇپىنى بولغۇچە سۇرتكەنلىكتىن
قونچاقتا، پارپور ھەيكەلگە ئوخشاپ قالغانىدى.

— لىشا، بۇ چوكان ساڭا ماقالە يېزىشىپ بىرىدىغان نادىژدا
ئاناتولىيېۋنا. ساڭا ماتېرىيال مېخانىكىسىنى سۆزلەپ بەرمەكچى.
ئورنۇڭدىن تۇرساڭمىغۇ ياخشى بولاتتى، ھە؟

لىشا ئۇنئالغۇنى ئۆچۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى.

— مەن ئىشىڭلارغا كاشىلا بولمەنمۇ قانداق؟ — قىز سورىدى.

— ياق، كاشىلا بولمايسەن، — دېدى لىشا دەرھاللا.

— ئۆيگە مەرھەمەت، — دېدى مالىنا نىكولايېۋنا نادىژداغا، ئاندىن
نادىژدانى ئۆيگە باشلاپ كىردى ۋە دەپتەر-كىتابلار قالايمىقان
قويۇلغان بۇلۇڭدىكى يېزىق ئۇستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى، —
لىشا، ماقالەڭنى ئەكەلگىن، — دېدى مالىنا نىكولايېۋنا ئۇستەل
ئۇستىدىكى نەرسىلەرنى ئىتتىك يىغىشتۇرغاچ ئوغلىغا.

ئوغلى رەسىم قەغەزلىرىنى دەرھاللا ئەكەلدى، بىراق ھېساب
سوئاللىرى يېزىلغان قەغەزلەرنى بىرھازاغىچە تاپالمىدى، ئاخىر
بۇرجەكلىرىگە ۋاللىداپ تۇرغان مېتال پارچىلىرى ئورنىتىلغان،
كىشىلەر "دىپلومات" چامادانى دەپ ئاتىشىدىغان چامادانىنىڭ ئالدىدا
زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئىزدەشكە باشلىدى، چامادانىنىڭ ئىچى قەغەزلەر
بىلەن تولغانىدى. ئانىسىمۇ ئىزدىشىپ بەردى، ئالدىراش ئىز-
دىگەچكە، ئىزدىگەنسېرى تاپالمايۋاتاتتى.

بىكار ئولتۇرۇپ قالغان نادىژدا قىزغا سەپسىلىشقا باشلىدى.

ئادىتى بويىچە، ئۇ ئۆز تۇيغۇسىغا ئاساسەن بىر كىشىنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشىنى بىلەتتى، ئېگىلىشىپ قالماي دەپ، ھازىر قىزغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشنى تېخىچە بىلەلمەيۋاتاتتى.

— سىزمۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇمسىز؟ — سورىدى قىزدىن.

— مەنمۇ؟ ياق. — دېدى قىز مورىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ.

— ئىشلەمسىز ؟

— ياق. بىز يېقىندىلا توي قىلغان، — دېدى قىز، بۇ جاۋابىنى بەك ئاددىي ھېسابلىغان، بۇنداق دېيىشىنىڭ سەل ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى دەرھال ئېسىگە كەلتۈرگەن بولسا كېرەك، يەنە چۈشەنچە بەردى، — كېلەر يىلى تىببىي ئىنستىتۇتقا ئىمتىھان بېرەي دەۋاتىمەن، — قىز مەدەت بېرەمەدىكىن دېگەن ئۈمىدتە مالىنا نىكولايېۋناغا لەپپىدە قارىۋالدى، بىراق قېيىن ئانا ئوغلىنىڭ ئاچچىق بىلەن چامادانىنى ئاختۇرۇشلىرى، قەغەزلەرنى پولغا تاشلاشلىرىغا قاراپ تۇراتتى.

— ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالسىڭىز قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى نادېژدا سوغۇق كۈلۈپ؛ قىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەن نادېژدا بىردىنلا يۈزىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ، سافادا قىڭغىيىپ ئولتۇرغان بۇ قىزدىن قاتتىق سەسكەندى.

— نېمىشقا ئۆتەلمەيدىكەنمەن؟ — دېدى قىز نادېژدانىڭ سوئالىدا يامانلىقتىن بىشارەت بېرىدىغان مەنىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ يەلكىسىنى سىلكىپ قويۇپ، — ئوبدان تەييارلىق قىلىپ، جەزمەن ئۆتىمەن!

— سىزنىچۇ، سىزنى مەكتەپ ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، سىزنىڭ ئىشلىمەي، ئوقۇماي بىكار يۈرگىنىڭىزگە نەق بىر يىل بولغان

تۇرسا.

ــ كېلەر يىلى ئۆتەلمىسەم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلمۇ چەرمەن ئۆتەرمەن! تىببىي ئىنىستىتۇتتا ئوقۇغىنىم ئوقۇغان! ــ قىز بۇ گەپلەرنى نادېژداغا تەككۈزۈۋېلىش ئۈچۈن قىلغانىدى، ئۇ نادېژداغا قاراپ قويدى.

دۇرۇس، ئۇ چوقۇم ئىمتىھاندىن ئۆتىدۇ، بۇ ئاسان، يەنە كېلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دوختۇر بولۇپمۇ قالىدۇ! نادېژدانىڭ تېنى غۇژژىدە بولدى: ياپىر، لىشانىڭ ئاتا-ئانىسى كېلىنىنىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆزلىرى ھۆددىگە ئېلىشى مۇمكىن! ھەي لىشا، ھۇرۇن، دۆت لىشا، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشىم كېرەك، ئۆزەم ماقۇل بولغان ئىشنى قىلىپ تۈگىتىشىم كېرەك. مۇشۇلارنى ئويلاپ، نادېژدا كاللىسى ئىشلىمەيدىغان بۇ قىزغا ۋە ھېلىقى دۆتكە ئانچە يىرگىنمەيدىغان بولدى، ئۇ ئەمدى كۆرۈنۈشىدىن ئوڭلۇق، تۇرمۇشنى راھەتتە ئۆتكۈزىدىغان ئانا ــ مالىنا نىكولايېۋنانى بەكرەك يامان كۆرۈۋاتاتتى؛ بۇنداق ئادەم باشقىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالايدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلىشتا دۆتلۈك قىلىپ كۈلكىگە قالىدۇ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپلا قالىدۇ. بۇلارنى ئويلاپ، ئەتىگەندىن بېرى يانچۇقىدا تۇرغان ئوتتۇز روبلى ئۈچۈن ئەمدى خىجىل بولمايدىغان بولدى، ئۇنىڭ قەلبىدىن، ئەكسىچە، بىزارلىق ۋە مەنسىتمەسلىك تۇيغۇسى ئورۇن ئالدى: ئۇلاردىن پۇل ئېلىش كېرەك، جىقراق ئېلىش كېرەك، بۇنداق ئادەملەرگە پۇل دېگەن ھېچنېمە ئەمەس، تارىختىن بۇيان نادانلىق شاھخو ۋە مەسخىرىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا تۈزۈت قىلىپ نېمە كەپتۇ؟ ئۇلاردىن پۇلنى جىق ئالمىسا، بۇنداق



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەملەرچۇ، خەقتىن پايدا ئالدىم دەپ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ!
ئاختۇرا-ئاختۇرا، ئىزدە-ئىزدە، لېشا ئاخىر سوئال يېزىلغان قەغەزلەرنى تاپتى، نادېژدا لېشاغا بىر سائەتكىچە سەۋرچانلىق بىلەن دەرس ئۆتتى. ئاندىن مالىنا نىكولايېۋنا بىلەن دىنائىسدا كەچلىك تاماق يەپ، چاي-پاي ئىچىپ كېتىشنى ئېيتتۇيدى، نادېژدا قەتئىي ئۇنىمىدى ۋە ماشىنا بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

## 7

ئۇ كەچ سائەت توققۇزلاردا ئۆيىگە كەلگەندە ئولېگ ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىكەن، ۋانيوشكا ئۆيدە يوق ئىدى. ئولېگ ئۇنى ياندىكى ئاغىنىسىنىڭكىگە تېلېۋىزور كۆرۈشكە چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇلار تېلېۋىزور ئادەمنى بىكار قىلىۋېتىدىكەن دەپ، تېلېۋىزور سېتىۋالمىغانىدى، ۋانيوشكىغا ھەپتىدە بىر-ئىككى قېتىملا كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىشقانىدى، ئۇنىڭدىن جىق كۆرسەتمەيتتى. ئەمما، نادېژدا ئۆيدە بولمىغان ئاخشاملىرى ئولېگ ئۇنى مەيلىگە قويۇپ، ئۇنىڭ جىقراق كۆرۈۋېلىشىغا رۇخسەت قىلاتتى. بۇ توغرۇلۇق نادېژدا دائىم ئېرىدىن خاپا ئىدى. بۈگۈنمۇ ئاچچىقلاپ غۇدىراپلا كەتتى:
— نېمىشقا ماقۇل دېدىڭىز؟ بىز كېلىشىۋالغانغۇ! بۇنداق قىلغىچە، بىزمۇ تېلېۋىزور ئالايلى، خەقنىڭ ئۆيىگە چىقىۋەرسىمۇ، خەق بالىنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ!
— ياخشى گەپ، ئەتىلا ئالايلى، — دېدى ئولېگ قىلىۋاتقان ئىشنى توختىتىپ، ئاندىن نادېژداغا بۇرالدى. — ئەتە كاستۇم-بۇرۇلكا، پەلتولارنى ساتاي، كىتابلارنىمۇ ساتاي، چوڭ، مۇنداق

چوڭ، ــ دېدى ئۇ غۇلچىنى يېيىپ، ــ تېلېۋىزوردىن بىرنى ئالايلى، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويايلى، ئۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدا بولسۇن، بىزنىڭ ئورنىمىزدا تەپەككۇر قىلسۇن، سۆزلىسۇن، ھۇزۇر قىلسۇن. بىز ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ زاپچاسلىرى بولايلى، ــ ئولېگ باش قاتۇرۇپ مۇشۇنداق تىكەنلىك گەپلەرنى تاپقانىدى.

ــ بولدى، بولدى، گەپ قىلمىدىم، بولدىمۇ، ــ دېدى نادېژدا ئىتتىك كىيىم يەڭگۈشلەۋېتىپ، ــ تاماق يېدىڭلارمۇ؟

ــ يېدۇق.

ــ مەن تاماق يەۋالاي، سىز يېنىمدا بىللە بولۇڭ، ــ دېدى نادېژدا تېخى سوۋۇپ قالمىغان تاماقنى ئۈستەلگە قويۇۋېتىپ.

ئولېگنىڭ نارازى بولغانلىقى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، نادېژدانىڭ ئۇدۇلىدا بىر قولىنى ئېڭىكىگە تىرەپ ئولتۇردى. بىرنېمىلەرنى دەپ غوتۇلدىغاندىن كېيىن، زەردە قىلدى:

ــ تاماق يەۋاتقىنىڭدا كۆڭلۈڭنى ئاچىدىكەنمەن-دە؟

ــ ياق، بىللە ئولتۇرساقلا بولىدى. سىزگە قارىۋالاي. ئاچچىقىڭىز كەلمەس؟

ــ كەلمەيدۇ. مېنىڭ تومۇرلىرىم ھازىر ئۆلۈكنىڭكىدەك جىم.

ــ ئاچچىقىڭىز كېلىۋېتىپتۇ. قولىدىن ئىش كەلمەس خوتۇنىڭىزنى يوقاتتىڭىز-دە.

ــ يوقاپ كەتسە تېپىلىدۇ، قاراڭغۇدا يىڭنە ئىزدىگەندەك تەسكە چۈشمەس. مەن تاپالمىسام، خەق تېپىشىپ بېرىدۇ.

ــ كۈنلەۋېتىپسىز-دە؟ قېنى كۆرۈپ باقايچۇ، قانداق كۈنلەيدىكەنسىزكىن، ــ نادېژدا پات-پات ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى، ــ

ئاچچىقىڭىز كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىۋېتىپتىمەن،

— سەن ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويدۇڭ. قارىسام، سەنىمۇ ئۆيگە چىرايىڭ تۇتۇق كىردىڭغۇ.

— مەن؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! سىزگە شۇنداق بىلىنگەن ئوخشايدۇ. بولدى، خاپا بولماڭ، قارىڭە، بىرنەرسە ئېلىپ كەلدىم! — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوتتۇز رۇبلىنى ئۈستەلگە تاشلىدى، — ئىككى ئاخشاملىق ھەققىمىز. ئاز ئەمەستۇ؟ ئىشەنمەي تۇرغانتىڭىزغۇ.

ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، بىر قولىنى سوزۇپ، ئېرىنىڭ بۇرنىنى چاقچاق قىلىپ سىقتى، — ئەمدى يېڭى يىلنى ئوبدان ئۆتكۈزىدىغان بولدۇق!

— جايىدىغۇ، — دېدى ئېرى ئۇنىڭ قولىدىن ئۆزىنى ئېپقېچىپ زورمۇ-زور ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، — بۇ روژدېستۋو بوۋايىنىڭ بىزگە قىلغان سوۋغىسى بولغاي.

— مەنچۇ، يەنە بىر ئىشقا ماقۇل دېدىم، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ.

ئولېگ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كاجلىق بىلەن بېشىنى سالدى.

— ماڭا قارا، نادكا، — دېدى ئۇ، — مەن بۇنداق ئىشتىن بىزارمەن، بۇ قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپتەك تۇرىدۇ. ھېچ بولمىغاندا، بۇ تەييارتاپلىق، ھەتتا ھۇرۇنلارغا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈش بولىدۇ، بۇ ياخشى ئەمەس. بۇنداق ئىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشمىگەن ئىدۇققۇ.

— مەن ئۆچۈن بەرىبىر، ئالىڭ؛ مەن ۋىجدانىغا زىت ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، خاتىرجەم بولۇڭ. يېڭى يىلنى ئوبدانراق

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۆزسەك، خۇشال-خۇرام ئۆتكۆزسەك دەپلا شۇنداق قىلىۋاتىمەن. ۋانيۇشكىغا بىر قۇر كىيىم ئېلىپ بەرمەكچى، سىزگە ئوبدان يېمەكلىك-لەرنى ئېلىپ بەرمەكچى، سىزنى ساناتورىيىگە ئەۋەتمەكچى. ئۆزەم بىر قۇر كىيىم تىكتۇرەي دەۋاتىمەن، سىلەرنى ھەرقاچان خۇشال ۋە بەختلىك ياشايدىغان قىلماقچىمەن. مۇشۇنچىلىك قىلىشقىمۇ ھەققىم يوقما مېنىڭ؟ كۆردىڭىزغۇ، مەن مۇشۇنداق ئەسكى، تويماس! بىراق، باشقا يول بىلەن پۇل تېپىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— سەن، پۇل بولسا، بەخت دېگەن شۇ، دەيدىكەنسەن-دە؟

— پۇل بولمىسا، بەختلىك بولغىلى بولمايدۇ.

— ئەمىسە بۇرۇن نېمىشقا غىڭ قىلماي يۈردۈڭ؟ يالغاندىنمۇ؟ بىز بۇرۇن پۇلنى بۇنداق مۇھىم بىلىپ كەتمەيتتۇق، پۇل تېپىشنىڭلا كويىغا كىرگەنلەرنى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان بىچارىلەر دەيتتۇق، مەنپەئەتپەرەسلىك قىلمايمىز، ئۇنىڭغا يېقىن يولمايمىز دەپ قارايتتۇق، كۆڭلىمىزدىكىنى بىر-بىرىمىزگە دەپ، گۈزەل نەرسىلەرگە تەلپۈنەتتۇق. بۇنى بىلسەڭ كېرەك. بىزنىڭ ياشىشىمىز ياخشى يېيىش، ياخشى كىيىنىش، ياخشى ئارام ئېلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ھاياتتا بۇنىڭدىن يۈكسەك نىشان بولىدۇ، بىزنىڭ بەختلىك بولۇشىمىزنىڭ كاپالىتى ئەنە شۇ! سېنى بۇ يولغا كىم باشلىدى؟ مېنىڭمۇ كېيىن پۇلۇم بولىدۇ، ئەمما مەن بۇ پۇلنى نۇرغۇن ئەمگەكلەر بەدىلىگە تاپىمەن، مەن ئاخىر بۇنى قىلالايمەن! سەن ھازىر پۇلغا شۇنچە موھتاج ئىكەنسەن، مەن ئەتىلا پەن تەتقىقات خىزمىتىدىن ۋازكېچىپ، ھازىرقى ئىشىمدىن ئىستىپا بېرىپ، بىرەر زاۋۇتتا سېخ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىسەممۇ بولىدۇ. بەزى ئورۇن-لارنىڭ مېنى تەكلىپ قىلغانلىقىنى، ماڭا جىق ئىش ھەققى

بىرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ساڭا ئېيتقانىدىم. مەن ئاخشاملىرى ئېخىنكۇملارغا دەرس ئۆتسەممۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ، ساڭا پۇل تېپىپ بېرىمەن، ھالال پۇل. سېنىڭ ئاچكۆزلۈكىڭگە تايىنىپ جان بېقىشنى خالىمايمەن.

نادېژدا قاچىنى نېرىغا سۈرۈپ قويۇپ، ئىككى مۇشتۇمى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ، خۇنۇك كۆزىنى ئولېگقا ئۇزاققىچە تىكىپ قارىدى. چىرايى ئۆڭگەن ئولېگ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى.

— ئالىك... — دەپ پەس ئاۋازدا ئېرىنى چاقىردى ئۇ، ئاندىن پىلىموتتەك توختىماي سۆزلەپ كەتتى، — سۆيۈملۈكۈم، ۋارقىراش-مىساق قانداق؟ نېمە بولغىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، مەن ئۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلمايمەن. ئەمما، مەن يەنە...يەنە بىرنەچچە ماقالىنى پۈتتۈرمىسەم بولمايدۇ. پۇلخومار بولۇپ قالدىممۇ، بىلمەي-مەن، ئەمما، پۇل بولمىسا بىچارە بولۇپ كېتىدىكەنمەن، ئۆزەمنى بەختسىز دەپ ئويلايدىكەنمەن، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىم ئاجىزلى-شىدىكەن. گادايلىقنى ئۆتۈۋېرىپ، شۇنداق بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، ئەپۇ قىلىڭ مېنى.

— ھەي، ناتيا، ئىش ئۇقمىغىنىڭنى قارا سېنىڭ! — دېدى ئولېگ ئەپسۇسلىنىپ، — بىز بىر-بىرىمىزگە مەدەت بېرىشىمىز لازىم، بولمىسا، تۈگەشكىنىمىز شۇ، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ بىر-بىرىمىزگە سۆيۈنۈشىمىز، ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى توسالغۇلارنى، بىزنى پاتقاققا سۆرىمەكچى بولغان قەبىھ كۈچلەرنى تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ تۈگىتىشىمىز كېرەك. تۇرمۇش دېمەك كۈرەش دېمەكتۇر. بۇغۇ كونا گەپ، ئەمما ئەستىن چىقارماسلىق لازىم. ئۆزىمىز ئۈچۈن، باشقىلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز، ئېگىزدىراق

تۇرۇپ، پاكراق، ئەقىللىقراق بولۇشىمىز لازىم!

ــ مەنمۇ كۆرەش قىلىۋاتىمەنغۇ، ئالىك! مەن ھەرقاچان سىز بىلەن بىللە، ــ نادىيژدا ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، ئىشنىڭ سۆزلەپ كەتتى، ــ ئەمما مەن يەنە بىرنەچچە ماقالىنى پۈتتۈرۈۋەتسەم بولامدۇ؟ بۇنداق قىلىشىم ئۆزەمنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئۆزەمنىڭ پۈلنى پاخالدەك ئىشلىتىدىغانلاردىن قابىل ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالسامىمۇ رازى ئىدىم! يەنە كېلىپ، بۇنداقتا مېگىمنى چىنىقتۇرغىلى بولىدۇ، بۇ ئىشنى قىلمىسام، كاللام ئىشلىمەس بولۇپ قالىدۇ! خوتۇنىڭىزنىڭ كاللىسى ئىشلىمەس بولۇپ قالسا، بۇنىڭ سىزگە نېمە كېرىكى؟ ــ ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولېگنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، تىزىدا ئولتۇرىۋېلىپ قۇچاقلاپ، يۈز ـ كۆزىگە چوكۇلدىتىپ سۆيگىلى تۇردى.

دەل شۇ چاغدا ۋانيوشكا خۇشاللىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ــ ھە، ئاپا، سالام! قۇچاقلىشىۋېرىدىكەنسىلەرغۇ؟ زېرىكمەمسىلەر؟ مەنچۇ، سىلەرگە ئېيتسام بارغۇ، ھازىرلا بىر كىنو كۆردۈم، بەك قىزىق ئىكەن! ئوھو، قورسىقىم يەنە ئېچىۋاتىدۇ!

## 8

گېنادى ستېپانوۋىچقا ھېلىقى ئىككى ماقالىنى يېزىپ بېرىشكە تۆت ئاخشام كەتتى. ماقالىنى يېزىش قىيىن چۈشكەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكەچكە، ئىش ۋاقتىدا ئازراق ئىشلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

بۆلۈمدىكى ئايال سەپداشلىرىمۇ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇش ۋە پاراڭلىشىشتىن باشقا، شەخسىي ئىشلىرىنىمۇ ئاز-تولا قىلىشۋالاتتى. نادېژدا بۇنداق قىلمايتتى، بۇنداق قىلىشقا قولى بارمايتتى، بۇنى نامۇۋاپىق دەپ قارايتتى. بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، ئۇ زاۋۇت ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن، ئۇ چاغدىمۇ بۆلۈمدىكىلەر ئاياللار ئىدى، ئەمما زاۋۇتتا قاچانلا بولمىسۇن ئىش تېپىلىپ تۇراتتى، بالىسى ياكى ئۆزى ئاغرىپ قېلىپ، ئىشقا كېلەلمەيدىغان چاغلىرى بولغاچقا، ئادەتتە ئازراق بىكار ۋاقىت بولسىمۇ ھەممەيلەن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئىش تېپىپ قىلاتتى، ھېچكىم باشقىلارغا ئېغىرىنى ئارتىشنى خالىمايتتى؛ بەزەندە پاراڭلاشسىمۇ، پاراڭ كۆپىنچە خىزمەت توغرۇلۇق بولاتتى.

ئۇ بۇ يەردە سەپداشلىرىنىڭ كۈنىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋاتقىنىغا تولىمۇ ئېچىناتتى، ئۆزەم يالغۇز ئىككى-ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىپ بولىدىكەنمەن، شۇلارغا بەرگەن ھەقنى ماڭا بەرسە، جەزمەن شۇنداق قىلاتتىم! بۇ ئۆزەمگىمۇ، باشقىلارغىمۇ پايدىلىق ئىدى! دەپ ئويلايتتى. بىراق، بۇ ھەقتە كىمگە ئېغىز ئاچىدۇ؟ بۇ ئىشنى ئېغىزىدىن چىقىرىدىغان بولسا، ئايال سەپداشلىرى تىل-ھاقارەتكە كۆمۈۋېتىدۇ، گىدىيىۋالدى، ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى ۋەھاكازا دەيدۇ. بۆلۈم باشلىقىغا ئېيتىشنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق، كۈنلەپ-كۈنلەپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇرسا، بۇ ئەپتىگە بىرنېمە دەپ بولاتتىمۇ؟ ئۇ نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ ئاياللار ئۇنىڭ قېشىغا كىرىشتىن خىجىل بولاتتى، بۆلۈم باشلىقى چاقىرمىسا، ئاياللار ئادەتتە ئۇنىڭ قېشىغا كىرمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، نادېژدامۇ تەپتارتماستىنلا ئىش ۋاقتىدا ھېلىقى ماقالىلىرىغا ئىشلىگىلى تۇردى.

www.uyghurkitap.com

ئەمدىلا تۇتۇش قىلىۋىدى، ماگارىتا كېلىپ بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئەركىلىگەندەك بىر خىل ئاۋازدا سوزۇپ سوزۇپ سۆزلىدى:

— ئوھو، نادېژدا ئاناتولىيېۋنا، نېمە گەپ بۇ؟ ماقالە يېزىپ كېتىپسىزغۇ؟ سىزنىڭ كاللىڭىز ئۆتكۈر بولغاندىكىن...

ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەيلا ئويلىنىپ قالدى: "بىلىۋالغان ئوخشىمامدۇ، دىنائىدا ئېيتىپ قويغانمىدۇيە؟...ھىم، ئۆزەمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام بولمىدى!..."

— ئېرىمگە دوكتۇرلۇق دىسسېرتاتسىيىسى يېزىشىپ بېرىۋاتىمەن، — نادېژدا شۇنداق دەپ يالغان ئېيتتىيۇ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

ئايالLAR ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك، ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ بەك تۆۋەن، شۇڭا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىقىپ مۇتەخەسسىس بولۇۋالسىمۇ، ھېچنېمىنى قىلالمايدۇ، قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشقىلى تۇردى. ھېچ ئىش قىلمايدىغان بۇ ئايالLARنىڭ ئىش قىلىشنى خالىمايدىغانلار ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ، نادېژدانىڭ كۈلگۈسى كەلدى. نادېژدا ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالغاچ ماقالىنى تارتمىغا سالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئېلىپ چىقمىدى.

نادېژدا يېزىپ بولغان ماقالىنى دىنائىداغا بېرىۋېتىپ سوۋغات ئالمايدىغانلىقىنى، نەق پۇل ئالىدىغانلىقىنى ئىما قىلدى، دىنائىدا بۇنىڭغا جاۋابەن:

— بەلى، ئەزىزىم، سوۋغاتنى تەييار قىلىپ قويغان تۇرسا، قايتۇرىۋەتكىلى بولمايدۇ، گېنادى ستېپانوۋىچ بۇ جەھەتتە گېپىدە

تۇرىدىغان ئادەم. مەن ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىلىپ قويىدۇم، زىيان تارتمايسەن، يېڭى يىل سوۋغىتى تۇرسا. — دېدى ۋە ئۇستەلنىڭ ئاستىدىكى چوڭ بوغجۇمىغا پۇتىنى تەككۈزۈپ كۆرسەتتى.

بۇ دەل چۇشلۇك تاماق ۋاقتى بولۇپ، ئىككىسىلا قالغانىدى. دىنائىدا بوغجۇمىنى تارتىپ چىقىرىپ نادىيېژداغا بەردى. بوغجۇما ئېغىر ئىدى. "ئوھو، پەيۋەردىگارا، ھايانكەش ھۆپىگەر بولۇپ قالدىمغۇ" دەپ ئويلىدى ئۆكۈنۈپ. ئىچىدە نېمە باردۇ دەپ ئېچىۋىدى، شۇ زامات گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، بوغجۇمىدا براندى ھارىقى، شامپان ھارىقى، ناھايىتى نەپىس قاچىلانغان شاكىلات كەمپۈت ۋە بىرنەچچە كىلوگرام ئاپېلسىن تۇراتتى. نادىيېژدا دەرھاللا ھېسابلاپ چىقىپ، كۆلۈپ قويدى، بۇ نەق ئوتتۇز رۇبلىلىق نەرسە ئىدى.

— ئەجەبمۇ جىق ئېپسىنا ئالىي يېمەكلىكلەرنى؟ — نادىيېژدا ئۆزىنىڭ ئىشنى ئويلاۋاتسمۇ، ئىرەنسىزلىك بىلەن دىنائىداغا دېدى.

— ئەخمەقلىقىڭنى قارا سېنىڭ، — دېدى دىنائىدا ئۇنى زاڭلىق قىلىپ، — بۇلار دېگەن قىس مال لار! ئىشەنمىسەڭ، يېڭى يىلدا ئۆزەڭ ئېلىپ باقە! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئوتلۇق كۆزىنى چىملىدىتىپ قويدى، ئۇ خۇشاللىقىدا ئىككىنچى خەۋەرنى ئېيتىشقا تەقەززا بولۇپ تۇراتتى، ئەمدى ئۇ بايىقى سۆزىگە قوشۇپ قويدى، — ماڭا قارىغىنا نادكا، ساڭا يەنە جىق ئىش تېپىپ قويدۇم. ھەممىسى مال ساتقۇچىلار، پۇل دېگەننى قومۇرۇپلا ئالسەن-دە! ئەسلىدە ھەممىسى دېگۇدەك ئىشتىن سىرت ئوقۇۋېتىكەن، بەزىسى سودا، بەزىلىرى ئىگىلىك كەسپىدە ئوقۇۋاتىكەن! بىر چالمىدا ئىككى

www.uyghurkitap.com

پاختەك سوقۇش دېگەن شۇ: پۇلمۇ تاپىسەن، ئۇلار بىلەن تونۇشۇپمۇ ئالىسەن. بۇلارغا چىلىك يېپىش، ئاۋال سېنى تامارا بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياي دەيمەن، ئاخشاملىقتا ئېلگىرىكىدەكلا بىزنىڭكىگە بارغىن.

— ماقۇل، — دېدى نادىيژدا بوغجۇمىنى ئۆزىنىڭ ئۈستىلىنىڭ ئاستىغا ئاپىرىپ قويۇپ پەرۋاسىزلا؛ دىنائىدانىڭ ئۆزىنى نۇرغۇن قېتىم نادكا دېگىنى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى: بۇ بەك ھۆرمەتسىزلىك ئەمەسمۇ؛ بۇنداق ئاتاش يانچۇقچىنىڭ لەقىمىدەك، ”ھايانكەش نادكا“ دېگەندەك ئاڭلىنىدىكەن، يا بولمىسا، ”ئاردىن نەپ ئالغۇچى نادكا“ دېگەندەك ئاڭلىنىدىكەن...كاللىنى تىكىپ قويۇپ ھايانكەشلىك سودىسى قىلىش... بىلىمنى دەسمايە قىلىپ ھايانكەشلىك سودىسى قىلىش...ئۇ بەربىر پات ئارىدا بۇنداق ئىشتىن قول ئۈزەمەنغۇ دەپ، بۇنداق ئۆز كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان ئىشلارنى يەنە ئويلاپ ئولتۇرمىدى. پىكرى بوغجۇمىغا كەلگەندە، مەيلىلا، يېڭى يىلدا ئاتا-بالا ئىككىسىنى بوغجۇمىدىكى نەرسىلەر بىلەن بىر مېھمان قىلىۋەتمەيمۇ، دەپ ئويلاپ قالدى...

## 9

چۆرىسىگە گۈللۈك پەۋەز تۇتۇلغان ياغلىق ئارتقان تامارا ياقىسى يۇمشاق سۆسەر تېرىسىدىن قىلىنغان پەلتوسىنىمۇ يەشمەستىن، دىنائىدا مېھمانخانا ئورنىدا ئىشلىتىدىغان ئاشخانىدا ئولتۇراتتى. ئېگىز، بەستلىك، سېرىق چاچ، مىقتا بۇ ئايالنىڭ پىگورىسى دىنائىدانىڭكىگە بەك ئوخشاپ كېتەتتى، ئۇنىڭدىن تومپايراق كۆرۈنەتتى، خالاس؛ يۈزىگە ئۇپىنى جىققىدە سۈرتكەن بولۇپ،

نەچچە ياشلارغا كىرگىنىنى دەماللىققا جەزملەشتۈرگىلى بولمايتتى، يەگىرمە بەشلەردىمىدۇ، ئوتتۇز بەشلەردىمىدۇ، بىرنىمە دېيىش تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستەلگە قويۇۋالغان سېمىز قولىنىڭ بارماقلىرىغا يوغان-يوغان ئۈزۈكلەر سېلىنغانىدى. كالپۇكىنى قىپقىزىل قىلىۋېلىشى ئۇنى شاللاق چوكاندەك كۆرستەتتى؛ قاپقارا كىرپىكلىرىگە سۈرمە سۈرگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. كۆك كۆز بۇ ئايال نادىرژدانىڭ كۆزەينىكىگە، ئاددىيغىنا چاقماق رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلىكىگە، بوياق سۈرتۈلمىگەن تىرنىقىغا، ئۈزۈك سېلىنمىغان تەمەچتەك قوللىرىغا ئەدەبسىزلىك بىلەن سەپسېلىپ چىقتى. تامارانىڭ نەزىرىدە، نادىرژدا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىدىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ "ھەدىسلىرى"دىن ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە "بىلىملىك"لەردىن ئىدى.

— قانداق ماقالە يازدۇرىسىزكىن؟ — دەپ گەپنىڭ ئۇچۇقىنى ئېيتتى ئۇ تۈزۈت قىلماستىن ۋە بىھۇدە چۈشەنچە بېرىپ تۇرماستىن.

— ئىقتىسادشۇناسلىق جەھەتتىكى ماقالە، — دېدى تامارا.

— بىرنىمۇ؟

— ھەئە، بىرنى، ۋاقتىنچە بىرنى.

— ئوتتۇز رۇبلى بېرىسىز، — دېدى نادىرژدا. ئوتتۇز رۇبلى بېرىشكە چىدىمىسا، ئىشنى قىلسۇن، تىت-تىت بولۇپ، ئوچاق بېشىدىكى چۈمۈلىدەك بولۇپ كەتمىگىنىنى كۆرەي، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىنتايىن يىرگىنىپ.

— ئوتتۇز رۇبلى ئالسىڭىز ئېلىڭ، پۇلىنىڭ ئىشى چاغلىق، — دېدى تامارا كۆزىنى چىمىلداتقاندەك قىلىپ، — ئىتتىكرەك پۈتكۈزۈپ بەرسىڭىزلا بولغىنى.

www.uyghurkitap.com

— تېمىنى دەپ بېرىڭ.
تامارا بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ نادېژداغا بەردى. نادېژدا قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ:
— ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە تاپشۇرىمەن، — دېدى.
تامارا ئورنىدىن تۇردى.
— نەگە بارىسەن؟ چاي-پاي ئىچىپ ماڭمامسەن! — دەپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنى توختاتتى دىنائىدا مۇلايىملىق بىلەن.
— نېمە دېدىڭ دىنائىدا ۋاسىلىيېۋنا، نېمشقا چاي ئىچىدىكەنمەن؟ چولام يوق، ئىچكۈممۇ يوق، — دېدى تامارا، — كەتكىنىم تۈزۈك تۇردۇ، چاي ئىچكىلى كېيىن كېلەرمەن.
دىنائىدا تۈزۈت گەپلەر بىلەن ئۇنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن، يېنىپ كىرىپلا نادېژدانى ئەيىبلەپ كەتتى:
— نېمە قىلغىنىڭ بۇ...ھېچ بىلەلمىدىم! ئەلۋەتتە، سىلەر بىر تېپتىكى ئادەملەردىن ئەمەس، لېكىن ئۇ دېگەن مال ساتقۇچى-دە، بۇلارغا ئىمكان بار سىلىق مۇئامىلە قىلغان ياخشى. زامانىمىزدا ئۇلار ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان كىشىلەر!
— ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزەمنى تۆۋەن تۇتقۇم كەلمىدى، — دېدى نادېژدا جاۋابەن، — ئۇنىڭ پۇلىنى ئالسام بولىدى، باشقا نەرسىگە موھتاج ئەمەسمەن.
— گەپىڭ راستى، سەن زاماندىن بەك ئارقىدا قېپسەن! — دېدى دىنائىدا ئاھ ئۇرۇپ.

## 10

پۇتۇشكىنى بويىچە، نادېژدا يېزىپ پۈتتۈرگەن ماقالىنى ئۈچ

كۆندىن كېيىن دىنائىداغا تاپشۇردى. بۇ ماقالىنى يېزىش ئۈچۈن، ئۇ شەھەرلىك كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب ئارىيەت ئالدى، كىتابتىن بىرمۇنچە نەرسىنى كۆچۈردى، ئەيتاۋۇر، خېلى ئاۋارە بولدى، ئىش ھەققىغە ئوتتۇز رۇبلى ئېلىش ھەقلىق ئىدى. ئاخىرقى كۈنى كېچىدە كۆز يۇمماي چىقتى دېسىمۇ بولىدۇ. قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان چۈس مىجەزلىك نادېژدا تامارىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئادا قىلىشقا بەلباغلىغانىدى. ئۇ ئولېگ بىلەنمۇ نېرى-بېرى بىرنېمە دېيىشىپ قالمىدى، ئەمما ئولېگ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلا بولغانىدى. "ئەزىزىم، يەنە بىرئاز تاقەت قىلغىن" دەپ يالۋۇراتتى ئېرىگە تىكىلىپ، ئەمما ئېرى خاپا ھالدا ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە دىنائىدا ئىش ھەققىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى، ئەمما چۈشتە سائەت ئون ئىككىدە دىنائىداغا تېلېفون كەلدى، دىنائىدا نادېژدانى يېنىغا چاقىرىپ:

— سەن بىر-ئىككى ئېغىز گەپلەشكىن، — دېدى.

نادېژدا تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

— ھە، سىز نادېژدا ئاناتولىيېۋنامۇ؟ مەن سىزگە ماقالە يازدۇرغان تامارا! — تۇرۇپكىدىن ئايالنىڭ سىلىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاۋاز گويا بىرنەرسىگە ھاجىتى چۈشكەن، ياخشىچاق بولۇشقا تىرىشۋاتقان ئادەمنىڭكىدەك سىپايە ئىدى، نادېژدا ھېلىقى توك تامارانىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. — ئىش ھەققىنى ئالغانسىز؟

— ھەئە، ئالدىم. نېمە بولدى؟ — سورىدى ئۇدۇللا نادېژدا. ئىشخانىدا باشقا ئاياللار بولغاچقا، مۇشۇنداق سورىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ماقالە يېزىپ بەرگىنىڭىزگە مىڭ رەھمەت! يەنە بىرنەچچىنى يېزىپ بېرەرسىزمۇ؟
— ھازىرچە بىرنى دېگەنتىڭىزغۇ.
— يە...يەنە بىر ئادەمگە كېرەك ئىدى!
— ئۆزى مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، — دېدى نادېژدا ئوچۇقلا، ئۇنىڭ بۇ تامارا بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشكۈسى يوق ئىدى.
— بولىدۇ، ئېيتىپ قوياي.
نادېژدا تۇرۇپكىنى قويۇپ، ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.
ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندە، گىروي، ئېگىز، قارىمۇتۇق، قارا كاستۇم-بۇرۇلكا، كاستۇمىنىڭ ئىچىگە ئېگىز ياقىلىق نېپىز قارا تىۋىت كۆڭلەك كىيىۋالغان، قارا چاچلىرىنى بۇدۇر قىلغان، قاپقارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، قاپقارا بۇرۇتىنى چىرايلىق ياساتقان، ساقىلىنى پاكىز قىردۇرغان (ساقىلىنى قىردۇرغاندىن كېيىن ئېڭىكى كۆكۈش بولۇپ كۆرۈنەتتى) بىر ئەركىشى ئىشخانا ئالدىدا پەيدا بولدى، بۇ كىشىنىڭ كۆپ ئەجىر بىلەن ئوبدان تىكىلگەن كالتە جۇۋىسىلا جىگەررەڭ ئىدى. بۆلۈمدىكى ھەممە ئاياللار بىراقلا ئۇنىڭغا ھەيرانلىقتا قاراشتى، لېكىن ھەيرانلىقىنى چىرايىدىن بىلىندۈرمىدى.
— ئوھو، گېئورگى ئىئونوۋىچ! قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىزنى بۇ يەرگە؟ — دېدى دىنائىدا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە ئويناپتتى، ئۆزىمۇ بىردىنلا جانلىنىپ كەتكەنىدى، — مەرھەمەت، گېئورگى ئىئونوۋىچ!
— ھە، دىنوچكا، ياخشىمۇ سىز! — دەپ كۈلدى قارا كىيىملىك ناتونۇش كىشى، ئۇ كۈلگەندە ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈندى. ئۇ

ئىشخانىغا كىرمەيلا، ھەممە ئايالغا ئوبدان كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئۇنىڭ نەزىرى ئاخىردا نادىرىدادا توختىدى.

— نادىرىدا ئاناتولىيېۋنا سىزمۇ؟ — دېدى ئەركىشى ئەدەب بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. — سىزنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، ئازراق ۋاقتىڭىز چىقارمۇ؟

نادىرىدا بىردەم تەئەججۇپلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى-دە، قەلەمنى ئۇستەلگە ئاستا قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستەل ئارىلىقىدىن ئۆتتى، باشقا ئاياللار نادىرىداغا قاراپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى ناتونۇش ئەر ئىشىكنى يېپىۋەتتى، ئىككىيلەن كارىدوردا كېتىپ بارماقتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا دېرىزىدا مېڭىپ، ياق، مېڭىپ ئەمەس، ئۇنى چىققاندەكلا سەكرەپ-تاقلاپ يېتىپ كەلدى. بۇنداق ئىشلاردىن قالسا قانداق بولىدۇ؟ ھېلىقى ناتونۇش ئەر بىلەن نادىرىدا ئاستا كېتىۋاتاتتى، دېرىزىدا ئارقىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ۋاتىلداپ كەتتى:

— ۋاي-ۋۇي، گېئورگى ئىسئونوۋىچ، بىزنى كۆرگىلى كەلگىنىڭىزگە خۇشال بولۇپ قىنىمىزغا پاتماي كېتىۋىدۇق، بىز بىلەن بىردەم ئولتۇرۇشقىمۇ چولىڭىز تەگمىگۈدەك ئالدىراش ئوخشىمامسىز!

— شۇنداق، دېرىچكا، مەن بەك ئالدىراش، بولمىسا، سىزدەك گۈل قىز بىلەن بىللە ئولتۇرمايتتىممۇ! ئولتۇرغاندىمۇ ئۇزاققىچە ئولتۇراتتىم دەڭا! قاچانلا كۆرسەم، مۇشۇ چىرايلىق پېتى تۇرىسىز ئۆزىڭىز! — دېدى ناتونۇش ئەر قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئاندىن نادىرىداغا دېدى:

— سىزنى ماڭا تامارا تونۇشتۇرغان. بىر ئىش بىلەن ئالدىڭىزغا كېلىۋىدىم: ماڭا بىرقانچە ماقالە يېزىش كېرەك بولۇپ قالدى. مەنچۇ، — ئۇ نادىرىداغا يان تەرەپتىن قاراپ، ئىشەنچ بىلەن ھىجىيىپ.

www.uyghurkitap.com

قويدى، ــ گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن دېگەن ھۆرۈن ئوقۇغۇچى، ئوقۇش نەتىجەم ناچار. ئالدىراشلىقىم بەك ئالدىراش. ياردەم قىلسىڭىزچۇ نادېژدا ئاناتولىيېۋنا، سىزگە كۆپ رەھمەت ــ ھەشقاللا ئېيتىمەن. ئەلۋەتتە، ئىش ھەققىنىمۇ كۆپ بېرىمەن. باھا تامارانىڭكىدەك بولسۇ، بىراق، باشقىچە ئېيتساق، بۇگۈنكى كۈندە ھەممە ئىشنى پۇل بىلەنلا جۆندەيمەن دېگىلىمۇ بولمايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ــ مەن پۇل بىلەن جۆندەيمەن، ــ دېدى نادېژدا بوشقىنا.

ــ چۈشىنىشلىك، ــ دېدى ئەركىشى بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاندىن نادېژدانىڭ ئاددىي كىيىملىرىگە بىر قاراپ قويدى، ــ ئۇنداق بولسا، ئىككىمىزنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقتى.

ــ بىرمۇنچە ماقالە يازدىڭىز، ئىش دەۋاتاتتىڭىز، زادى قانچىلىك؟ ــ دەپ سورىدى نادېژدا گەپنى رەسمىي تېمىغا بۇرىماقچى بولۇپ.

ــ ھەي! ــ دېدى ئەر كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ــ دېيىشكە خىجىل بولۇۋاتىمەن! ئەيتاۋۇر ئاز ئەمەس! ــ ئۇ يانچۇقىدىن قاتلاقلىق قەغەزنى چىقىرىپ نادېژداغا بەردى.

ــ گېئورگى ئىئونوۋىچ راستىلا ئالدىراش ئادەم، ناتيا، شۇڭا چوقۇم ياردەم قىلمىساق بولمايدۇ! ــ دېدى نادېژدانىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان دىنائىدا ۋاتىلداپ.

قەغەزگە بەش-ئالتە تېما يېزىلغانىدى. نادېژدا توختىدى.

ــ بۇنداق ماقالىدىن زېرىككىنىمنى سىزمۇ بىلىدىغانسىز، ئەمما، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز مۇشۇنداق بولۇۋاتقاندا، ئىككىسىنى يېزىپ بەرسەم بېرەي.

— نادېژدا ئاناتولىيېۋنا، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ياردەم قىلىسىڭىز! — دېدى گېئورگىي ئىئونوۋىچ بىر قولىنى كۆكسىگە قويۇپ. — بۇمۇ مەيلى، يېڭى يىلغىچە ئىككىنى يېزىپ بېرىڭ، ئاندىن، ئارام ئېلىۋالغىنىڭىزدىن كېيىن يەنە يازالايسىز، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل.

ئۇ شۇنچە تۈزۈت قىلغاندەك ھەتتا يېلىنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ سالجىدەك يېپىشقاقلىقى، ئۆز خاھىشىنى باشقىلارغا تېڭىش كەيپىياتى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قولىنى رەسمىي دىندارلاردەك كۆكسىگە ئېلىشلىرى، ھەمىشە ئىللىق كۈلۈمسىرەشلىرى ئۇنى كىشىگە ئۇششۇق كۆرسەتتى، كىشى ئۇنىڭدىن بىزار بولاتتى، سەسكىنەتتى. نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەمدۇ بۇ؟ سودىگەر بولسا كېرەك، ئورنىسىمۇ يۇقىرى ئوخشىمامدۇ؟ بۇ ئادەملەر گاراڭ بولۇپ قالدىمۇ نېمە، دېپلوماتمار بولۇپ كېتىپتۇغۇ؟ توقلۇقتىن شۇنداق قىلىشامدۇ؟ ساراڭ بولغانمۇيا... بىراق، ئومۇمەن، بۇ گېئورگىي ئىئونوۋىچ ھەيبار نېمە كۆرۈندۇ، لولا ئادەم بولسا كېرەك، بىراق لوللىقتا ئانچە ئۇستا ئەمەستەك...

— قېنى، كېيىنكى ئىش توغرۇلۇق كېيىن بىر گەپ بولار، — دېدى نادېژدا كۈلۈپ قويۇپ، — بۇ نۆۋەت ئىككىسىنى يېزىپ بېرەي.

گېئورگىي ئىئونوۋىچ ھېلىقى قەغەزنى ئۇنىڭدا قالدۇرۇپ، ئىككى پۈتىنى شاققىدە جۈپلىدى-دە، سالام قىلىپ، ئاندىن بىر قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، دېدى:

— ئېيخ نادېژدا ئاناتولىيېۋنا، سىزدىن بىر ئۆمۈر مىننەتدارمەن! بولدى، سۆيۈملۈك خېنىملار، بولىسىغۇ سىلەر بىلەن پاراڭلاشسام

www.uyghurkitap.com

بولاتتى، بىراق، بۇنداق پاراڭلىشىدىغان پۇرسەت كېيىن كېلىپ قالىدۇ، دەپ ئويلايمەن، ھازىر خوشلىشىشىم كېرەك، مەن بەك ئالدىراش، ئازراقمۇ بوش ۋاقتىم يوق! خەير. — ئۇ ھېجىيىپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ تازىم قىلغاندىن كېيىن، قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

— ئەجەبمۇ ئۇششۇق ئادەمكىنا، — دېدى نادېژدا ھېلىقى ئەر يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ئىستېھزا بىلەن، — زورلاپ يازدۇرغاندەكلا بىر ئىش قىلدى، يېزىشتىن ئۆزەممۇ بەك بىزار بولۇپ كەتتىم. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، ھۆ بولغۇدەك ھالغا يەتتىم. بۇ زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟

— گوشا① دېگەن شۇ ئەمەسمۇ! — دەپ جاۋاب بەردى دىنائىدا تىنىقى يېتىشمەيۋاتقاندەك، — سودا ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ، ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدۇ، شەھەردە ئۇنى بىلمەيدىغان ئىنسان يوق! ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇن ماقالە يېزىپ بەرسەڭمۇ ئەرزىيدۇ، ئەخمەق بولما! قارىغىنا، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان يىگىت-دە!

— مېنىڭچە، تېتىقسىز كىشى ئىكەن.

— ھەي، ھېچنېمە بىلمەيسەن-دە! بەك قاتمال ئىكەنسەن!

— نېماندا قارا ئادەم ئۇ؟

— بىلىپ قوي، ئۇنىڭ تومۇرىدا جەنۇبلۇقنىڭ قېنى بار، ئۇ يا كاۋكازلىق، يا بولمىسا گرېتسىيىلىك، ياكى بولمايدۇ، بىرەر ئاز سانلىق مىللەتتىن! ئۇ راستىنلا ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان

① گېئورگىنىڭ كىچىك ئېتى.

يىگىت!

— بولدىلا، بۇ گرىپتسىيلىكنىڭگە ئىككى پارچە ماقالە يېزىپ بېرەي، شۇنىڭ بىلەن بەس! بۇ ھۆرۈن-يالقاۋلارنىڭ شورى قۇرۇپ كەتسۇن، خۇشۇم زادىلا قالمىدى بۇلار بىلەن.

## 11

12-ئاينىڭ 30-كۈنى — جۈمە كۈنى بىر يىلنىڭ ئاخىرقى ئىش كۈنى ئىدى، ئاياللار 31-چېسلا ئىشقا كەلمەي، ئۆيلىرىدە بايرامنىڭ ھازىرلىقىنى قىلاتتى، شۇڭا ئۇلار بۈگۈن ئالدىرىمايتتى، نېرى-بېرى ئىشلارنىمۇ كاللىسىغا كەلتۈرمەيتتى، ئۇلار گۇلدەك ئۈز-چىرايلىق ياسىنىشىپ ئىشقا كېلىشكەنىدى، ئاساسەن ئەتىگەندىن باشلاپلا بايراملىق ئولتۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشتى، بۇ ئولتۇرۇش ئەمەلىيەتتە چاي زىياپىتى بولۇپ، شامپان ھارىقى، پىرەنىك ۋە كەمپۈت ئېلىنغانىدى. دىنائىدا پۈززۇر كىيىنگەن بولۇپ، سېرىق چېچىنى كۆپتۈرۈپ ياسىتىۋالغانىدى، قىپقىزىل يۈزى ئۇنى ناھايىتى روھلۇق كۆرسىتەتتى، ئۇ ۋارى-ۋارى قىلىپ، ئالدىراشلا يۈرەتتى. ئۇ سەھەردىلا:

— ھەي قىزلار، بۈگۈن ئىشقى-پىراق تورىغا چۈشۈپ قالغاندەك بولۇۋاتىمەن، — دېگەنىدى. ئۇ قەيەردىندۇ يوغان قېيىن شېخى تېپىپ كېلىۋىدى، ئايالاز شاخنى بېزىگىلى تۇردى: ئۈستەل تارتمىسىدىن ئەينەك شارەكچىنى تېپىپ چىقتى، باشقا نەرسىلەرنى سىزىپ، ئاندىن چاپلىدى. ئۇلار ئىش قىلىۋېتىپ قىزچاقلاردەك چۇقۇرىشاتتى. ماگازىنتا يوغان قەغەزلەرگە قىزىق بېغىشلىمىلارنى يازماقتا ئىدى.

باشقا بۆلۈملەردىكى ئاياللارمۇ كەينى-كەينىدىن كېلىپ يېڭى يىلنى مۇبارەكلەشتى، بۆلۈمنىڭ ئىچى تېخىمۇ قايناپ كەتتى.

بۇ كۈنى نادىرەدا گېئورگى ئىئونوۋىچنىڭ ھېلىقى ئىككى ماقالىسىنى يېزىپ بولۇپ ئىشخانىغا ئالغاچ كەلگەنىدى، ئۇ ماقالىنى ئەتىگەندىلا دىنائىداغا بەك ياراپ كەتكەن گوشاغا بېرىپ قويۇشنى ئېيتىپ دىنائىداغا بەردى ۋە ئىككىنچى بۇنداق ئىشنى قىلمايدىغانلىقىنى، بۇنداق سودىنى توختاتقانلىقىنى، بۇنداق ئىشتىن قول ئۈزگەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن نادىرەدا ئۆزىگە بىرنەرسە بېسىم بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلمايدۇ، ئۆزىنى قىيىن ھالەتتە قويغان ماقالىلەردىن ئاخىرقى ھېسابتا قۇتۇلدۇ-دە، كۆڭلى ئازادە يۈرىدىغان بولدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە ئاتا-بالىغا سوۋغات تەييارلاقلىق، يېڭى يىل زىياپىتىگە لازىملىق نەرسىلەرمۇ تەييارلاقلىق، يەنە كېلىپ، ئۇ مائاشىنىڭ سىرتىدا يۈز رۇبلى پۇل تاپتى! ئەمدى ئولېگ بىلەن يارىشىپ قېلىشلا قالدى، ئەمدى بۇ ئىش تەسكە چۈشمەيتتى — نادىرەدا بۈگۈن ئۇنى كۆندۈرىدۇ، ئولېگ نادىرەدانى ئەپۇ قىلىدۇ، بۈگۈن كۆندۈرمىسە، يېڭى يىلغا دەككە-دۈككە بىلەن كىرىدىغان گەپ-دە. نادىرەدا تېخى ئۆزىنىڭ پۇلنى كۆرسە نەپسى تاقىلدايدىغان، پۇلنى كۆرسە كۆزى قىزىرىدىغان مىجەزىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنداق نازۇك بولۇپ كەتمەسلىك ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. نادىرەدا كۆپ مۇشەققەت تارتتى، يېتىپ ئاشقۇچە تارتتى!... نادىرەدا دىنائىدانىڭ گېئورگى ئىئونوۋىچقا تېلېفون بەرگەنلىكىنى كۆرگەن بولسىمۇ، كۆپچىلىك ئالدىراشلىق ئىچىدە ۋارى-ۋارى قىلىشىپ تۇرغانلىقتىن، تېلېفوندا دېيىلىۋاتقان سۆزلەرنى ئاڭلىيالمىدى، نېمە دېيىشسە دېيىشمەمدۇ! دەپ ئويلىدى ئۇ.

سائەت ئىككىدىن ئاشقان مەزگىل ئىدى، ھەممەيلەن زالغا يىغىلىشتى، باشلىق كۆپچىلىكنىڭ ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمىتىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا تەقدىرنامە بەردى (نادىرژدالارنىڭ بۆلۈمىدىن نادىرژدالا تەقدىرنامە ئالدى)، كۆپچىلىكنى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىدى، كۆپچىلىكنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، تۇرمۇشىغا بەخت-سائادەت، خىزمىتىگە تېخىمۇ زور نەتىجە تىلىدى. ئاياللار بۆلۈمگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن خۇشاللىقتا ئۈستەل-جوزىلارنى جۇپلەپ، يېمەك-لىكلەرنى ئۈستەل-جوزىلارغا تىزىشقا باشلىدى.

بۈگۈن بۆلۈم باشلىقىمۇ سەل ياسىنىۋالغانىدى، ئاق كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە قارا كاستيۇم كىيىپ، رەڭگى ئوچۇق گالىستۇك تاقىۋالغانىدى، يۈزى قىزىرىپ، كۆزى قىسىلىپ تۇراتتى، ئاغىنىلىرى بىلەن بىرەر يەردە بىرەر-ئىككى رومكىدىن ئىچىشىۋالغان بولسا كېرەك، شىركەيىپ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۆلۈمگە ھەممىدىن كېيىن كىرىپ كەلدى، كىچىككىنە ئىشخانىدا كۈن بويى يالغۇز ئولتۇرىدىغان بۇ ئادەم بۈگۈن بۇ يەردە بالىلاردەك يايراپ كەتتى، ئۇ قول ئاستىدىكى ئاياللارنى تەبرىكلەيتتى، سۆيەتتى، ماختايتتى، بۇنىڭ بىلەن بۆلۈمنىڭ ئىچى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. بۆلۈمدە مۇشۇ بىرلا ئەركىشى بولغانلىقتىن، ئاياللار ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئىپكىردى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇ كىرىپلا بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، رومكىلارغا شامپان قۇيدى؛ بۇنداق ئىشلارغا پىششىق بولمىسا كېرەك، ھاراقنى جوزىغا، ئاياللارنىڭ كىيىملىرىگە چاچرىتىۋەتتى، بىراق بۇ ھال ئاياللارنىڭ ئېچىلىپ-يايراپ ئولتۇرۇشىغا قىلچە تەسىر قىلمىدى.

بىر رۇمكا شامپان ئىچكەندىن كېيىن، نادېژداغا هاراق كۈچىنى كۆرسەتكىلى تۇردى، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزى خۇمارلاشتى، يۈزى پوكانىدەك قىزىرىپ كەتتى، كۆزىگە نەرسىلەر يوغان-يوغان كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى شۇنداق ئەركىن سېزەتتى، بىرنېمىلەرنى دېگۈسى كېلەتتى، ئەمما باشقا ئاياللار ۋارقىرىشىپ-جارقىرىشىپ بۆلۈمنى بېشىغا كىيىگەنلىكتىن، ئاۋازىنىڭ بۇ ئاياللار-نىڭكىنى بېسىپ چۈشەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، گەپ قىلمىدى. ئاياللار نادېژدانىڭ ئۇن-تىنسىز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كەينى-كەينىدىن كېلىپ ئۇنى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولغانلىقى بىلەن تەبرىكلىدى، سەن چىرايلىق، هازىر يۈزۈڭ قىزىرىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ماختاشتى، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغان نادېژدا ئۈيىلىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بۇ قىزغىن گەپلەرنى قىلغانلىقىغا كۆپ رەھمەتلەر ئېيتتى. ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك سەزمەكتە ئىدى.

ئون ئىككىنچى ئايدا بالدۇر قاراڭغۇ چۈشىدۇ، سائەت تۆتتىلا هاۋا قاراڭغۇلىشىپ قالغاچقا، چىراغلار ياندۇرۇلدى. سىرتتىكى قاراڭغۇچىلىق ۋە ئۆيدىكى چىراغ كىشىلەرگە: كەچ كىردى، ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، دەپ سىگنال بەرمەكتە ئىدى. ئاياللار بىرەر چىنىدىن چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، تارقال-ماقچى بولۇشتى. بىرنەچچە رومكا شامپان ئىچىۋەتكەن دىنائىدا ۋارقىراپ، نادېژدانى قۇچاقلىۋېلىپ، ئىككىمىز ئىشخانىنى يىغىش-تۇرۇۋېتەيلى، باشقىلار ئۆيلىرىگە كەتسۇن، دېدى. دىنائىدانىڭ بۇنداق چاپلىشىۋېلىشى ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، جۇدۇنىنى ئۆرلىتىپ قوياتتى، ئۇ نادېژدانىڭ يېنىدا ئولتۇرغاچقا، نادېژدانى

ئۇچۇرىدىغان ياغلىما گەپلەرنى باشقىلاردىن جىقىراق قىلىغانىدى. نادىرداغا دەيدىغان گېپى بارمىدۇ؟ دىنائىدانىڭ مىجەزى شۇنداق، ئۇنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما قېپقېلىپ ئىشخانىنى تازىلىۋېتىش باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت، بۇ ئىككىسى باشقا ئىككىيلەندىن — ئېۋدوكىيا ئېگورووۋنا بىلەن ماگازىنتادىن نېملا دىگەن بىلەن ياش-دە.

ئىككىسى قېلىپ ئىشخانىنى بىردەمدىلا يىغىشتۇردى-دە، كىيىنىپ سىرتقا ماڭدى، كارىدوردىن ئۆتۈپ پەسكە چۈشىدىغان چاغدا، دىنائىدا يىقىلىپ كەتمىسۇن دېگەندەك، ياكى قېچىپ كەتمىسۇن دېگەندەك، نادىرداني چىڭ قولتۇقلىۋېلىپ ماڭدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە توختىماي بىرنېمىلەرنى دەيتتى، كۆڭلى ئۆيگە — ئېرى ۋە بالىسىنىڭ قېشىغا ئالدىراقچان كېتىپ بولغان نادىردانىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى.

ئىككىسى بىنادىن چىقىپ تۇراتتى، دىنائىدا قەدىمىنى توختىتىپ، ئۆپچۆرىسىگە نەزەر تاشلاپ چىقتى-دە: ”گېئورگى ئىئونوۋىچ، بىز مايەردە!“دەپ توۋلىدى، ئاندىن قولىنى پۇلاڭلاتتى. گېئورگى ئىئونوۋىچنى ئەمدى نادىردامۇ كۆردى. ھاۋا سوغۇق ئىدى. گېئورگى ئىئونوۋىچ ھېلىقى يارىشىملىق جۇۋىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېچىۋېتىپ، ”ۋولگا“ ماركىلىق ھالرەڭ پىكاپىنىڭ يېنىدا تۇراتتى، دىنائىدانىڭ قول پۇلاڭلاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ كۈلدى ۋە ئەدەب بىلەن قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى. يۈزىنىڭ قىزىرىپ، قارا چېچىغا قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ قونۇپ كەتكىنىدىن بۇ يەردە خېلى ئۇزاق تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دىنائىدا نادىرداني قولتۇقلىۋېلىپ، ئۇنى گېئورگى تەرەپكە تارتىپ ماڭدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئاستا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

دېدى:

— بىرىپ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەپ قويايلى.

نادېژدانىڭ كالللىسىغا دەرھال: «بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيدۇ بۇ؟ يەنە ماقالە يازدۇرماقچىمۇ؟» دېگەن ئوي كەلگەندى، بىراق، گېئورگىي ئىئونوۋىچنىڭ قول پۇلاڭلاتقان چاغدىكى قىزغىن ھالىتىنى، خۇشال كۈلكىسىنى كۆرۈپ، ئۆزگىچە، باشقىلارغىمۇ كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرمەسلىكنى قارار قىلدى. ئىككىيلەن بىردىن گېئورگىينى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىدى. گېئورگىي ئىئونوۋىچ ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىمۇ تەبرىكلىدى.

— دېگىنىم بويىچە يېزىپ بەردىم! — دېدى نادېژدا كۈلۈمسىرەپ، شامپان ئىچكەچكە، نادېژدا كۆپ سۆزلىگەك، ئىسسىق چىراي بولۇپ قالغانىدى.

— بۇنى بىلىمەن، بىلىمەن! سىزنىڭ شەپقىتىڭىزگە قانچە رەھمەت ئېيتسامىمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمەيمەن جۇمۇ! — دېدى گېئورگىي ئىئونوۋىچ يۈزىگە ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇدەك كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — بىراق، بۇ ھەقتە كېيىن سۆزلىشەيلى، كېيىن! سىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، كۆڭۈللۈكلەرنى ئېچىپ قويىمەن دېگەن گېپىم يادىڭلاردا باردۇ؟ سىلەرنى بىزنىڭكىگە مېھمانغا چاقىرغىلى كېلىۋىدىم! — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ پىكاپنىڭ كەينى ئىشىكىنى ئاچتى، — بىردەمدىلا يولغا سېلىپ قويىمەن، بىردەمدىلا، ئادەتتىمۇ دەيمىزغۇ، ئەزىز مېھمانىنىڭ غېرىبانە كۈلبىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى كۈلبىگە نۇر زىيا تۆككەندەك ئىش دەپ. سۆيۈملۈك خانىملار، مالال كۆرمەي بىرىپ ئولتۇرۇشۇپ بەرسەڭلار، ئۆزەمنى شۇنداق خۇشال، شۇنداق

بەختىيار بىلەتتىم!

— نەگە بارىدىكەنىمىز؟ مەن بارمايمەن! — نادىيژدا دەرھال قەتئىيلەشتى ـ دە، مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرۇۋالدى.

— بارايلى، نادكا! — دەپ ئۇنىڭ پېشىنى تارتىپ قويدى دىنائىدا، — بىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كېلەيلى، ئوبدان پاراڭلىشىۋالىمىز، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ئاياللارنىڭ ئارىسىدا زېرىكىپ كەتتىم، تۇزۇكرەك ئەركىشمۇ يوق، مەزىسىز!

— ئۆيگە كەتمىسەم بولمايدۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى نادىيژدا.

— ئېرىڭدىن قورقىۋاتامسەن؟ — دەپ نادىيژدانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى دىنائىدا، — ئوھوي، ئۇياتەي ئۇيات. ئولېگقا: دىنائىدانىڭ كېكىرتىكى ئىششىپ قاپتىكەن، بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن يوقلاپ بىرىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدىم، دېسەڭ قۇتۇلامسەنوي! قېنى، ماڭايلى! — ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ، نادىيژدانى زورلاپ دېگۈدەك پىكاپقا ئىتتىرىپ كىرگۈزدى، ئاندىن ئۆزىمۇ پىكاپتا ئوبدان ئولتۇرۇۋېلىپ، پىكاپ ئىشكىنى پاققىدە قىلىپ ياپتى.

— قېنى، سېنيا، كەتتۇق، — دېدى گېئورگى ئىئونوۋىچ شوپۇرغا، ئاندىن شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندىن ئارقىغا قايرىلىپ، ئىككى ئايالغا قاراپ ھەجىيىپ تۇرۇپ چىرايلىق گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى، — ئىككىڭلار بەكمۇ چىرايلىق چوكانلاردىن... ئىككىڭلارنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭلار جەزمەن غېرىبانە كۇلبەمگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ... ئەزىزىم دىنوچكا، ... يەنە سىزمۇ بار نادىيژدا ئاناتولىيېۋنا، بەك ئۇز ـ كېلىشكەن چوكانلار جۇمۇ، كۆڭلۈڭلارمۇ تۇز سىلەرنىڭ... بىلىپ قېلىڭلار، مەن بىلىملىك كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى بەكمۇ خالايمەن...

www.uyghurkitap.com

بۇلاردىن نادىژدا سەسكەندى! ئۇ شۇبھە بىلەن، تۇرۇپ گېئورگىي ئىئونوۋىچقا، تۇرۇپ دىنائىداغا قارايتتى. ئۇنىڭ كالىسىغا بۇ تاسادىپىي ئۇچرىششىمىدۇ، ئاۋال گەپنى پىشۇرۇۋالغان ئىشمىدۇ؟ قالغان ماقالىلەرنىمۇ يېزىپ بىرىدىك دەپ تۇرۇۋالارمۇ؟ بىراق، نېمىشقا بۇنداق قىلىشىدۇ؟ بەلكىم بۇ گوشا راستىلا ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئامراق كىشىدۇ، شۇڭا بىزنى مېھمان قىلاي دەۋاتقاندۇ؛ بەلكىم ئۆزەم باغرى قاتتىق ئادەمدۇرمەن، كاللام مۇنداقراقتۇر، خەقنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشەنمەي گۇمانسىرايدىغاندىمەن، دېگەندەك ئويلار كەلدى.

— ئالدىن كېلىشىۋالايلى، بىردەملا ئولتۇرىمىز، — دېدى ئۇ گېئورگىي ئىئونوۋىچقا، ئەمدى ئۇ خېلىلا يۇمشاپ قالغانىدى، — مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويىسىز تېخى.

— ۋاي ئاپىرىپ قويمامدىغان، ئاپىرىپ قويىمەن، نادىژدا ئاناتولىيېۋنا! سىز ئۇچۇن ھەرقاچان قولۇم كۆكسۈمدە! سوراپ باقسام ئېغىر ئالماسسىز: سىز يېزىپ بولغان ماقالە قېنى؟

دىنائىدا سومكىسىدىن يۆگەلگەن قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. گېئورگىي ئىئونوۋىچ قاپچۇقنى چىقىرىپ، ئاتمىش رۇبلىنى ساناپ بەردى، نادىژداغا سۇندى ۋە ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— ئويۇن دېگەن ئويۇن، خىزمەت دېگەن خىزمەت. ھېسابىنى ئۆزۈۋېتىش مېنىڭ ئادىتىم، — دېدى.

باشقىلارغا قارىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوچقاندەك كېتىۋاتقان پىكاپتا پۇل ئېلىشتىن نادىژدا خىجالەت بولۇپ قالدى، ئەمما، گېئورگىي ئىئونوۋىچنىڭ نەزىرىدە، بۇ دېگەن ئوچۇق-ئاشكارا سودا، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك ئۆز

ئادەملەر ئىدى، نادىېژدا پۇلنى ئېلىپ، دەرھال سومكىسىغا تىقتى، بىراق، ئۇنىڭ قولى قېرىشقانىدەك دىر-دىر تىترەپ كەتتى، ئۇ بىرپەس ھەپىلىشىپ، پۇلنى ئاران دېگەندە سومكىسىغا سېلىۋالدى.

— قاراڭ، — دېدى ئۇنىڭ مۇشۇ تاپتىكى ھالىتىنى كۆرگەن گېئورگى ئىئونوۋىچ ئالدىرىماستىن، — سىزگە قاتتىق ئىشەنگەنلىكىمدىن سىز يازغان ماقالىنى كۆرۈپمۇ قويمىدىم. سىزنىڭ ماقالىنى يېزىشقا كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكىڭىز ماڭا مەلۇم، بۇنداق ئوبدان يېزىلغان ماقالىغا ئەزەلدىن ئامراقمەن، شۇنداقلا ھۆرمەت قىلىمەن.

— ھەي، گوشا، ئايالىلارنى كولدۇرلىتىشقا ئۇستا جۇمۇ سىز، ئىشقى-مۇھەببەت سورۇنلىرىدا سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئۆتىدىغىنى يوق، — دېدى دىنائىدا بىر بارمىقىنى تەھدىت سالغاندەك جۇنۇپ ھىجايغىنىچە.

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئىككىنچى يازمايمەن، — دېدى نادىېژدا.

— ئوھو نادىېژدا ئاناتولىيېۋنا، گېلىمىنى بوغقاندەكلا گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ! — دېدى گېئورگى ئىئونوۋىچ چاقچاق قىلىپ كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ، قولى بولسا قىپقىزىل بويىنىنى سىلايتتى، — ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، نادىېژدا ئاناتولىيېۋنا!

بۇ چاغدا يول قاپقارا بولۇپ كەتكەن، شەھەردىكى ئىمارەتلەرنى كۆرگىلىمۇ بولمايتتى.

— نەگە بارىسىلەر؟ — نادىېژدا دەككە-دۈككە بولۇپ سورىدى.

— داچىغا بارىمىز، سۆيۈملۈك نادىېژدا ئاناتولىيېۋنا، داچىغا.

www.uyghurkitap.com

بۇ داچا يېڭىدىن سېلىنغان، سىلەرگە بىر كۆرستىپ قوباي دەيمەن، — دېدى گېئورگى ئىئونوۋىچ يەنىلا ھېنجىپ تۇرۇپ.

—-داچىغا بارغۇم يوق مېنىڭ!

— خاتىرجەم بولۇڭ، قاچان ئۆيگە قايتىمەن دېسىڭىز، مانا مەن ئاپىرىپ قويىمەن! ناھايىتى ئۈچ كىلومېترلىقلا يول، ۋاقتى كەلگەندە سېنىيا ئۆيىڭىزگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ، — ئۇ گەپ قىلماي پىكاپ ھەيدا-ۋاتقان سېنىيانىڭ دولىسىغا تۇرۇپ قويدى، — بىزنىڭ بۇ سېنىيانىڭ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدۇ!

نادېژدا خاپا بولۇپ، جىم ئولتۇرۇۋالدى.

— نىمە بولدۇڭ؟ — دېدى دىنائىدا نادېژدانى قۇچاقلاپ، — گېئورگى ئىئونوۋىچ، نادېژدا بەك ياۋا ئۆگىنىپ قالغان، قانداق قىلسام بولىدىكىن ئۇنى، ئۇنىڭغا ئۆگەتمىسەم بولمىغۇدەك!

— ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە كۆپرەك قاتناشمىسىڭىز بولمىغۇدەك، نادېژدا ئاناتولىيېۋنا، ئادەم دېگەن ئۈمىدۋار ياشاش كېرەك، — دەپ گەپكە كۆندۈرگىلى تۇردى گېئورگى ئىئونوۋىچ، — ئېسىڭىزنىڭ: ”خۇشال ئۆتكۈز ھاياتىڭنى، سۆرگىن دۇنيا ھۇزۇرىنى“ دېگەن مىسرالىرى ئېسىڭىزدىدۇ. سىز شېئىرغا ئامراقمۇ؟

— ئامراق، — دېدى نادېژدا سوغۇقلا.

— مەنمۇ ئامراق! ئەمما، بۇ ھەقتە كېيىن دېيىشەيلى! كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن كۆپ ئارىلىشىپ، پاراڭلىشىپ، ھال-مۇڭ بولۇپ ئۆتۈشى كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ، دىنا①؟

---

① دىنائىدانىڭ كىچىك ئىتى.

— شۇنى دەڭا، گېئورگى ئىئونوۋىچ! ئۆيدىن ئىشخانىغا، ئىشخانىدىن ئۆيگە بېرىپ، ئۆي، ئىش دېپلا ئۆتسەك، تۇرمۇشنىڭ ھېچ قىزىقى بولمايدۇ...

— ئەمىسە، سەن ھازىر نەگە ماڭدىڭ، ئەزىزىم، — نادېژدا ئۆزىچە بىزار بولۇپ سوغۇق كۇلۇپ قويدى، ئۇ پىكاپقا چىققىنىغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىغانىدى.

— بىر شاڭخو پاراڭ ئېسىمگە كېلىپ قالدى! — دېدى گېئورگى ئىئونوۋىچ قاقاقلاپ كۇلۇپ، — بىر سادىق خوتۇن بولغانىكەن... بىراق،... بەس، بۇنى ھازىر دېمەي. ھوي، كەلگەنىدەك قىلىمىز غۇ، — ئۇ دېرىزىدىن سىنچىلاپ قارىدى، — قاراڭلارچۇ، ھازىرغىچە قورقۇۋاتامسىلەر!!

"ۋولگا" راستىنلا بىر ھويلىغا كىرىپ توختىدى. ئۇلار پىكاپتىن چۈشتى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، قارىيىپ تۇرغان بىر كورپۇس ئۆي كۆرۈندى، ماڭغاندا ئاپئاق قاردىن غىرىس-غىرىس ئاۋاز كېلەتتى، يىراقتىكى ئۆگزىسى ئۇچلۇق ئۆيلەر خىرە-شىرە كۆرۈنەتتى، قاراڭغۇلۇقتا دەرەخلەرنىڭ سايىسى قارغا چۈشۈپ تۇراتتى، بەزى دېرىزىلەردىن غۇۋا يورۇق چۈشمەكتە ئىدى. "قىزىق ئىش!" دېدى نادېژدا سوغۇق كۇلۇپ قويۇپ ئىچىدە، ئاندىن دىنائىدانىڭ بىر يېڭنىنى چىمدىپ تۇتۇۋالدى. دىنائىدانىمۇ قورقۇنچ باسقانىدى.

گېئورگى ئىئونوۋىچ ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى. ئۇلار ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ دېگەندەك ئەينەكلىك بالكوندىن ئۆتۈپ، بىر ئۆيگە كىردى. گېئورگى ئىئونوۋىچ كونۇپكىنى بېسىپ، چىراغ ياندۇردى.

ئۇلار تام ۋە تورۇسلىرى تەكشى رەڭدىلەنگەن تاختايلىق، ئوت-

www.uyghurkitap.com

تۇرىسغا ئۇزۇن ئۇستەل، ئۇستەلنىڭ ئىككى يېنىغا بىردىن ئۇزۇن يۆلەنچۇكلۇك ئورۇندۇق قويۇلغان چوڭ ئۆيدە تۇراتتى. ئۇستەلمۇ، ئورۇندۇقلارمۇ يېڭى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، قوپالراق كۆرۈنە-سمۇ، فورمسى كشنى جەلپ قلارلق ئدى، گۈل نەقشلەنگەن بۇ جاھازلارنىڭ ئۇستا ياغاچچىنىڭ قولىدىن چىققانلىقى بىر قاراشتىلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا بېزەلگەن قېيىن دەرىخى بار ئىدى. بىر تامدا تام ئوچاق بولۇپ، قىزىل تاش ۋە مىس بىلەن قوپۇرۇلغانىدى. يەنە بىر تامغا يۆلەپ سافاكارىۋات قويۇلغانىدى. ئۆيدىكى سەرەمجانلار مانا شۇ ئىدى. بۇ نەرسىلەر يېڭىچە پوسۇندا قويۇلغان بولۇپ، پاك-پاكىز بۇ نەرسىلەر تورۇسقا ئېسىلغان چىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا ۋالىلداپ تۇراتتى.

— پېقىرنىڭ كۈلبىسى مۇشۇ! — گېئورگىي ئىمونوۋىچ نادېژدا بىلەن دىنائىدانىڭ ئۆيگە كىرىپ ھەيرانلىقتا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتا چۆمدى ۋە ئازغىنا جىملىقتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاۋۇ ياقتىمۇ بار، — ئۇ ئىتتىك بېرىپ، ئىككى ئىشىكنى كەينى-كەينىدىن ئاچتى، بۇ ئىشىكلەر دەم ئېلىش ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرى ئىدى.

— بۇ كىچىك ئۆيلەر دەم ئېلىش ئۆيى. بۇلارنى... — ئۇ غۇلىچىنى يېيىپ يۇقىرىغا قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دېدى، — ئۆزەمنى دەپ ئەمەس، دوست-ئاغىنىلەرنى دەپ مۇشۇنىچىلىك قىلدىم. مەن دوست تۇتۇشقا ئامراق!

”كاتتىلارنىڭ سارىيىغۇ بۇ“ دەپ ئويلىدى نادېژدا. دەرھەقىقەت، بۇ ئۆيدىكى ھەممە نەرسە مېھمانلار ئۈچۈن ھازىرلانغانىدى.

— قېنى، ئۆز ئىشىمىزغا كېلەيلى، ئۆز ئىشىمىزغا! — دېدى

گېئورگى ئىئونوۋىچ ۋە قولىنى ئۇۋۇشلاپ، كالتە جۇۋىسىنى دەرھال سېلىپ ئاسقۇغا ئېسىپ قويۇپ، دىنائىدا بىلەن نادېژدانىڭ پەلتولىرىنى سېلىشىپ بەردى. شۇ ئەسنادا شوپۇر سېنىيا قەغەز قاپلارنى ئۇستەلگە قويدى. قولى چاققان ساھىبخان بىردەمدىلا قاپتىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۇستەلگە تىزدى؛ دىنائىدامۇ تىزىشىپ بەردى.

ئۆينىڭ ئىچى سوغۇق ئىدى، توڭلاپ كەتكەن نادېژدا مۇرىسىنى تۇتقىنىچە بېرىپ قېيىن دەرىخىنى تاماشا قىلدى. "ئىشىنى ئۇلار قىلىشسۇن، مەن ئارىلىشىپ نېمە قىلاي" دەپ ئويلىدى ئۇ. نادېژدا قېيىننى تاماشا قىلىپ بولۇپ لىق ئوتۇن سېلىنغان تام ئوچاققا قاراپ بىردەم تۇردى.

— ئوچاققا ئوت ياقسا بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— چاتاق يوق، نادېژدا ئاناتولىيېۋنا! ھازىرلا ئوت ياقىمەن! — دېدى گېئورگى ئىئونوۋىچ قولىدىكى قەغەز قاپنى شارىلدىتىپ.

نادېژدا ئارقىسىغا بۇرىلىپ قارىۋىدى، چۆچەكلەردىكى سارايلاردىكىدەك مەنزىرە كۆز ئالدىدا ئايان بولدى: ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالتىراق ساماۋار ۋال-ۋۇل قىلىپ تۇراتتى، ساماۋارنىڭ يانلىرىغا ئىستاكانلار قويۇلغانىدى، بۇلاردىن باشقا شامپان ھارىقى تۇراتتى، ۋوتكىمۇ باردەك كۆرۈنەتتى؛ بوتۇلكىلارنىڭ يېنىدا چوڭ-كىچىك خرۇستال ئىستاكانلار، ساپسېرىق ئاپېلسىنلار، كۆپكۆك يېڭى تەرخەمەكلەر، سۈررەڭ يوغان بېلىق؛ ئۇ يەر-بۇ يەردە شاكىلاتلار، كەمپۈتلەر ۋە باشقا نەرسىلەر تۇراتتى... ئۇستەلگە بۇ ئېسىل يېمەكلىكلەر تولۇپ كەتكەنىدى، ھەممە نېمە تەل دېسە بولاتتى.

"دۇرۇس، قالتىس ئوچۇق قوللۇق قېتو، ھەممىنى پۇختا ئويلاشقانىكەن،" ئۇ ھەيران بولدى، شۇنىچە ئويلاپمۇ چۈشىنەلمىدى:

نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىدۇ، نېمىشقا بۇنداق بەتتخەجىلىك قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كەلدى: گېئورگىي بىلەن دىنائىدانىڭ ئۆزى بىلىشىدىغان ئىشى بار ئوخشايدۇ، ئەمما مېنى ئارىغا قېتىپ نېمە قىلىدۇ؟ مېنىڭ بۇ ئىش بىلەن قىلچە ئالاقەم يوق. ساھىبخانىنىڭ يۈزىنى قىلىپ يەنە بىردەم سائەت ئولتۇراي (ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى سائىتىگە قاراپ قويدى، سائەت تېخى ئالتە بولماپتۇ، ئادەتتىكى كۈنلەردە ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىمۇ بولمىغانىدى)، ئاندىن كەتمىسەم بولمايدۇ، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ دەپ تۇرىۋالاي. ئاجايىپ ئىش، دىنائىدا نېمىشقا مېنى بۇ يەرگە ئېپكېلىدۇ؟ بۇ يەردىكى سىرنى دىنائىدا بۇرۇنلا بىلىدۇ...بۇنىڭدا جەزمەن بىر گەپ بار. بىر چاتاق بار. بىراق، بۇ زادى نېمە چاتاق؟... ئەھۋال ئېنىق بولمىغاچقا، ئۇ دەككە-دۈككىدە قالغانىدى، ئەينى ۋاقىتتا قىزىقسىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈستەلدىكى يېمەكلىكلەرگە قاراپ، توساتتىن ئۇنىڭ ئىشتىيى ئېچىلىپ قالدى؛ ئەمدى ئۇ قېپقېلىپ، ئالدىراپ پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتقان گېئورگىي بىلەن دىنائىدا، گېئورگىنىڭ قوماندانلىقىدا ئوچاقتا ئوت يېقىپ، ئۆينى ئىسسىقا تولدۇرىۋەتكەن كالامپاي سېنىيا نېمىلەرنى قىلارىكىن دەپ قاراپ باقماقچىمۇ بولدى.

بۇ چاغدا سىرتتا ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى چىرىغى ۋال-ۋۇل قىلىپ قالدى، ماتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، بىرپەستىن كېيىن ئۆيگە ئىككى ئەر، ئىككى ئايال كىرىپ كەلدى، ئۇلار بار-يوقى تۆت ئادەم بولغىنى بىلەن، ئۆيدە ئۇ يان-بۇ يان مېڭىشىپ، ۋارقىرىشىپ-جارقىراشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆيگە جىقلا ئادەم كىرىپ كەلگەندەك بىلىندى. گېئورگىي نادىيژدا بىلەن دىنائىدانى

ئۇلارغا تونۇشتۇردى. ئىككى ئايالنىڭ بىرى تامارا ئىدى، رەڭگىرويى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىرى چىچىنى بوياپ ئەتەي ئاقۇش قىلىۋالغان، يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىكنى بولغۇچە سۈرتكەن ئايال بولۇپ، ئۆمسىلىلا كۆرۈنەتتى. بۇ ئىككىلا ئايال شۇنداق سىپايىگەرلىك قىلاتتىكى، بىللە كەلگەن ئەرلەر سەت چاقچاقلارنى قىلسا، قاقاقلاپ ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگىچە كۈلۈشەتتى. ھېلىقى ئىككى ئەر گوشادەك قارىمۇتۇق كىشىلەر ئىدى. "ماڭا شۇنداق تۇيۇلىۋاتامدۇ، يا راست شۇنداقمۇ؟ ئۇلار نېمىشقا بىر خىل؟... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممىسى سودا ساھەسىدىن بولسا كېرەك..." دەپ ئويلىدى نادېژدا.

يېڭىدىن كىرگەنلەر ئۈستەل يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى، بۇ يەردىكى ھەممە ئادەم ۋە نەرسە كۆڭلىگە بارغانسېرى ياقمايۋاتقان نادېژدا ھېچكىمگە تۇيدۇرمايلا تېزرەك تىكىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپلا ئولتۇراتتى. نېمىشقا دېگەندە، نادېژدا بۇ ئادەملەر بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرىدىغان بولسا كېرەك، بۇ زىياپەت كۆپ باش قاتۇرۇپ يۈرۈپ تەييارلانغان؛ قىزىق، بۇ ئادەملەر ئۆيىگە قايتمايدىغانمىدۇ، ئۆيلىرىدە بىركىم يولىغا قاراپ تۇرمىغانمىدۇ؟... دەپ ئويلايتتى. شۇ چاغدا گوشا دىنائىدا ئىككىسىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىككىسى يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. نادېژدا ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى: ھەممەيلەن جۈپ-جۈپتىن ئولتۇرغاندى! شوپۇر سېنىيامۇ بۇ يەرنىڭ خوجايىنى ئوخشايدۇ. يەنە بىرنەچچە ئەركىشى كىردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى نادېژدانىڭ يېنىدا ئولتۇردى. "ھە، مۇشۇ 'مېنىڭ' ئوخشايدۇ" دەپ ئويلىغان نادېژدا يېنىدىكى ئادەمگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى-دە، كۈلگۈسى كېلىپ كەتتى. "قارىماپ دىغان، ماڭا قانداق ئادەم نېسىپ بولغان-ھە." بۇ ئادەم بۇرۇت-

لۇق، قولى بەكلا ئۇزۇن ئادەم بولۇپ، گوشادەك قارا ئەمەس ئىدى، ياشراق كۆرۈنەتتى. بۇ ئادەم ئېگىشىپ، ئەدەب بىلەن بىر نىمە-لەرنى دەيتتى. ئوھو، نېمىگە كۆڭلىڭىز تارتىدۇ؟ دەپ سوراۋات-امدۇ؟ يېمەكلىك دېگەن ئۈستەلدە ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ، بۇنى سوراپ ئاۋارە بولۇپ كەتمىسىمۇ بولاتتى! بۇ ئادەم نادېژدانىڭ مۈرىسىنى سىلاشقا كۆپ قېتىم ھەرىكەت قىلىپ باقتى، بۇنىڭدىن نادېژدا يىرگەندى. يەنە شۇ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان سۈركىلىش-چاپلىشىش، ئەجەبا، ھازىرقى دەۋردە كىچىك تەرەپلەر نەزەردىن ساقىتمۇ؟

بۇ چاغدا بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى، شامپان پىژىلداپ بوتۇلكىدىن تېشىپ چىقماقتا. بىرنەچچە رومكىدىن ئىچىشكەندىن كېيىن، ھەممەيلەن گەپ قىلغىلى، ۋارقىراشقىلى تۇردى. يېنىدا ئولتۇرغان كىشى بىللە ئىچەيلى دەپ تۇتۇۋەرگەنلىكتىن، نادېژدامۇ ئىككى ئوتلاپ قويدى، ئۈستەلدىكى يېمەكلىكلەردىنمۇ تېتىپ باقتى، يېمەكلىكلەر بەك مول ئىدى، ھەتتا يوغان ئەينەك تەخسىدە بېلىقمۇ بار ئىدى، ئەمدى نادېژدانىڭ قورسىقى ئاچمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈستەلنىڭ يېنىدىن نېرىغا باردى-دە، ئەمدى ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ، دېدى. بىراق، يېنىدىكى ئادەم بىلەن گوشامۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە بىردەم ئولتۇرسىڭىز دەپلا تۇرىۋالدى، ئاخىر نادېژدانىڭ ئاچچىقى كېپقالدى. ھېچ ئىلاج بولماي، ئۇلار نادېژدانى كۆپچىلىك بىلەن ئاخىرقى بىر رومكىنى بىللە ئىچىۋېتىشكە تەكلىپ قىلدى، نادېژدا ئىچىۋېتىپ قۇتۇلايچۇ دېگەن ئوي بىلەن ماقۇل بولدى. نادېژداغا بىر رومكا ھاراق تۇتقۇزۇپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ بىلەن رومكا سوقۇشتۇردى؛ نادېژدا

www.uyghurkitap.com

ھاراقنى غۇرتتىدە ئىچىۋەتتى، ھاراقىتا ھەم تاتلىق، ھەم قېرىق، كۆيدۈرگۈچ بىرنەرسە باردەك تۇيۇلدى؛ كەينىدىنلا ئۇنىڭ نەزىرىدە چىراغلار، ئادەملەر، تام-تورۇسلار پىرقىراپ، لىڭشىپ كەتتى؛ كىشلەرنىڭ گەپ قىلىشقان ئاۋازلىرى مېڭىسىنى غوڭۇلدىتىۋەتتى. ئەرلەر ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ يۇرۇپ سافا كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى، ئۇ بېشنى ئېگىپ، قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، ئاڭلىنار-ئاڭلانماس سۆزلىدى:

— ھەي، نېمە گەپ بۇ... نېمە گەپ... نېمە گەپ...

## 12

قاراڭغۇدا ئويغانغان نادىيژدا ئۆزىنى كىچىككىنە بىر ئۆيدىكى كارىۋاتتا ياتقان ھالەتتە كۆردى. بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ كېلىپ، كىيىملىرىنى تارتقۇشلىماقتا، يوتىسىنى سىلىماقتا، بۇ كىشىنىڭ تىنىقى نادىيژداغا ئىسسىق ئۇرۇلماقتا ئىدى، شۇ سەۋەبتىنمۇ ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ۋەھىمە ئىچىدە ھېلىقى كىشىنى ئىتتىرىۋېتىپ، كارىۋاتتىن تاقلاپ چۈشتى-دە، يۈگۈرۈپ ئىشىكنىڭ يېنىغا باردى.

— نېمە بولدى، ئاسلىنىم! — ئەركىشىنىڭ پەس بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى، — يېنىمغا كەلگىن...، — ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارانلا پەرق ئەتكىلى بولىدىغان دېرىزىنى تېنى بىلەن توسۇۋېلىپ، قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولدى.

— يوقال! — دەپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ، تامغا چىڭ يۆلىنىپ تۇرۇپ، كۈچ بىلەن ئۇنى ئىتتىردى نادىيژدا. نادىيژدا

ئىشىك تۇتقۇچىنى تېپىۋېلىپ، ئىشىكنى كۈچەپ بىرلا تارتتى-دە، سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

قېيىن دەرىخىغە ئورنىتىلغان رەڭدار چىراغلار تېخىچە يېنىقلىق ئىدى، چوڭ ئۆي چىراغنىڭ نۇرىدا گاھ غۇۋالىشىپ، گاھ يورۇپ تۇراتتى. سافا كارىۋاتتا كىمدۇ بىرى قىمىرلىماقتا ئىدى. ھېلىقى ئەركىشى نادىيژدانىڭ كەينىدىن چىقتى ۋە ھە دەپ غوتۇلدىدى:

— توختاپ تۇرغىنا ئاپپىقىم، قورقما، نېمە قورقىسەن، سېنى يەپ كەتمەيمەنەي!...

نادىيژدا دەرھال تەخسە، چىنە، رومكا، ئىستاكانلار قالايمىقان تۇرغان ئۈستەلنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئۆزىگە قورال بولغۇدەك بىر نەرسە ئىزدىدى. ئۇنىڭ قولىغا مايلىشىپ كەتكەن، پاسكىنا ۋىلكا چىقتى. ئۇ ۋىلكىنى چىڭ تۇتقىنىچە كەينىگە ئۆرۈلدى. ئۇنى بۇ ھالدا كۆرگەن ئەركىشى يېقىن كېلىشكە پېتىنالماي، ئىككى چامدام نېرىدا توختىدى. نادىيژدا ئۇنىڭ ھېلىقى يېنىدا ئولتۇرغان بۇرۇتلۇق كىشى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. بۇرۇتلۇق كىشىنىڭ كۆزلىرىدىن قاراڭغۇدا ئەجەل نۇرى چاقنايتتى.

— ئەجەبمۇ چىرايلىق ئىكەنسەن، ساڭا كۆيۈپ قالدىم جۇمۇ! — دېدى ئەركىشى قاپقارا كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ.

— يېقىن كەلگۈچى بولما، ئىپلاس لۈكچەك! — دېدى نادىيژدا پەس ئەمما قەتئىي ئاۋازدا، ئاندىن ۋىلكىنى تەڭلەپ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى.

بۇرۇتلۇق كىشى ئىككى-ئۈچ قەدەم كەينىگە داجىپ توختىدى-دە، يەنە كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ، تۈكۈرۈكىنى يۇتۇۋېتىپ، بوغۇق ئاۋازدا:

— بىردەم ئولتۇرايلى... بىردەم ئولتۇرساقچۇ، — دېدى.
— ئۇنىڭغا چېقىلما! — سافا كارىۋاتتىن ئەر كىشىنىڭ ھالسىز ئاۋازى كەلدى.

نادىژدا كەينىگە بۇرۇلدى-دە، يۇگۇرۇپ دېگۇدەك كىيىم ئاسقۇچ قويۇلغان بۇلۇڭغا بېرىپ، پەلتوسىنى سىلاشتۇرۇپ يۇرۇپ تاپتى. ئۇ ۋىلكىنى قولىدىن-قولىغا يۆتكەپ تۇرۇپ پەلتوسىنى تېزلا كىيىپ بولدى-دە، ھايت-ھۇيت دېگۇچە سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئۇ پەلتوسىنى كىيىۋاتقاندا، ئەرلەرنىڭ كۇسۇلداشقىنى ئاڭلاندى:

— ئۇنىڭغا يۇمشاقلىق قىلىپ نېمە كەپتۇ؟...
— بۇنداق نېرۋىسى ئاجىزلارغا چېقىلمىغان تۇزۇك...

تالادىكى ساپ ۋە سوغۇق ھاۋا نادىژدانى سەگەكلەشتۇردى. ئۇ قار بېسىپ كەتكەن تار يولدا قار كېچىپ كېتىۋاتاتتى، قاپقارا ئۆيلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ھە دەپ غۇڭشۇپ قوياتتى: "ۋاي ئانام بۇ نېمە ئىش!... ئولېگ، ھەي ئولېگ!... مېنى كەچۇر، ئولېگ!..." تار يول دەرەخلىككىچە باراتتى. ئۇ ئىختىيارسىز يەنە يۇز چامدامچە ماڭدى-دە، پۇتلىرى سىيقىراپ ئاغرىپ، ھېچ مادارى قالماي توختىدى. مۇدۇر-مۇدۇر دەرەخكە يۆلىنىپ، بېشىنى سىلىپ ئۇزاققىچە، خېلى بىر چاغلارغىچە تۇردى، كۆز چاناقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلگىلى تۇردى. ئاندىن ئۇ دەرەخ يېنىدا قاردىلا ئولتۇردى.

ئۇنىڭ كاللىسىدا تۇرلۇك خىياللار ئۇزەتتى: "نېمىدېگەن سەتچىلىك، قانداقمۇ يۇزۇمنى كۆتۇرۇپ يۇرەرمەن، ئاھ ئىگەم!... ئولېگنىڭ چىرايىغا قانداقمۇ قارارمەن، ئۇنىڭغا نېمە دەرمەن؟..." ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىقى قاپقاراڭغۇ كىچىك ئۆي، ھېلىقى كارىۋات ۋە

بەدەنلىرىنى سىپىلاشتۇرغان قول، ئەركىشىنىڭ پىچىرلىشى كەلدى-دە، سەسكىنىپ تىترەپ كەتتى. "مۇشۇنداقمۇ پەسكەشلىك بولامدۇ... ئاھ! قانداق قىلاي؟... ھېچنەگە بارمايمەن، مەشەدە توڭلاپ ئۆلگەنىم تۈزۈك...دىنائىدا قەيەردە، دىنائىدا نەگە كەتكەندۇ؟... ھەي، پەس، مېنى قارا ئادەم قىلىش ئۈچۈن ئەتەي ئالداپ ئەكەپتىكەن ئەمەسمۇ!... بۇ نىمىلەر، بۇ... مۇناپىقلار! بۇ نىمىلەرگە دىپلوم ئېلىشقا ياردەملىشىپ يۈرۈپتىمەن، بۇ ئەخمەقلەر بۇ قەغەزنى دالدا قىلىپ ئۆزىنىڭ رەزىللىكلىرىنى ۋە ئىپلاسلىقلىرىنى يوشۇرماقچى، بۇ قەغەزگە سۆيۈنۈپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى. بىراق، ئۇلارنىڭ كاللىسى مەينەتچىلىك بىلەن تولغان... ئۇلار توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىپ، ئاياللارنى ئازدۇرۇپ ئويناپ ۋە خوتۇنىنى مەن ساڭا ئانداق سادىق، مانداق ساداقەتمەن دېگەندەك كۈلكىلىك گەپلەر بىلەن ئالداپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ... بۇ نىمىدېگەن پەسكەشلىك؟! زادى قانداق ياشاش كېرەك؟! بۇنداق كېتىۋەرگەنىنىڭ ئاقىۋىتى نىمە بولىدۇ؟...".

بىراق، مېنىڭ ئۇلارنى مەنسىتمىگۈدەك نىمەم بار؟ ئۆزەم قانداق؟ باشقىلاردىن ياخشىمۇ؟... پۇلنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتىم، نەپسانىيەتچىلىك قىلدىم، ئۆزەمنى تۇتۇۋالالمىدىم... خوپ بولسۇن، مەنمۇ ئاشۇلار بىلەن بىر قاتاردىكى ئادەم...دەپ ئويلىدى ئۇ.

دەرەخنىڭ كەينى تەرىپىدە تاش يول بولسا كېرەك، ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى چىرىغى ۋال-ۋۇل قىلىپ قالدى. بىرەر ماشىنىغا چۈشۈپ بۇ يەردىن كېتىشىم كېرەك، يولغا بېرىپ پىكاپ توساي، شوپۇر قانچە پۇل ئالىمەن دېسە شۇنچە پۇل بېرەي، ئون، ئون بەش رۇبلى ئالسىمۇ مەيلى... شوپۇر چاتاق چىقارسىچۇ، — شۇنداق



www.uyghurkitap.com

مۇتتەھەم ئۇچراپ قالىدىغاندەكلا تۇرىدۇ! ــ پۇلنى تېخىمۇ جىق بېرىمەن، پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان بۇ نېمىلەرنى پۇل بىلەن باپلاشتىن باشقا چارە يوق! نادىرژدا يېنىغا قارىۋىدى، سومكىسى يېنىدا يوق، بايىقى ئۆيدە قېپتۇ. سومكىدا ھېلىقى شورى قۇرغۇر ئاتمىش روبلى بار ئىدى. ئۇ يانچۇقلىرىنى كوچىلاپ چىقتى... بۇ نېمىدۇ؟ ئوھو! ھېلىقى ۋىلكا، نېمە دەپ ئۇقىتۇرۇشى تەس بولغان ۋىلكا. ھوي، ماۋۇ يەردە پارچە پۇل بار ئىكەن. ئىچ يانچۇقتا ئۈچ روبلى باردەك تۇراتتى. ھەممىنى قاتسام تۆت روبلى چىقىدىغان بولدى. كەملەپ قالسا، ئۆيگە بارغاندىن كېيىن بېرەرمەن. ۋىلكنى تاشلىۋەتمەي تۇراي، يەنە بىرەر ۋەقە بولۇپ قالسا لازىم بولىدۇ. ئۇ سائەتكە سىنچىلاپ قارىدى، توققۇزغا ئاز قاپتۇ. ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىغان، ساپ ھاۋا دىماققا ئۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردىن، ئاق قاردىن لىباس كىيگەن بۇ ئورماندىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى... ئەمما، كەتمەي بولمايدۇ. ئولېگقا نېمە دېسەم بولار؟ راستىنى ئېيتاي، ئەپۇ قىلامدۇ، قىلمامدۇ، بۇنىسى ئولېگنىڭ ئىشى... ئولېگ، سەن ھەقلىق بولۇپ چىقتىڭ، سەن ئۇتۇپ چىقتىڭ... دەپ ئويلىدى نادىرژدا.

نادىرژدا ئورنىدىن تۇرۇپ، باياتىن يورۇق كۆرۈنگەن جايغا قاراپ ماڭدى، ئۇ پات ـ پات ئۆتۈكىنىڭ ئىچىگە كىرىدىپ كەتكەن قارنى تۆكۈۋېتىپ، يەنە ماڭاتتى.

## 13

تاش يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، ئالدىدىن كېلىۋاتقان ماشىنا

چىرىغى نادېژدانىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىۋەتتى، ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇردى-دە، سول قولىدا كۆزىنى توسۇۋېلىپ، ئوڭ قولىنى كۆتۈردى. پىكاپ سەت چىرقىراپ تورمۇزلاندى-دە، قارلىق يولدا شىپىلدىغان چاق نادېژدانىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ پىكاپنىڭ ئالدى ئىشىكىنى ئېچىپ، شوپۇرنى ئوچۇق كۆرۈۋالاي دېگەن ئوي بىلەن ئېڭىشتى-دە، قەتئىي تەلەپپۇزدا دېدى:

— ئىشىم بەك ئالدىراش ئىدى، مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويسىڭىز.

— مېنىڭمۇ ئىشىم بەك ئالدىراش، — پىكاپتىن ئەركىشىنىڭ مۇلايىم ئاۋازى كەلدى.

— ھەققىڭىزنى بېرىمەن، مەندە پۇل بار، — ئەمدى نادېژدانىڭ ئاۋازى بايىقىدەك كەسكىن ئەمەس، يېلىنىش تەلەپپۇزىدا چىقتى.

— چىقىڭ.

نادېژدا شوپۇرنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، ئىشىكنى ياپتى. شوپۇر ئۇنىڭغا بۇرىلىپ، يېقىن سۇرۇلۇپ، قولىنى ئۇزارتىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئاندىن باشقىدىن ھەم ياپتى. بۇ چاغدا نادېژدا ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ، دۈگدىيىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى، ئۇ بەك قورققانىدى.

— ئىشىك ئوبدان ئېتىلمەيدۇ، — دېدى شوپۇر، ئاندىن پىكاپنىڭ موتورىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى، — رەھمەت سىزگە، پۇلىڭىزنى ئالمايمەن. نەگە بارىسىز؟

نادېژدا نەگە بارىدىغانلىقىنى مىڭ تەستە ئېيتىپ بەردى.

— ئوھو، قوشنىكەنمىزغۇ! يېرىم سائەتتە يېتىپ بارىمىز، —

دىدى شوپۇر خۇشال كەيپىياتتا.

پىكاپ يولغا چىقتى، پىكاپنىڭ ئىچى ئىسسىق ۋە ئازادە ئىدى، نادىرژدا قورققانلىقىدىنمۇ، ياكى باشقا... بەلكىم قورققانلىقىدىن بولسا كېرەك، دىرىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

ــ نېمە بولدىڭىز، بىتاپ بولۇپ قالغانمۇ؟ ــ دەپ سورىدى شوپۇر ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

نادىرژدا بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمىدى، ئەسلىدە ئەدەب-قائىدە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، سوئالغا جاۋاب بېرىشى، شوپۇرغا گەپ قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما هازىر ئۇنىڭ چىشلىرى غىچىرلاپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالغانىدى.

ــ خېلى يۈرەكلىك ئوخشايسىز، ــ شوپۇر يەنە گەپ باشلىدى، بۇ چاغدا پىكاپ شەھەر يولىدا كېتىۋاتاتتى، ــ ئايال كىشى كۈن مۇشۇ چاغ بولغاندا يالغۇز يۈرسە، يەنە كېلىپ ئورماندا يالغۇز يۈرسە، بۇ تازا خەتەرلىك. تېخى يېقىندىلا بىر ۋەقە چىقتى، ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟...

نادىرژدا تۇيۇقسىز ئىسەدەپ كەتتى-دە، دەرهال ئاغزىنى قولىدا ئېتىۋالدى. شوپۇر ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىۋېلىپ، دەككە-دۈككە بولۇپ سورىدى:

ــ نېمە بولدى، بىر يېرىڭىز ئاغرىمىدۇ؟

ــ ئە... ئەپۇ قىلىڭ... ــ نادىرژدا يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولدىيۇ، بىردىنلا ئۇن سېلىپ ھېقىقلاپ يىغلاپ كەتتى، ــ مەن دەسلەپتە سىزدىن... سىزدىن قورققان... ئەپۇ... ئەپۇ قىلىڭ...

نادىرژدا كۆز يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى دۇدۇقلاپ، ئاندىن بىردىنلا ئىتتىك-ئىتتىك، تاغدىن-باغدىن

www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ بەردى: ئېرى كېسەل بولغانلىقتىن، پۇل تاپىمەن دەپ باشقىلارغا ماقالە يېزىپ بەرگەنلىكى، بىر ھەمراھىنىڭ بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئۇنى داچىغا ئالداپ ئېپكەلگەنلىكى، بىر ئەرنىڭ ئۇنىڭغا يېپىشىۋالغانلىقى، ئۆزىنىڭ بولسا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ چىققانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى، ئاندىن شوپۇرنى ماختاپ، سىز ئىشەنچلىك، ياخشى ئادەم ئىكەنسىز، بىز تونۇشمىساقمۇ، سىزگە بولغان ئىشنى تولۇق سۆزلەپ بەردىم، بۇنىڭ ئۈچۈن خىجالەت بولمايمەن، دېدى.

— شۇنى دېمەمسىز، — دېدى شوپۇر ئۇنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن، — ھازىر دۇنيادا تېخى بىرمۇنچە مۇناپىقلار بار. ئۇنداق ئادەملەر تېخى كۆپ. ھەيرانمەن، بۇ ئادەملەر نەدىن چىقىپ قالىدىغاندۇ؟ نېمىشقا يەنە شۇنچە جىق؟! ئەمما، سىز مەيۈسلىنىپ كەتمەڭ، ھامان ياخشىلار يامانلارنى بېسىپ چۈشىدۇ ئەمەسمۇ! بىز چوقۇم ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز...

"غەلىبە قىلىمىز" دېدىمۇ، ياكى "بۇ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىمىز" دېدىمۇ، نادېژدا چۈشىنەلمىدى، ئۇ ئاخىرقى يىغىنىڭ ئىسەدەشلىرىدىن كېيىن كۆلۈمسىرەپ قويىدى-دە، شۇ زاماتلا باشقا ئىشلارنى ئويلىدى، ئۆيىنى ئويلىدى، بارا-بارا قورقۇنچىسىمۇ تۈگىدى. ئەمما شوپۇرنىڭ سۆزى داۋاملاشماقتا ئىدى، شوپۇرنىڭ ساددا، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن قىلىۋاتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ قولىقىدىن كەتمەيتتى، بۇ شوپۇر بۇرۇن ئىشچى بولغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كېتىۋېتىپ، نادېژدا بارا-بارا تىنچلاندى، گويا ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدىغان بۇ ناتونۇش ئادەم نادېژدانىڭ ئەتراپىغا

مۇستەھكەم ۋە ئىشەنچلىك سېپىل سوققاندەك بولۇپ تىنچلاندى.

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇللا ئابلىز**
تەرجىمە مۇھەررىرى: **ئوسمان موللەك**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل كوررېكتور: ھەمرا ھاسىل

گۈلىستان (12)
(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
ۋە نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1987 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1987 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.97 يۈەن

花　坛
(12)
(苏联小说选译)
(维吾尔文)
民族出版社编辑出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米 1/32　印张：9 1/2
1987年10月 第1版
1987年10月北京第1次印刷
印数：0001—3,000册　定价：0.97元
书号：M 10049(4)221

www.uyghurkitap.com



书号：M10049(4)221
定价： 0.97元